
1

1980



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

# 1

AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئۈرۈمچى 1980

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 1- سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980- يىل 8- ئاي 1- نەشرى

1981- يىل 1- ئاي 1- بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098·376

باھاسى: 0٫66 يۈەن

AltunOq

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى — «بۇلاق» نىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن بىزنىڭ كۆڭلىمىز ياشناۋاتقان ئەدەبىي سەنئەت گۈلزارىمىزغا يېڭى ھەسسىدىن قوشۇلغۇسى، خەلقىمىز ئۈچۈن يەنە بىر مەنىۋى ئوزۇق ھەدىيە قىلغۇسى. مەن «بۇلاق» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مىللىتى ھەم ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا، يارقىن مەدەنىيەتكە، مول ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە. بۇ ئەدەبىي مىراسلار، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات غەزىنىسىنىڭ ئېسىل بايلىقى. پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى «قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش تىرىشچانلىقى كۈچەيدى، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى بېيىتىپ، مەملىكەتمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆپچىلىكنىڭ ۋە بۇ ساھەدە
ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئەجىر قىلىپ كېلىۋاتقان تەتقىقات-
چىلارنىڭ دادىل شەرھىلىشى، ماركسىزملىق مەيدان،
نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنى چىڭ تۇتۇپ، كىلاسسىك
ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىنى
توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىنى [illegible] بۇ جەھەتتىكى
تەتقىقات خىزمىتىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇ-
رۇپ، [illegible] زامانلار [illegible]
ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشىمىزغا خىزمەت قىلدۇرۇش
يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.
«بۇلاق» نىڭ [illegible] بولدۇقلارغا
چىقىپ تۇرۇشىغا، ياخشى چىقىشىغا تىلەكداشمەن.

ئىسمائىل ئەھمەد
1980 - يىل 9 - ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارىنى
قىزغىن كۈتۈۋالايلى...... **مەمتىمىن يۈسۈپ** 1
ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز...... 9
...... **ئىمىن تۇرسۇن**
زەلىلى ۋە ئۇنىڭ «سەپەرنامە» سى ...... 76
...... **ئابدۇشۈكۈر تۇردى**
غېرىبى (تۇردۇش ئاخۇن) ۋە ئۇنىڭ ئەسە-
رى — «كىتاپ غېرىپ» ...... **ئابدىرىشىت ئىسلام** 114
«مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» دىن پارچىلەر ... 143
...... **ئا. ت. ئۈتكۈر**
ئەخمەتشا قارىقاشى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر مۇخەممىسى 162
...... **تۇردى سامساق**
«ئىرق پۈتۈك» ...... **ئىبرايىم مۇتئى** 174
«ئەپسانە ۋە رىۋايەت»...... **تۇرغۇن ئالماس** 186
«راك» مۇقامىغا سېلىنغان كىلاسسىك شېئىرلاردىن
تاللانمىلار ...... 205
ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى توغرىسىدا...... 213
...... **غوجەخمەت يۈنۈس**
موللا زەيدىن گەپچى ...... **مەخمۇت زەيدى** 222

ئاتا ۋەسىيىتى (چۆچەك) ........................... 242
ئىلى خەلق تېزى قوشاقلىرى ..................... 256
لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى .............. **مەرسۇلتان** 268
خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ........................... 307
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتولوگى.......... 311
.................................. **هاجى نۇراجى**
ئادەتتە ئۇچرايدىغان ئەرەپ ـ پارس سوزلىرىگە
قىسقىچە ئىزاھات ................................. 357

www.uyghurkitap.com

# كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارىنى قىزغىن كۈتۈۋالايلى

**مەمتىمىن يۈسۈپ**

ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىشۋاتقان 80-يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى — «بۇلاق» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى كىشىنى خوشال قىلىدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىش. ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا بېسىلغان بىر دادىل قەدەم.

دېڭ فۇجۇشى جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ: يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نەزىرىيە، ئىدىيە، سىياسى جەھەتتىن ئېنىق فاكچېن كۆرسىتىپ بەردى. بىز كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا مۇشۇ فاكچېننى قىبلىنامە قىلىمىز.

مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس فېڭ جىياشېڭ: "شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن" دەپ



AltunOq

كۆرسەتكەن. بىز مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئاساسىدا، قەدىمكى زامان، يېقىنقى زامان كىلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىمىزنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىپ، زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، كونىدىن يېڭىنى يارىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. ئىلىم-پەن تەتقىقات خىزمىتىمۇ يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. پۈتۈن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۆتكەلدى. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ”مەدەنىيەت رايونى“ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. كۆمۈلۈپ ياتقان مول ۋە قىممەتلىك بايلىقنى خەلققە تەقدىم قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. بىز چوقۇم ”مەدەنىيەت رايون“ نى يېڭى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت گۈلزارىغا ئايلاندۇرالايمىز.

بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز پرولېتارىياتنىڭ باي، جەڭگىۋار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىش داۋامىدىكى ئۇلۇغ كۈرىشىنى، خەلقنىڭ تارىختىكى ئۇلۇغ رولىنى، بايلىق يارىتىشتىكى ئىجادىي روھىنى ئىلمىي ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلىنىش.

www.uyghurkitap.com

لېنىن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ”پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللىقاندان نامەلۇم جايلاردىن كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا، ئۆزلىرىنى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىنلا ئويلاپ چىقىرىلغان نەرسىمۇ ئەمەس، شۇنداق دەپ ھېساپلاش پۈتۈنلەي خاتا. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزىم جەمىيىتى، فېودالىزىم جەمىيىتى ۋە تورىلەر جەمىيىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا يارىتىپ چىققان پۈتۈن بىلىم زاپاسلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى كېرەك“ دەپ كۆرسەتكەن.

مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زورۇر شەرتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.

يولداش ماۋزېدۇڭ: ”بىز بارلىق ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم“ دېگەن ئىدى.

ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ بىر دۆلەت. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى مول ۋە رەڭگا - رەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ۋەتىنىمىزدىكى قىممەت باھالىق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت غەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەت

باھالىق بايلىقتۇر. بىز ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىسىل مىراسلارنى قالدۇ-
رۇپكەتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر، شائىر، ئالىملىرىمىز ئىلمىمىزنىڭ باشقا
ئاتاقلىق ئەدىپلىرى بىلەن بىر قاتاردا دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخى-
دىمۇ ئالاھىدە چوڭ شوھرەت قازىنىپ كەلمەكتە. ئۇزۇن زامانلاردىن
بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئوغۇزنامە»، «دىۋان لۇغەت تۈرك»،
«قۇتاتقۇبىلىك»كە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئول-
مەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەسەرلىرىمىز بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

مانا بۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بەدىي، ئىلمىي-
نەزىرىيىۋى ئەسەرلەردە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى رىيال
ھايات، غايە-ئىدىيە، قانۇن نەزىرىيىلەر چوڭقۇر چۈشەندۈرۈلگەن
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مول بەدىي ئىستىداتمۇ ئۆزىنى كور-
سەتكەن. كىشىلەر قەدىمقى دەۋردىكى مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىز-
نىڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىنى قانچە
ئوقۇسىمۇ زېرىكمەيدۇ. سەۋىۋى، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىلمىلىققا ئىگە
ئىكەنلىكىدە؛ شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى چىن-
لىق بىلەن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدە.

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن
تارىخىي جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۇر-
مۇشى ۋە كۈرىشى بىلەن زىچ باغلانغان نۇرغۇنلىغان ئەپسانە،
رىۋايەتلىرى بار. تارىختىكى زور ئۆزگىرىشلەر، زور يېڭىلاش
ھەركەتلىرىدە نۇرغۇن قەھرىمان شەخسلەر، مۇتەپەككۇرلار، شا-
ئىرلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، ئەدەبىيات-سەنئەت ئالىملىرى
مەيدانغا كەلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ تارىخىي دەۋرلەردە
مەلۇم ئىلغار روللارنى ئوينىغان، بىز ئۇلارغا تارىخىي ماتىرىيالىزم
نۇقتىنەزىرى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي باھا بېرىشىمىز كېرەك.

ستالىن: يازغۇچىلارغا "ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى" دەپ

باھا بەرگەن. بۇ ئىنتايىن توغرا، ئۇلۇغ باھادۇر.

ماركس 1844 - يىلى يازغان «ئىقتىسادىي ئىلىم پەلسە-پىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: "ئىنسان ئىلمى"نى ئوتتۇرىغا قويغان. "ئەدەبىيات ئىنسان توغرىسىدىكى پەن" دەپ كورسەتكەن. ماركس ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان "ئىنسان ئىلمى"نى تارىخ ئىلمى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن بىۋاستە باغلىغان.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات خىزمىتى — يېڭى دەۋردىكى پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان يېڭى ئا-دەملەرنىڭ، ھەرقايسى سەپلەردە جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلار-نىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-نىيەت گۈلزارىنى يارىتىشتا ئۈچ چوققىغا چىقىشىمىز كېرەك. بۇ ئىدىيە - نەزەرىيە چوققىسى، ئىلىم - پەن چوققىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت چوققىسى. بۇ ئۈچ چوققىغا يېتەلمىسەك، 4 تە زامانىۋى-لىشىش بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

80 - يىللار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە يېڭى چوققىغا قاراپ قەدەم تاشلىشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر-لىرىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تونۇشى ۋە تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى زامان ئەدە-بىيات نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، 11 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەشھۇر مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى، 13 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق شائىر ئەخمەت يۈكنەكى، 15 - ئەسىر-دىكى مەشھۇر شائىر ناۋايى، لۇتفى...... 17 - 18- ئەسىرلەردە

ياشغان زەللى، خىرقىتى، نوبىتى، نازارى قاتارلىق ئەدىپلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك نۇقتىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. بىز بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىمىزنى تېخى ئەستايىدىللىق بىلەن سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بارالمىدۇق.

لىن بياۋ، ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن يىللاردا بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىز ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدى. نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بايلىقلىرىمىز يوقالدى، تەتقىقاتچىلىرىمىز كاردىن چىقىرىلدى. بىز بۇ ئېچىنىشلىق تەجرىبە - ساۋاقنى ئەستە مەھكەم تۇتۇشىمىز، بۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىمىزدە سولدىن ياكى ئوڭدىن كېلىدىغان ھەر خىل كاشىلىلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ماركسىزىمنىڭ تارىخىي نۇقتىنەزىرى بويىچە كۆپلىگەن پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، كونكرېت ۋە تارىخىي رەۋىشتە تەھلىل، تەتقىق يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. لىن بياۋ، ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ فاشىستلىك دىكتاتۇرىسى ھۆكۈم سۈرگەن ئون نەچچە يىلنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئازاتلىقتىن بۇيانقى 30 يىل جەريانىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئەدەبىي مىراسلارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتلىرىدە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىز تېخى تولۇق بولمىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇ-

www.uyghurkitap.com

نىيىتىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تونۇش ۋە يەكۇنلەش — سوتسىيالىستىك
يېڭى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك مىللىي ئالاھىدىلىككە
ئىگە ماركسىستىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. لېكىن بىز قەدىمقى زامان ئەدەبىي - سەنئەت
مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەلۋەتتە ماركسچە مەيدان، كوز-
قاراش ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىلمىي يەكۇن
چىقىرىپ، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.
بۇ يەردە ئۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇچۇن
خىزمەت قىلدۇرۇش كوزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا كىلاسسىك ئەدەبىيات
تەتقىقاتىمۇ سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەركىۋى
قىسمى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسى مۇلۇك ۋە دولەتنىڭ
كېلىپ چىقىشى»، «لىيودۋىگ فېيرباخ ۋە نېمىس كىلاسسىك پەلسە-
پىسىنىڭ ئاخىرى» دىگەن ئەسەرلىرىدە تامامەن تارىخىي ھادىسىلەر-
نى تەتقىق قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى "قەدىمقى"
بولغانلىقى بىلەن ئۇ ماركسىزىمنىڭ مۇھىم كىلاسسىك ئەسەرلىرى
قاتارىغا كىرەلمەي قالغىنى يوق. ئىلمىي تەتقىقات ئوبيېكتى جە-
ھەتتىن ئېيتقاندا، "قەدىمقى 'بىلەن' ھازىرقى"نى مۇناسىۋەتسىز
دەپ قاراش، ئەمەلىيەتتە بىر خىل مېتافىزىكىلارچە كوزقاراش
ياكى تارىخنى ئىنكار قىلىش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا تەتقىقات
خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتا، بىزدە تەكرار ئۇگىنىش، يۇكسەك ئىلمىي
تەلەپچانلىق پوزىتسىيىسى بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا
قەدىمقى زامان كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كەڭ قانات
يايدۇرۇشتا بىر ھەقىقى ئىلمىي يول ئېچىپ، يېڭى ۋەزىيەت
يارىتالايمىز.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىنكى بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىلىم - پەن، تەتقىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىدە جانلىنىشلار بارلىققا كەلدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بۇ ساھەدىكى جىنايەتلىرى ئېچىپ تاشلاندى، جەمئىيەتتە ياخشى كەيپىيات يارىتىلدى. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى خادىملارنىڭ ئالدىغا يېڭى، ئورۇنلىمىسا بولمايدىغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلەر كەينى - كەينىدىن قويۇلماقتا. 1500 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى توپلىنىپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى، ھازىرقى ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى يوقىلىش ئالدىدا تۇرغاچقا بىزنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزنى كۈتمەكتە......

ھازىرقى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بېيىتىش، يېڭىنى يارىتىش خىزمەتلىرى ئىنتايىن جاپالىق، سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت ۋە پۇختىلىق، جاۋاپكارلىق، قىسقىسى ئىنقىلاۋىي روھ ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بارلىق تەتقىقات خادىملىرىمىز، كەڭ ئامما پارتىيە رەھبەرلىكىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق كىلاسسىك ئەدەبىيات - تەتقىقات خىزمىتىدە چوقۇم زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يېڭىدىن - يېڭى تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.

كىلاسسىك ئەدەبىيات - تەتقىقات خىزمىتىدە قولىدىن ئاز-تولا ئىش كېلىدىغان يولداشلارنىڭ ھەممىسىنى «بۇلاق» ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىمىز. «بۇلاق» قايناپ - ئېتىلىپ ئېقىپ تۇرسۇن، يېڭى دەۋرىمىز ئۈچۈن مول مېۋە - شەرۋەت بەرسۇن!......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز

## ئىمىن تۇرسۇن

ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتە تارىخى ئەڭ ئۇزاق مىللەتلەردىن بىرى، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭمۇ ئەڭ قەدىمقىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆز بېشىدىن ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى كەچۈردى؛ بۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت - سەنئەتنى ياراتتى؛ شۇنداقلا، ئۇلۇغ، شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ باي غەزىنىسىگە ئۇزاق تارىخلىق خەلق بولۇشىغا مۇناسىپ چوڭ ھەسسىلەرنى قوشتى.

بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتلىرى ئورتاق تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۆزگىچە مىللىي شەكلى ھەم مىللىي ئۇسلۇبى بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر بەلگىلىگەن؛ شۇڭا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە يېڭىلىقلارنى تېز قوبۇل قىلىش ئادىتى سەۋەبى بىلەن، شەرق - تىن — ئىچكى ئۆلكىلەر مەدەنىيىتىدىن ۋە غەربتىن — ئارىيانلار ياكى ھىندۇ - ئىران ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىدىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە، ئالاھىدە تىپتىكى يەنى مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ كەڭ ۋە پارلاق بىر تەركىۋى قىسمىدۇر.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمى قىياپىتىنى، تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش خىزمىتى قەدىمقى دەۋر مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇبدان ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاش - تۇرۇشتا ۋە جارى قىلدۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەن - ئەتنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئۆتكەن زاماندا خەلقىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەدەبىي مىراسلارنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش زورۇر. بۇ ھەقتە، ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن نۇرغۇن ئىشلار قىلىندى. كومۇلۇپ قالغان ياكى ئىزى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بىرمۇنچە ئەدەبىي مىراسلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ناھايىتى ئاز بىر قىسمى مەتبۇئاتتا كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى. لېكىن، لىن بياۋ ھەم "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى فاشىستلىق دىكتاتۇرىسى ھەم ئوڭ ۋە "ئىنتايىن سول" لۇشيەنلەرنىڭ كاساپىتىدىن ۋە بۇزغۇنچىلىق سېپىلىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئەمدىلا يورۇقلۇققا چىققاي دىگەن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بەربات بولدى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرى -

مىزدىن (يازما يادىكارلىقلار) مەلۇم بولغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەتئەل "ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى" ياكى "دىپلوماتلىرى" تەرىپىدىن تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تولىسى ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس، چەتئەللەرنىڭ كۇتۇپخانا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. شۇڭا، بەزى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ناملىرى ۋە قىسمەن مەزمۇنلىرى بىلەن پەقەت ۋاستە ئارقىلىقلا خەۋەردارمىز. خەلقىمىز ياراتقان بۇ ئەدەبىي مىراسلارنى شۇ خەلقنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادى ۋە ھەقلىق مىراسخورلىرىغا تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ رەت قىلغۇسىز قەرزىمىزدۇر.

1

قەدىمقى جەمىيەتتە ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتورال ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمقى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتمۇ ئەنە شۇ رېيال ئىقتىسادىي - ماددىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى كوچمەنچىلىك ھاياتى ئۇلار ئولتۇراقلىشىپ شەھەر مەدەنىيىتىنى ياراتقان چاغدىمۇ ئۆز تەسىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالغان. قەدىمقى دەۋردىكى ئەمگەكچىلەر رېياللىقتا يۈزلەنگەن، لېكىن فانتازىيىگىمۇ باي بولغان، ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىق روھىمۇ ئۈستۈن بولغان؛ شۇڭا ئۇزلىرىنىڭ ماددىي ھايات زېمىنىدە ياراتقان ئەدەبىيات - سەنئەتلىرىمۇ رېيالىزىم ۋە رومانتىزىم روھىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسى ئىدىيىنىڭ بېقىندىسى، دىنىنىڭ

مەھكۇمى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىياسىي - ئىدىيە ۋە دىنىنىڭ تەسىرى زور بولدۇ. بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدا بۇ تەسىر ئالاھىدە كۆرۈلدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى يازما ئەدەبىياتقا قارىغاندا بۇ جەھەتتىن ئەركىنرەك بولدۇ. قەدىمقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور ئاساسىي ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن، ئىپتىدائى ئەپسانە — ئاساتىرلار ئەدەبىياتى بىلەن تارىخ ئورگانىك يۇسۇندا بىرىكىپ كەتكەن. مەسىلەن، قەدىمقى دەۋردىكى ئەپسانىۋى قەھرىمان ئوغۇز توغرىسىدا داستان، «شو»، «قولباق»، «ئالپ ئەر توڭا» ياكى «ئەفراسىياپ» توغرىسىدىكى داستاننى ئالساق، شۇ زاماندىكى خەلقلەرنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرىنىڭ بەدىئى فانتازىيىسى ئىدى. كېيىن ئۇلار پۈتۈن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جاھانغا تونۇلدى.

ئىپتىدائى مەرسىيىلەر ۋە قەھرىمانلىق مەدھىيىلىرى ئاساسىدا، ناھايىتى نۇرغۇنلىغان ناخشا - قوشاقلار مەيدانغا كەلدى. ھەتتا، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ناخشا - قوشاق، ئۇسۇل - ئويۇن مەرىكە - بايرام، بەزمە - سورۇنلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭا، قەدىمقى دەۋر ناخشا - قوشاقلىرىدا رىيالىستىك ئامىللار كۈچلۈك ئىدى. خەلقنىڭ ھاياتىنى، ئەمگەكنى سۆيۈشى ۋە بەختلىك ئەتە ئۈچۈن تەلپۈنۈشى ئۇلارنى ئۈمىتۋارلىق بىلەن ياشاشقا ئادەتلەندۈرگەن. بۇ جەھەتتىن، قەدىمقى دەۋر ناخشا - قوشاقلىرىدا رومانتىك روھمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ناخشا - قوشاق، مۇزىكا - ئۇسۇلنى ئوزئارا بىرىكتۈرگەن ئۇيغۇر سەنئىتى بىلەن ئورتاق

قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېتەكچىلىك رولى ئۇيغۇر قەدىمقى دەۋر ئەدەبىياتىدا نامايەن بولغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ يىگانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتت تۈرك» تە يېزىپ قالدۇرغان قەدىمقى زامان خەلق قوشاقلىرى ۋە ئويۇن خىللىرى ئەنە شۇنى ئەستىقلايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، ماددى تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەنىۋى ھاياتى يارىتىلىدۇ. ھەر بىر تارىخىي دەۋردە يارىتىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ماددى ھاياتنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ماددى تۇرمۇش ئىجتىمائى تارىخىي تەرەققىياتلارغا تەسىر كۆرسىتىپ بارىدۇ. ماركسىزىمنىڭ چۈشەندۇرۇشىچە، "ئىش تەقسىماتى ئىلگىرىكى تارىخنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىدىن بىرى". جەمئىيەتتىكى ئىش تەقسىماتى ماددى پائالىيەت بىلەن روھى پائالىيەتلەرنى ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىشلىرىنى ئىمكانىيەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، رېياللىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتلىرىغا باغلىق ھالدا بىرقانچە خىل دەۋر ھەم باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دەرۋەقە، تەرەققىيات دەۋرى بولغىنىدەك، چېكىنىش دەۋرىمۇ بولغان؛ گۈللىنىش دەۋرى بولغىنىدەك، خاراپ بولۇش دەۋرىمۇ بولغان.

ئادەتتە، خرونولوگىيە پىرىنسىپى بويىچە، ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى بىرقانچە دەۋرگە بۆلۈنىدۇ: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادى 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋر — قەدىمقى دەۋر، مىلادى 8 ـ ئەسىردىن 18 ـ

ئەسىرگىچە بولغان دەۋر — ئوتتۇرا ئەسىرلەر، (بۇ دەۋرمۇ ئۈچ-كە بۆلۈنىدۇ) 19-ئەسىردىن 20-ئەسىر باشلىرىغىچە بولغان دەۋر — يېقىنقى زامان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى خەلق تارىخى بىلەن باغلىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ پرىنسىپنى ئەدەبىيات تارىخىغىمۇ تەتبىق قىلىشقا بولىدۇ.

قەدىمقى دەۋرگە خاس يازما مەنبەلەر بىزدە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. مىلادى 10-ئەسىردىن ئىلگىرىكى يازما مەنبەلەر ۋە ماددى-مەنىۋى يادىكارلىقلاردىن بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپىنچە شامان، بۇددا، مانى، نېستورىيان ۋە زارو ئاستىرىزىم (ئوتپەرەسلىك) دىنى چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىق بولغان.

"بارلىق ئەدەبىيات، تىل ۋە سەنئەتكە دائىر پائالىيەتلەرنىڭ كەينىدە دىنىي مەقسەتلەر بار ئىدى، بۇلار، ۋەيران بولغان ئىبادەتخانىلاردا قەدىمقى دەۋرنىڭ ھۆججەتلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. خىرىستىيان دىنىنىڭ كىتابلىرى، مانى دىنىنىڭ دۇئالىرى ۋە دۇرۇت-مۇناجاتلىرى، بولۇپمۇ بۇددا نوم-سۇترالىرى بۇ چاقىچە تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ"①.

قەدىمقى دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇيغۇرلار "تۇخار" ۋە "ئەنەتكەك" تىللىرىدىن نۇرغۇن دىنىي مەزمۇندىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى. "تۇخارلار" — ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە تارىمنىڭ شەرقىدىن پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ

① كارتېس «جۇڭگودا مەتبەئەنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى.»

كەتكەن ئـەڭ قـەدىمقى ئېتنىك تـەركىپلىرىدىن بىرى بـولۇپ، ئىلگىرى "يۇەچىلەر" دەپ ئاتـالغان ئىدى. "ئـەنـەتكەك" دەپ ئۇيغۇرلار سانسكرىت (قەدىمقى ھىندۇ تىلى) نى ئـاتايتتى، بـۇ تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان كوپىنچە "ئـۇدۇن" (خـوتـەن) تـىلى ۋاستە بولۇپ بېرەتتى. بۇ تـىللاردىـن تـەرجىمە قىلىنغان دىنىي كىتاپلاردىكى ۋەقـەلـەر بـايانلىرى، رىۋايـەت ـ قىسسەلەر بـارا ـ بارا تۇرمۇشتا كەڭ تارقىلىپ، ئۇيغۇر قەدىمقى يېزىق ئەدىبىياتى ـ نىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. بـۇنداق ئەسەرلـەردىن؛ دىداكتىك شېئىرىي ئەسەر «ئاراخاۋاركا» توپلىمى، «قالىيامـقارا بىلەن پاپامقارا» دىگەن ئىككى تىكىن (شاھزادە) ھەققىدە قىسـ ـسە، نەسرى ـ نەزمە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «چوڭ مايمۇن پاتمارال» داستانى، «خۇئاسـت تۇئانىفت» قەسىدىسى، «چـاستانى ئـىلىك بەگ» مۇناجاتى، «بـەخـتىيار شاھـزادە» ۋە «رەسـسام بـىلەن ياغاچچى» ھىكايىلىرى ۋە باشقىلارنى ئەسلەش مۇمكىن.

دەرۋەقـە، تارىخىي شەخسـلەرنىڭ يـادنامىلىرى سۈپىتىدە ئورنىتىلغان سـىنتاشلار، يـەنى ئـورخۇن ـ يـەنسەي بـويـلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار (مەسىلەن، مىلادى 712 ـ يىلى ئورنىتىلغان «تون يـوقۇق» نـامىدىكى سـىنتاش، 732 ـ يـىلى ئـورنىتىلغان «كول تىكىن» نـامىدىكى سـىنتاش، 735 ـ يـىلى ئـورنـىتىلغان «بىلگە قاغان» نـامىدىكى سـىنتاش، 759 ـ يـىلى ئـورنىتىلغان «مويۇن چۇر» نامىدىكى سىنتاش ۋە باشقىلار) تارىخىي شەخسـ ـلەرنـىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ۋەسىيەتلىرى ئەسـلىتىلىدىغان ۋەسىـ ـقىلەردۇر، بۇلار «تەزكىرە» ئـەدىبىياتىنىڭ قەدىـمقى زامـانىدىكى ژانىرلىرىغا ۋەكىل بولىدۇ.

10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئـۇچۇن قـارابالغاسۇن

سىياسى مەركەز بولسا، تۇرپان ئويمانلىقى مەدەنىيەت مەركىزى
ھېساپلىناتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر
دائىرىسىگە كىرگەن جايلار شەرقتە ئامۇر دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش
ئاغزىغىچە بولسا، غەرپتە قەدىمقى "تېلېلەر" نىڭ غەربىي تار-
ماقلىرى تارالغان كاسپىي كۆلىگىچە باراتتى. 9-ئەسىردىن
باشلاپ، ئۇيغۇرلار شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن-
دىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار يەنى خەنزۇچە تارىخىي مەنبە-
لەردە يېزىلىشىچە، "قوچۇ ئۇيغۇرلىرى" ("ئىدىقۇتلار") ئەرەپ
ۋە خۇراسان تارىخچىلىرىنىڭ كىتاپلىرىدا ئېيتىلىشىچە "توققۇز
ئوغۇزلار" تۇرپان-بەش بالىقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدە-
نىي مەركەز قىلدى؛ غەربىي ئۇيغۇرلار، يەنى خەنزۇچە تارىخىي
يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە "كۆكئارت (پامىر) ئۇيغۇر-
لىرى"، قەشقەر — بالا ساغۇننى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى-
يەت مەركىزى قىلدى.

## 2

10-ئەسىردە، ئىشلەپچىقىرىش بالدۇرقىدىن كۆپ تەرەق-
قىي قىلدى. يەنى، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت يۈكسەلدى،
شۇ ئاساستا، سودا-تىجارەتمۇ كەڭ راۋاجلاندى. بۇ چاغلاردا
ئۇيغۇرلارنىڭ سودا بازارلىرى غەرپتە شەرقىي رۇم، ئىران، ئەرەپ
ۋە ھىندىستانلارغىچە، شەرقتە لياۋ (قىتان)، شىمالىي سۇڭ ۋە
تاڭغۇت (غەربىي شيا) لارغىچە كېڭەيدى. پۇل-ئاقچە تۈزۈمى
مۇكەممەللىشىپ، تىللا، تەڭگە، مىس چاقا-ياماقلار، ھەتتا پۇل
ئورنىدا رەختتىن قىلىنغان ۋاستىلەر قوللىنىلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هالدا سودا كاپىتالى ناھايىتى تەرەققى قىلدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي سۇڭ، لياۋ بىلەن بولغان ئىقتىسادىي - سودا ئالاقىسى قويۇق بولدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن يەرلەر يوق دېيەرلىك دەرىجىدە بولدى.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە، مەدەنىيەتمۇ يۇقۇرى دەرىجىدە گۈللەندى. ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا، مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى كەڭ راۋاجلاندى. مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، مۇزىكا سەنئىتى ۋە سېركىچىلىك، كالىندارچىلىق جەھەتلىرىدە كۆزگە كورۈنەرلىك ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر يارال-دى. بولۇپمۇ، ئىچكى ئۆلكىدە كەشپ قىلىنغان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ راۋاجلان-دۇرۇپ، ئېلىپبەلىك يېزىق بويىچە مىخ مەتبە تېخنىكىسىنى ياراتتى ۋە ئۇنى غەرپكە، ياۋروپاغا تاراتتى.

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ تېمىسى ھەققىدە سوزلەشتىن ئاۋال، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ھەققىدە سوزلىمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلار، مەيلى مانى، نېستورىيان ياكى بۇددا ۋە ياكى ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلسۇن، دەسلەپ-تە، ئۇ دىنلارنىڭ ئاساسىي يەنى چوڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا بۇ دىنلارنىڭ بىرمۇنچە ئىپادىلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ سىڭگەن ھالدا داۋام قىلىۋەرگەن؛ ھەتتا باشقا دىنىي قاراشلارنى قاتتىق چەتكە قاقىدىغان ئىسلام دىنىغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق بولغان (ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تەسىرى بولغان پىرخونلۇقنى ئالساق، دۇئا - تىلاۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى شەكىل قىلغان

ھالدا، قەدىمقى شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان).
بۇ ھال ئىدىولوگىيە سېستىمىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئىدىيىلىرىدە ۋە ھەتتا ئەسەرلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلار يولۇقمىدى. قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى رەسمى دولەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە بولسا، تېخىـ مۇ شۇنداق ئىدى. بۇنىڭغا قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى ئىسىـ سىق كۆلنىڭ جەنۇبىي رايونىدا ياشىغان تۈركى خەلقتىن چىققان ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد (ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ) فارابى (مىلادى 870 — 950- يىللار) نىڭ ئىدىيە سېستىمىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

فارابىنى بۇ چاققىچە ئىلىم ئەھلى "ئەرەپ ئالىمى" دەپ تونۇپ كەلدى. چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تىلىدا يازغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ئىلگىرى ئۇنىڭ مىللى كېلىپ چىقىشى ۋە يۇرتى بىلەن ھېساپلاشمايلا، "ئەرەپ ئالىمى" دەپ ھېساپلىغان.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، فارابى "ۋاسىچ" ياكى "ۋاسىد" ("چىلك قوتان") دەيدىغان جايدا ئۇيغۇر ـ قارلۇق سەركەردىلە ـ رىدىن ئۇزلۇغ ئوغلى تارخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ جاي ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدا بالاساغۇن ۋىلايىتىدىكى فارابى رايونىـ نىڭ مۇستەھكەم قورغانلىق مەھەللىسى ئىكەن (فاراب — ئەسلىدە دەريانىڭ نامى). ئۇ ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ئىلمىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىران تەۋەسىگە كېتىپ، فارىس تىـ لىنى ۋە باشقا بىرقانچە تىلنى ئۆگەنگەن، ئاخىرىدا باغداتقا بېرىپ، ئەرەپ تىلىنى ۋە پەلسەپە ئىلمىنى ئۆگەنگەن، ئۇ ئىلىم

www.uyghurkitap.com

تەھسىل قىلىش يولىغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ، ھەتتا ھاراققا كېلىپ
خىرىستىيان مۇئەللىم يۇھەننا ئىبنى ھەيلاندىن مەنتىق ئىلمىنى ئۆگەنـ
گەن. قايتا باغداتقا، بېرىپ پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تىبابەت
پەنلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن؛ مۇزىكىنى ئوبدان تەتقىق قىلغان. (مىلادى
994 — 1065 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر ئەرەب ئالىمى
ئەبۇبەكرى بەيھەقىنىڭ بايان قىلىشىچە: فارابى 70 نەچچە خىل
تىل بىلىدىكەن؛ مۇزىكىغا ئۇستا ئىكەن، ئۇ مۇزىكا چالغاندا،
ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋال كۈلدۈرۈپ، كېيىن يىغلىتىۋېتىدىكەن؛
ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالىدىكەن.
ئۇنىڭ ئۆگەنگەن ئىلىم ساھەلىرىنىڭ كەڭلىكىگە قارىغاندا، ئۇ
قەدىمقى ئوتتۇرا ئەسىردىكى نىسارالارنىڭ Trivinium (گراما-
تىكا، ئىستىلىستىكا، ئېتىكا) ۋە Quadrinium (ماتېماتىكا، فىزىكا،
گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە) پەنلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلغان. ئۇ
ئۆز ئۆمرىدە 126 پارچە چوڭ ئەسەر يازغان. ئەسەرلىرىگە
قارىغاندا، ئۆز ئانا تىلى بولغان تۈركى تىلدىن باشقا، فارىس
تىلىنى سۇدەك بىلگەن؛ ئەرەب تىلىدا ناھايىتى پاساھەتلىك قىلىپ
(ھەرقانداق ئەرەب ئالىمىدىن ئاشۇرۇۋېراق) ئەسەر يازغان.
فارابىنىڭ نامى شەرق پەلسەپەسىنىڭ چوڭ ئوتتۇقلىرى بىلەن
باغلىنىشلىق بولغاچقا، ئۇ ”ئەرەب ئالىمى“ دەپ تونۇلۇپ قالغان.
قەدىمقى دۇنيا پەلسەپىۋى مىراسىنى ئىلىم-پەن ساھەسىدە ساق-
لاپ قېلىشتا، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ھەم تەرەققى قىلدۇرۇشتا،
بۇ ئالىمنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى زور. غەربىي ياۋروپا تاكى
ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگىچە ئارستوتىلنى پەقەت ئەرەب تىلىدىكى
ئەسەرلەر ئارقىلىقلا تونۇپ كەلگەن. فارابى باشقىلاردىن ئىلگىرى،
يېڭى پىلاتونچى ۋە پىفاگورچى مۇھىتنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن

ئارستوتېل ئاملىرىنى ئاجرىتىۋېلىشقا ياردەم بەرگەن بىرىنچى ئالىم. (ئىبنى سىنانىڭ ئۆزىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۆزى ئارستوتېلنىڭ مېتافىزىكىسىنى چۈشىنەلمەي، چورۇۋەتكەن ئىكەن. ئىبنى سىنا بىر كۈنى باغداتتا كىتاپپۇرۇشلۇق دۇكىنىغا كىلىپ، فارابىنىڭ ئارستوتېل مېتافىزىكىسىنى شەرھىلىگەن كىتاۋىنى كورۇپ قالىدۇ؛ شۇ كىتاپنى سېتىۋېلىپ ئۇگىنىدۇ. نەتىجىدە، ئىبنى سىنا: "ئارستوتېلنىڭ مېتافىزىكىسىنى چۈشىنىشتە فارابى مېنىڭ كوزۇمنى ئاچتى" دەيدۇ).

فارابى خۇدانى ئىنكار قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك ماددىنىڭ مەڭگۈلىگى، دۇنيانى يارىتىش مۇمكىن ئەمەسلىگى ئىدىيىسىنى ئالغا سۈردى. بۇ ئىدىيە بىلەن ئۇرتودوكسال (جېڭتۇڭ) ئىسلام ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت بار ئىدى. (بەزى ئىسلام فىقھەچىلىرى ئۇنى "دەھرى" دەپ ئەيىپلايتتى). بۇ جەھەتتىن، ئۇنى دۇئالىزىم تەرەپدارى دىيىشكىمۇ بولىدۇ. فارابىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى 10-، 12-ئەسىرلەردە ئوتكەن ئالىملار ۋە ئەدىپلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلماي قالمىغان.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئوتۇشكە توغرا كىلىدۇ: ئىران ياكى فارىس ئەسلىدە دۇئالىزىمنىڭ ئۇچىغى ئىدى. دۇئالىزىم تەلىماتى كىيىن ئىسلام فىقھەسىگىمۇ بىۋاستە تەسىر قىلغان ياكى بولمىسا، مانىخىزىم (Manjcheism) ياكى گنوستىتىسىزىم (Gnosticism) نىڭ ئارىچى بولۇشى بىلەن ۋاستىلىك تەسىر قىلغان. ساسانىلاردىن يەزدىگەرد II (مىلادى 438 — 457 - يىللاردا پادىشالىق قىلغان) زامانىدا Zrwan (زامان) نەزىرىيىسى زىرۋانىزىم ياكى دەھرىلىك (Dahrite) كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەرگە كوپ تەسىر قىلغان؛ بارا - بارا بۇ دۇئالىزىمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

بىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، ھەر بىر زاماننىڭ تەقەززاسى بىلەن (يەنى ھوكۇمرانلىق ئورۇندىكى دىنىي ئىدىئولوگىيىنىڭ چەكلىشى بىلەن) "تەڭرى ۋە يالۋاچ" (كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا "خۇدا ۋە رەسۇل") دىگەن تونىنى كورۇپلا، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى "دىنىي ئەدەبىيات" دەپ قارىساق توغرا بولماس. دەرۋەقە، ئۇ زامانلاردا ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدە چوڭ پرىنسىپ "خۇدا ۋە رەسۇل" ئىدى. بۇ پرىنسىپقا ئۇچۇق قارشى چىقىش دەھرىلىك سانىلاتتى. لېكىن ئۇ زامان ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن مەسىلىلەر بولسا، ئىجتىمائى مەسىلىلەر ئىدى. ئىجتىمائى مەسىلىنى دىنغا باغلاپ تەھلىل قىلىپ، ئاخىرىنى دىنىي يول بىلەن، ياكى "ئاخىرەتلىك راھەت"كە دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغان ئەسەرنى نوقۇل دىنىي ئەدەبىيات دىسە بولىدۇ. بۇنداق دىنىي ئەدەبىياتقا تاقابىل ھالدا دۇنياۋى ئەدەبىيات ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. يازغۇچىنىڭ بىرەر دىنغا ئېتىقات قىلىشى بىلەن، ئۇنىڭ شۇ دىنىي چۇشەنچىسى ئۇز ئەسىرىدە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ئىپادە تاپماي قالمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تېمىسى ۋە ئەكس ئەتتۇرگەن ۋەقەلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا، دىنىي ئەدەبىياتنىڭ ئەكسىچە، دۇنياۋى ئەدەبىيات بەدىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا تۇرتكىلىك رول ئوينىدى. چۇنكى دىنىي ئەدەبىيات كىشىلەرنى تەركى دۇنيالىققا چاقىرسا، دۇنياۋى ئەدەبىيات ھاياتنى ئېتىراپ قىلىشقا، سۆيۈشكە چاقىرىدۇ. دەرۋەقە، دۇنياۋى ئەدەبىياتمۇ كېيىنچە ئىككى تارماققا بولۇندى: بىرى، ئومۇمەن ھاياتقا بولغان مۇھەب-بەتنى ۋە ئەلنى كۈيلىسە، يەنە بىرى، ھوكۇمران — فېئودال سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە كەيىپ-ساپالىرىنى ئىپادىلىدى. ئا-

دىنقىسى شۇ زاماندىكى ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تەرىپى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىنى تېما قىلغان ئەسەرنى پۈتۈنلەي پەندى-نەسىھەت بىلەنلا چەكلەنگەن ۋە كىشىلەرنى يامانلىقتىن قول ئۈزۈشكە دىنىي ئەمرى-مەرۇپ ئارقىلىق دەۋەت قىلىدىغان ئەسەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، "دىنىي مىستىتىك" ئەسەر دېسە خاتا بولىدۇ. ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە سىياسى ئەخلاق تېمىسىمۇ دىنىي تېما ئەمەس، دۇنياۋى تېمىدۇر. بۇنداق ئەسەرلەرمۇ دۇنياۋى ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بولىدۇ. سىياسى ئەخلاقنى، ھاكىمىيەت مەسىلىلىرىنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەرلەرنى ياۋروپادا "دىداكتىك ئەدەبىيات" دەپ ئاتايدۇ. لېكىن بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بويىچە، ئاساسىي ئىدىيە، تېما ۋە شەكىل جەھەتلەردىن "تەپەككۇر ئەدەبىياتى"غا كىرىدىغان ئەسەرلەر ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئىلىم-پەن، پەلسەپۋى ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ھەم نىزا-تالاشلار كۆپ بولغان، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ-خىل بولغان دەۋرى — ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دىنىي ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن ئىككى بولەككە بولۇپ كۆرسىتىش مۇمكىن، چۈنكى، 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (ئاساسەن قەشقەرىيە تەرەپلىرىدە) ئىسلام دىنى رەسمى دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، دىن مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىئولوگىيە سىستېمىسى ئىككىگە بولۇندى. كۇچارنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلاردا، بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادى چۈشەنچىسى بىلەن، قەدىمقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنئەنە خېلى ئۇزاققىچە (تاكى 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنى تۇرپان ۋە قومۇل تەرەپلىرىدە كەڭ تارقالغانغا قەدەر) ساقلاندى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى بۇددا ۋە مانى دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسىدا بالدۇرقىدىن تېخىمۇ راۋاجلاندى؛ شۇنىڭدەك ئىچكى ئۆلكىلەر مەرىپەتچىلىكىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، جۈملىدىن داۋچىلىق ئىدىيىسىنىڭمۇ تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. 10 - ئەسىردىن كېيىنمۇ خەنزۇ تىلىدىن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىي پەنلەرگە دائىر نۇرغۇن كىتابلار تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىن سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسات - مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە كەڭ مەزمۇنلۇق «سەلتەنەتكە ياردەم بېرىدىغان ئۈرنەك تەدبىرلەر» دېگەن 294 جىلدلىق چوڭ كىتاپ، بۇددا دىنى چۈشەنچىسى بويىچە، ئامىتابۇددانىڭ سول قول ھىمايىچىسى ئاۋالوكتېسۋارا ھەققىدە يېزىلغان «كۆەن شى ئىم - پۇسار» («ساددارما - پۇنداريكا») دېگەن رىۋايەت تەرجىمە قىلىندى. شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن بۇ زاماندا يېتىشكەن ئەدىپ، تىلچىلاردىن بەش بالىقلىق (ھازىرقى جىمسارنىڭ يېنىدا) سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن «شۈەنزاڭنىڭ تەزكىرىسى» ۋە «ئالتۇن ياروق» («سۇۋارنا پراباسا») دېگەن دىنىي - ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى كىتاپلارنى تەرجىمە قىلدى. شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان خەنزۇشۇناس ئالىملار، تىلچىلار مەيدانغا كەلدى. بۇلار خەنزۇ تىلىدا نۇرغۇن ئىلمىي — ئەدەبىي ئەسەرلەر يازدى. بۇلارغا 9 - ئەسىردە ئۆتكەن ۋە خەنزۇ تىلىدا شېئىرلار يازغان كەكمەنېرنى مىسال قىلىش مۇمكىن. شەرقىي ئۇيغۇرلاردا، يەنە توخار تىلىدىن

("يۈەچى" ياكى "كۇچا" تىلىدىن) ھەم ئەنەتكەك (سانسكرىت تىلى-دىن) «مايترى سىمىت» رىۋايەتلىرى، ئىككى تىكىن (شاھزادە) توغرىسىدا قىسسە تەرجىمە قىلىندى. «ئىرق پۈتۈك» (پال كىتاۋى)، «سەككىز يۈكمەك»، «توشقان» دىگەندەك ھەر خىل ئىجتىمائى مەزمۇندىكى ھىكايىلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇلاردىن باشقا، دۇنىيا تۈركولوگلىرى «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئومۇمى نام بەرگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر بار. بۇ قىممەتلىك يادىكار-لىقلار قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

شۇنى ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، سىياسى جەھەتتىكى چېگرىلىنىش ۋە دىنى-ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ئايرىملىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ۋە پىسخىكىلىق بىرلىكىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزەلىدى.

كۇچارنىڭ غەربىدە يارىتىلغان ئەدەبىيات 10 - ئەسىردىن كېيىن ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى (دەرۋەقە، دۇنيا ئەدەبىياتى-نىڭ ئوبدان نەمۇنىلىرى بىلەن ئوزىنى كوپ بېيىتقان ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى) دىنى يول بىلەن قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئوزىنىڭ مىللى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ تېخىمۇ جارى قىلدۇردى ھەم راۋاجلاندۇردى. غەربى ئۇيغۇرلار-نىڭ ئەدەبىياتىدا ئىسلام ئىدىيىسى يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئوتكەن ئىدى؛ غەربى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بۇ دەۋردە، يېڭى تارىخى شارائىت سەۋەۋى بىلەن، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۈركى تىل» دەپلا ئاتالدى، لېكىن بۇ «تۈركى تىل»نىڭ ئەدەبى تىلى «خاقانىيە تىلى» ئىدى. «خاقانىيە» قاراخانىلارنىڭ بىۋاستە ئولكىسى ئىدى. بۇ ئولكىنىڭ مەركىزى قىسمى بولسا قەشقەر رايونى ئىدى. قاراخانىلارنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىغى ۋە مەدەنىيەت

تەسىرى خارەزىمغىچە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەۋارەئۈننەھرى (ئامۇ ۋە سىر دەريا ئارىلىقى) ئاھالىسىنىڭ تىلىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى: "خاقانىيە تىلى"نى ئەدەبىي-تىل قىلغان "تۈركى تىل" بۇ رايونلاردىمۇ يېتەكچى تىل بولۇپ قالدى (ئەسلىدە، "تېلىلەر" ۋە "غەربىي تۈركلەر" دەۋرلىرىدىلا بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمى "تۈركى خەلق" بولۇپ قالغان). ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، خۋارەزىم، ھەتتا بۇخارا رايونلىرىدا، "دارى تىلى" يەنى فارىس تىلى ئاساسىي تىل ئىدى، كېيىنچە ئەرەپ تىلى ئىلىم-پەن تىلى بولۇپ قالغان ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئىلگىركى زامانلاردا شەكىللەنگەن دېخانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ دەۋر ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشلىرى، قول سانائەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئىلگىركى دەۋرلەردىن ئۈستۈن ئىدى؛ نۇرغۇن كەنت-شەھەرلەر بىنا قىلىندى، تەرەپ-تەرەپكە كارۋان يوللىرى راۋان بولدى، بۇ ھال، سودا-سېتىقنىڭ كەڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەدەنىيەت-سەنئەتمۇ بۇرۇنقى بازىسى ئاساسىدا تېخىمۇ گۈللەندى. بۇنداق گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئىلىم-پەن، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دەۋردە، غەرپتە باغدات مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بولسا، شەرقتە قەشقەرمۇ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى (مەسىلەن، "ساچىيە" مەدرەسىسى)، بىلىم-مەرىپەت ئورۇنلىرى (مەسىلەن، "سائادەت" كۇتۇپخانىسى) تەشكىل قىلىنغان، نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق ئالىم ۋە ئەدىپلەرنىڭ ۋەكىللىرى — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى بىلەن مۇتە-

پەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. بۇ ئىككى ئاپتوردىن بىزگە تارىختا نامى ئۆچمەيدىغان ئىككى ئەسەر يادىكار قالدى.

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى كەڭ، بوستانلىق جاي ئىدى، ئۇ يەردە قارا خانىلارنىڭ بەگلىرى-ئەمىرلىرىدىن ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىدە، مەھمۇد دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالىپلىق، ياشلىق دەۋرىنى قاراخانىلارنىڭ ئوردىسى جايلاشقان مەشھەتنىڭ يېنىدىكى "ئازاق" يېزىسىدا ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ "ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ۋە جەڭ ئىشلىرىدا نەيزىۋازلىرىدىن...... ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن" بولغان مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ھاياتىنى ئىلىم - بىلىم ئىشىغا بېغىشلىدى. بۇ زاماندا، ئىلىم - پەن تىلى دەپ ئاتالغان ئەرەپ تىلى بىلەن بىر قاتاردا "تۈركى تىل" "بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك" كېتىشىۋاتاتتى. سىياسى مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن، ئەرەپ - ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى، سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلىرى، ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى "تۈركى تىل"نى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدى. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ھاجەتنىڭ بىر بولۇك ھۆددىسىدىن چىقىشقا بەل باغلاپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. "خاقانىيە" ئۆلكىسىنى (جۇملىدىن، قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتە سۇ ۋە ئىسسىق كول بويلىرىنى)، قىرغىز - تاتار دالىلىرىنى، بۇلغار - قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ - ئوغۇز يېزىلىرىنى كېزىپ، تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى ئاساسىي ئۇلۇس - ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشتى؛ تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر-

Altunoq

www.uyghurkitap.com

قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى، چىرايلىق سۆز - ئىبارىلىرىنى توپلىدى. ئون نەچچە يىللىق ئەمىلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە توپلىغان بارلىق تىل ماتېرىياللىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا رەتلەپ چىقتى. ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىدىنمۇ ئىلغارراق ئۇسۇل بىلەن، ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىۋى بويىچە، 3 توملۇق تۈركى تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ لۇغەتكە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» يەنى «تۈركى تىللار دىۋانى» دەپ نام بەردى. لۇغەتنىڭ مەزمۇنى تۈركى تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر، ھەربى - مەمۇرى ئاتالغۇلار؛ يېزا ئىگىلىك، يېمەك - ئىچمەك، سودا - مالىيە، قول ھۈنەرۋەنلىك، تىببى - دورىگەرلىك، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا دائىر سۆزلەر؛ قەبىلىلەر، مۇھىم جۇغراپىيە ناملار، قەدىمقى زاماندىكى خەلق داستانلىرىدىن پارچىلار، رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۈركى تىللار قامۇسى» دېسىمۇ بولىدۇ. «دىۋان»نى باغداتتا قايتا - قايتا تۈزەتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 1076 - يىلى باغدات خەلىپەسى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئارمىغان قىلغان. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان»دا "تۈركى تىل"نىڭ ئومۇمى تۈزۈلۈشىنى — فونېتىكا، لېكسىكا، گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان، شۇ ئاساستا 11 - ئەسىردىكى تۈركى تىلنى ئىككى تۈركۈمگە يەنى ئوغۇز - قىپچاق شىۋىسى ۋە ئومۇمى شىۋىگە (ئۇيغۇر- قارلۇق شىۋىسىگە) بۆلگەن. تىللارنىڭ ئەڭ پاساھەتلىكى ۋە توغرىسى "خاقانىيە تىلى" دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، مەھمۇد قەشقىرى 11 - ئەسىردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەرگەن. ھالبۇكى، ياۋروپا ئالىملىرى بولسا، سېلىشتۇرما تىلشۇ-

ناسلىقنى 19 - ئەسىردە باشلىغان ئىدى. «دىۋان» تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئەرەپ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدىنى ئالاقە ۋە تارىخىي دوستلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر؛ شۇنداقلا 11 - ئەسىردە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

«دىۋان» بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەردە مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر نادىر ئەسەر — «قۇتاتقۇبىلىك»دۇر. بۇ داستاننىڭ ئاپتورى ”خاقانىيە“ ئۇلكىسىدىن هاجى يۇسۇپتۇر، بۇ داستاننى هاجى يۇسۇپ تەخمىنەن 1069—1070 - يىللىرى قاراخانىلارنىڭ پايتەختىدە يازغان. ئەرەپ ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نەمەن- گان نۇسخىسىنىڭ بېشىدا مۇنداق ”كىرىش“ قەيت قىلىنغان: ”بۇ كىتاپنى كاشغەر ئېلىدە تۈگەل قىلىپ، مەشرىق پادىشاسى تاۋغاچ خاننىڭ ھوزۇرىغا سۇنغان، پادىشا بۇغراخانمۇ ئۇنى ئىز- زەتلەپ خاس ھاجىپلىقنى ئاڭا ئىنئام قىلغان، شۇنىڭ ئۇ- چۇن، يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەپ ئېتى دۇنياغا يېيىلغان“. داس- تان «بەھرى مۇتەقارىپ» ۋەزنىدە (يەنى ”فەئۇلۇن - فەئۇلۇن- فەئۇلۇن - فەئۇل“ ۋەزنىدە) مەسنەۋى شەكلىدە (ئىككى مىسراسى بىر خىل قاپىيىدە كېلىش شەكلىدە) يېزىلغان. تەخمىنەن 72 باپ ۋە 13500 مىسرادىن ئىبارەت. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ”كىرىش“تە قەيت قىلىنغىنىدەك، بۇ داستان ”چىن پەيلاسوپلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە ماچىن ئۆلىمالىرىنىڭ تەمسىللىرى بىلەن بېزەلگەن“. بۇ داستان ئاددىيلا ئېپىك - دىداكتىك داستان ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى مەسىلىلەر كەڭ بايان قىلىنغانلىق سەۋۋى بىلەن ئۇ سىياسى ئىقتىسات دەرسلىكى دەپمۇ باھالانغان. تۈركولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا، ئەگەر ساسانىلارنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى

ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئىلمىي ئەدەبىياتتا، بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەپ ئاساسەن قۇللار (بانراكلار، ئانشافرىكلار) نى كۆرسەتكەن بولسا، شۇنىڭدەك توبا (توقبات) لارنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى بايان قىلىنغان ئەدەبىياتتىمۇ نۇبىيلار (يەنى قۇللار) جەمىيەتنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان بولسا، «قۇتاتقۇبىلىك» تە يۇتۇنلەي فېوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ مۇناسىۋەتلەردە دېخانلار، چارۋىچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئاساسىي رول ئوينايدۇ. دېمەك بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قاراخانىلار تەۋەسىدىكى تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ساسانىلار ۋە توبالارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. بۇ داستاندا، رىيال تۇرمۇش مەسىلىلىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ جەمىيەتتە ئوينايدىغان رولى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە تۇتىدىغان مۇناسىۋەتلىرى، ئەخلاق - پەزىلەت ئۆلچەملىرى 4 شەخسنىڭ (ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى بولغان پادىشا كۈن تۇغدى، بەخت - سائادەت سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئايتولدى. ئەقىل - ئىدرەك سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئوغلى ئۆگدۈلمىش، قانائەت سىمۋولى بولغان ۋەزىر قېرىندىشى ئۆزغۇرمىش) سوھبەت مۇنازىرىسى يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ۋەزىن جەھەتتىن پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى پەقەت جەڭ تەسۋىرى ۋە قەھرىمانلىق داستانى يارىتقان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل - ھېكمەت، پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت دەرسلىكى تۈزگەن. شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمىيەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بۇ داستان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. ئاپتورنىڭ مەقسىدى ۋە ئىدىيىسى ئېھتىۋارى بىلەن

"ئەخلاقى - پەلسەپى" دىداكتىك داستان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائى ھادىسىلەر، تەبىى مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشتە، خەلق ئەدەبىياتىدىكى ھېسسىياتچانلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئېتىۋارى بىلەن، ئىندىۋىدۇئال ۋە رېئالىستىك تەسۋىرلىرىگە مۇۋاپىق لىرىكىلىق داستاندۇر. مەھمۇد قەشقىرى خەلق تىلىدىكى ھېكمەتلەرنى ئۆز ئەسىرىگە توپلاپ يېزىپ قويغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ داستانىغا سىڭدۈرگەن. بۇ داستاندا 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەدەبىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى گەۋدىلەنگەن. بۇ داستان ئۆز ئالدىغا شەرقچە داستانچىلىقنىڭ يېڭى تىپىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ نامى كەڭ تارقالغان، تەسىرىنى يوقاتمىغان. 14 - ئەسىردىكى ئاپتورلاردىن مۇھەممەت ھىندۇ شاھى شەمسىدىن ئەل - مۇنشى ئۆز كىتاۋىدا: پۈتۈن دولەت قانۇنلىرىنى ۋە مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن ئالغان چىڭگىز ئىمپېراتورلۇغىدا «قۇتادغۇبىلىگىن چىڭگىزخان» دىگەن دەستۇر بارلىغىنى ئەسلەتكەن؛ 1909 - يىلى ئالتۇن ئوردىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان سارايچىق خارابىسىدىن تېپىلغان بىر تەشتەكتە، ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مىسرالىرىغا ئوخشايدىغان مۇنۇ ئىككى مىسرا چېكىلگەن:

كىشى كوركى يۈز ئول، بۇ يۈز كوركى كوز،
ئاغىز كوركى تىل ئول، بۇ تىل كوركى سوز.

ھازىر دۇنيادا مەلۇم بولغان ئۈچ نۇسخىسىدىن "ۋېنا نۇسخىسى" ھىراتتا 843 - ھىجرى (1439 - مىلادى)دە كوچۇ -

رۇلگەن. دىمەك، 15 ـ ئەسىرلەردىمۇ بۇ داستان قىممەتلىك دەستۇر سۈپىتىدە دۇنيانىڭ كوپ جايلىرىغا تارقالغان.

«دىۋان» بىلەن «قۇتاتقۇبىلىك» هازىر دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا مۇهىم تېمىسى بولۇپ قالدى. بەزى ئالىملار ئومرىنى بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلدى.

قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ئىلىكخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ جېدەللەر تۈپەيلىدىن خانلىق پارچىلىنىپ كەتتى. لېكىن قاراخانىلار ياراتقان تىل ۋە مەدەنىيەت ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سوپىلىق كېڭىيىشكە باشلىدى. سوپىلىق دىنىي خۇراپاتنى، تەركى دۇنيالىقنى تارقىتىشتا ئەدەبىياتنىڭ بېيىتچىلىق ژانىرىدىن پايدىلاندى. ئىشانلار سوپىلىق كوز قاراشلىرىنى ئاددىي خەلقنىڭ تىلى بىلەن هاپىزلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇندى.

12 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "تۈركى" ئاهالىنىڭ جانلىق تىلىدا يارالغان بەدىئى ئەدەبىياتقا خوجا ئەهمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋان هىكمەت» ئەسىرىنى تىل جەھەتتىن مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

خوجا ئەهمەت ــ يەسەۋى ئىبراهىم شەيخنىڭ ئوغلى. ئۇ بۇخاراغا بېرىپ، مەشهۇر مۇتەسەۋۋۇپ (سوپىلىق ئېقىمىدىكى زات) يۇسۇپ هەمەدانىدىن سوپىلىق تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. هەمەدانى ئولگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا بىرنەچچە يىل خەلپەتلىك قىلىپ، كېيىنچە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. بۇ ئەدىپ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئۆز ئالدىغا ئالاهىدە مەكتەپ (ئەدەبىي ئېقىم) ياراتقان؛ شېرىيەتكە سوپىلىقنى ئېلىپ كىرگەن. شېرىيەتكە سوپىلىق كىرگەندىن كېيىن، رىيال تەبى

گۈزەللىك شېئىرىيەتتىكى ئورنىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولغان ئىدى. ئەھمەت يەسەۋى ئۆز ئەسەرلىرىنى ناھايىتى يېنىك، خەلققە چۈشىنىشلىك ساددا تىل بىلەن يازغان. بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرى بۇ چاققا قەدەر تەركى دۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ تەشۋىق ۋەرەقلىرى دەپ قارىلىپ كەلدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپلۇق پىكرى، يەنى دۇنيادىن كېچىش غايىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، دىننى، دىنىي تەلىماتنى مال - دۇنيا تېپىش ياخشى مەئىشەت كەچۈرۈشنىڭ قورالى قىلغان ھەم خەلقنى ئالداش يولى بىلەن قېپىندىغان كەسىپىي روھانىيلارغا، مال - دۇنياغا ھېرىس (باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېساۋىغا مال توپلايدىغان) كىشىلەرگە ئۇ ناھايىتى قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزىم دېسە توغرا كېلەرمىكىن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەرپ قىسمىدا ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، شېئىرىيەت بىلەن تارىخ بىرلىشىپ، قىسسە - داستان شەكلىنى ئالدى. ئىسلام دىنى شېئىرىيەتنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇشىنى چەكلىيەلمىدى (خىرىستىيان دىنى بولسا، تېيۇتونلارنىڭ شېئىر - قوشاق ئېيتىشىنى چەكلىگەن ئىدى). شۇڭا، بىزدە ئەدەبىياتنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

"خاقانىيە تىلى" دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئەدىپ ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتبە تۇل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى») دىگەن داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ نەمۇنىسى ھېساپلىنىدۇ. مەھمۇد ئوغلى ئەدىپ ئەھمەت يۈكنەكى

12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان شائىر. ئەھمەت يۈكنەكى ئەھمەت يەسەۋىنىڭ شاگىرتى ئىدى①. يۈكنەكىنىڭ داستانى ئەسلىدە 14 باپلىق بولۇپ، ھازىر كەڭ تارقالغان كۆچۈرمىسى 11 باپتىن ئىبارەت. چۈنكى ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدا مۇنداق دەپ يازغان:

تۈگا كورمەس ئەردى ئەدىپنىڭ كوزى،
تۈزەتتى بۇ ئون تورت باپ ئىچرە سوزى.

شائىر داستانىنىڭ 1444 ـ ۋە 1480 ـ يىللىرى كۆ-چۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ھازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلانـ-ماقتا. بۇ داستان «تەپەككۇر ئەدىبىياتى»غا نەمۇنە بولىدۇ.

بىلىك بىلتى بولدى ئەرەن بەلگۈلۈك،
بىلىكسىز تىرىكلەيىتۈك كورگۈلۈك.
بىلىكلىك ئەر ئولتى، ئاتى ئولمەتى،
بىلىكسىز ئىسەن ئىركەن ئاتى ئولۈك.
تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تازا،
كەچۈرسە نىما ئومرۇڭ كۇنىڭ ئۇزا.
كونى سوز ئەسەلتەك، بۇ يالغان بەسەل،
بەسەل دەپ ئاچتىما ئاغىزنى ئەسەل.
كونى بول، كونى قىل، چىقار ئات قونى،
كونىدە يۇبىلسۇن خالايىق سەنى.

① نەجىپ ئاسىم: «يۈكنەكى ئەھمەت. ئەتىبە تۇل ھەقايىق»، ئىستانبۇل، 1334 — 1915؛ رەشىت رەخمەتى ئارات: «ئەدىپ ئەھـ-مەت يۈكنەكى. ئەتىبە تۇل ھەقايىق»، ئىستانبول، 1951.

ئۇلۇغ شائىر ناۋايى ئەدىپ ئەھمەت يۈكنەكىنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قەدىرلەپ ئوقۇغان. ناۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت مىن شەمايىمۇل فۇتۇۋۋەت» دىگەن ئەسىرىدە، ئەدىپ ئەھمەت يۈكنەكىنى تۈركى خەلقتىن چىققان ئۇلۇغ ئەدىپ، "ئۇ ھەر كۈنى ئىمام ئەزەمدىن دەرس ئالاتتى" دەيدۇ①، ناۋايى ھەتتا بەدىئۈز زامانغا يازغان خېتىدىمۇ، ئۇنى يۈكنەكىدىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان.

ئەدىپ ئەھمەت يۈكنەكىنى بەزى رىۋايەتتە "ئەئما" (كوزى قارغۇ) ئىدى دىيىلىدۇ. ئەدىپ ئۆزىنىڭ داستانىدا، ئادالەتنى، خەلقپەرۋەرلىكنى، ئەقىل - ئىدرەكنى، كەمتەرلىكنى، ساخاۋەتنى، كويۇمچانلىقنى كۈيلەيدۇ، كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ تىل ئەردەمنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ؛ زالىملىقنى، ۋاپاسىزلىقنى، نادانلىقنى، كورەڭلىكنى، ئاچكوزلۇكنى، يالغانچىلىقنى ئەيىپلەيدۇ. يۈكنەكى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ھېچنەرسە مۇتلەق ئەمەسلىگىنى بايان قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دىداكتىك داستانى ئىلغار ئەسەر ھىساپلىنىدۇ. ئەدىپ ئەھمەتنىڭ داستانىدا «قۇتادغۇبىلىك»كە نەزىرە قىلىنغان باپلارمۇ بار. مەسىلەن، «ئەتىبە تۇل ھەقايىق»نىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بولۇكلىرىدە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ IV ۋە VII باپلىرىدىن ئىلھام ئالغان، ھەتتا بەزى بېيىتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئەدىبىي تىل جەھەتتىن، "ئەتىبە تول ھەقايىق"نىڭ تىلى

---

①پىروفېسسور كۆپرۈلۈزادە: يۈكنەكى ئىمام ئەزەم بىلەن زاماندىش ئەمەس، بۇنى ئىلاھىلاشتۇرغان دەيدۇ.

"قۇتاتقۇ بىلىك" تىلىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر.

"خاقانىيە تىلى" دەپ ئاتالغان باسقۇچتىن، "چىغتاي تىلى" دەپ ئاتالغان باسقۇچقىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى يەنىلا ئۆز كۈچىنى يوقاتمىدى. بۇنىڭغا رابغۇزى ئەسەرى نەمۇنە بولىدۇ.

نەسىردىن رابغۇزى (قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇلۇغ يوللۇغ راباتلىق (يەنە بىر مەنبەدە ئۇلۇغ ئۆزلۈغ رابات غوزى بۇرھانىددىن ئوغلى) مىلادى 1309-، 1310-يىللىرىدا «قىسسەئى رابغۇزى» دىگەن ئەدەبىي ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر خەلق ئىچىدە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر قىسسەلىرى») دىگەن نام بىلەن مەشھۇر. نەسىرددىن رابغۇزى بۇ بەدىي ئەسەرنى پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى دىنىي-ئەپسانىۋى قىسسەلەردىن پايدىلىنىپ، نەسرى ئۇسلۇبتا يازغان. بۇ ئەسەردە، ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قاراشلىرى بار، بۇ ئەسەر 13-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى، جۈملىدىن، شۇ زاماندىكى نەسرى ۋە شېئرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك مەنبەلەردىن بىرى. بۇ ئەسەردە، تۈرلۈك شېئىرلار (مەدھىيىلەر، بەزى قىسسەلەرنىڭ خۇلاسىلىرى، لىرىك كەچۈرمىلەر، باھارىيەت، سەيىيارىلەر توغرىسىدا ۋە كىتاپنىڭ شېئرىي خاتىمىسى) بار. «قۇتاتقۇبىلىك»تىن 250 يىل كېيىن يېزىلغان بۇ قىسسەدىكى «باھاردىيات» شېئرى بىلەن «قۇتاتقۇبىلىك» تىكى شۇ مەزمۇنلۇق شېئىر ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىق ۋە ھەتتا ئوخشاشلىق بارلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دىمەك رابغۇزى ياشىغان زاماندىمۇ «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ تىلى يەنىلا ئەدەبىي تىل بولۇپ كەلگەن ۋە شېئرىيەتتىكى

ئەنئەنىلەرمۇ داۋام قىلغان.

زامان جەھەتتىن رابغۇزى بىلەن زاماندىاش بولغان خارەزمىنىڭ ئۆز ئىسمى نامەلۇم. خارەزمى 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خارەزمىدە، مەسچىت ھوجرىسىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىغان ۋە شۇ يەردە ئىجات قىلغان ھەمدە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان جاينىڭ نامىنى ئۆزىگە ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغان. ئۇ «مۇھەببەتنامە» دىگەن ئەسەرنى ھىجرى 754 - (مىلادى 1353 -) يىلى يازغان. بۇ ئەسەر ئاشىقلىق شېئىرىي مەكتۇپ (خەت) ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئەسەر 11 مەكتۇپتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ ئەسىرىنى 14 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىمىزگە ئۈچ ئاساس بار: بىرىنچى، «مۇھەببەتنامە» قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدا كۆچۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى 14 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، موڭغۇللار دەۋرىدە خارەزىم ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن: مەركىزى ئۈرگەنچ شەھرى بولغان شىمالىي خارەزىم ئالتۇن ئوردا تەركىۋىگە كىرگەن؛ مەركىزى قىيات قورغىنى بولغان جەنۇبىي خارەزىم چىغتاي ئۇلۇسىغا قارايتتى. چىغتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئۇيغۇر تىلى ئىدى.

## 3

چىڭگىزخان يۈرۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىنغان ئۇلۇسلاردىكى خانلىق تالاشلىرى بىرمۇنچە ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن چىغتاي ئۇلۇسى تەۋەسىدىكى جايلاردا، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىل بولۇش

AltunOq

www.uyghurkitap.com

رولىنى يەنىلا ئادا قىلىپ كەلدى. 15-، 16- ئەسىرلەردە "چىغ-
تاي تىلى" پەقەت دۆلەت ئىدارە ئىشلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى
مەدەنىي ھاياتتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتتى.

چىغتاي ئۇلۇسى (چىڭگىزخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا تەق-
سىم قىلىنغان تەۋەلىك) زىمىنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە ئامۇ
دەرياسىغىچە، ھەم غەزنىگىچە، شىمالدا قورغاستىن، جەنۇپتا دەھ-
لىنىڭ شىمالىغىچە (مولتان، لاھورلار — "ئۇلۇس"نىڭ جەنۇبىي
چېگرىسىدىكى ھىندىستان شەھەرلىرىگىچە) بولۇپ، مەركىزى ئال-
مالىق ئىدى. چىغتاي ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا ئۆزىگە
تەۋە "ئۇلۇس"نى خانلىق ئاتىمايتتى. "چىغتاي خانلىقى" پەقەت
كېيىن چىققان ياكى تارىخچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان نامدۇر.
1260- يىلىدىن 1360- يىلىغىچە 100 يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا
تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيا) ۋە موغۇلىستان (شىنجاڭ) دىن تەر-
كىپ تاپقان "چىغتاي خانلىقى" دا 25 ھۆكۈمدار ئۆتتى. چىغ-
تايدىن كېيىن بولارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان
بىرەرسىمۇ (سىمۋول) مەيدانغا كەلمىگەن. موغۇللاردىن بىرقان-
چە ئۇرۇق ئېلى ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدا "تۈركى تىل"نى ئوب-
دان ئۆزلەشتۈرۈپ، 100 يىلغا قالمايلا تۈركلەشتى. بارا-بارا
چىغتاي ئۇلۇسى ئىككى قىسمىغا: مەۋارەئۇننەھرگە ۋە موغۇ-
لىستانغا ئايرىلدى. لېكىن چىغتاي ئۇلۇسىغا تەۋە ئاساسىي
ئاھالىنى (بولۇپمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنى) بىر
تىپتىكى مەدەنىيەت بىرلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولغان ئەدەبىي
تىل بىرلەشتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تىل "چىغتاي تىلى" دەپ ئا-
تالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇ زاماندا، جەنۇبىي شىن-
جاڭ ۋە غەربىي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-

تارتىشلار، ئىسلام دىنىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى شەرقىي شىنجاڭ ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا دىنىي سۈركىلىشلەر دائىم بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى فېئودال زىيالىيلىرى "موڭغۇلىستان"دىن "تۈركىستان"غا ھىجرەت قىلىپ، سەمەرقەنت، خارازىم، ھىراتلاردا ماكانلىشىپ، پائالىيەت ئېلىپ باردى. دەرۋەقە بۇنداق كوچۇش ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بولغان ئىدى. 11 - ئەسىردە باغداتتىكى تۈركان خاتۇن (قاراخانىلاردىن) مۇناسىۋىتى بىلەن، نۇرغۇن ئالىم، ئەدىبلەر باغداتقا كوچۇپ بېرىپ، ئەرەپ تىلىدا ئەسەر يازغان بولسا، 12 - ئەسىر ئاخىرىدا، كۈچلۈك (نايمان) زامانىسىدا "قەشقەرىيە"دىكى زىيالىلار زۇلۇمدىن قېچىپ، مەۋارەئۇننەھرگە ۋە خۇراسانغا (ئېنىقراق ئېيتقاندا خارەزىم ۋە سەمەرقەنت، ھىراتلارغا) كوچكەن. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بوي سۇندۇرغاندىن كېيىن، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، سىياسىيونلار، مائارىپ - مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنى — ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا "كادىرلار"نى كوپرەك شىنجاڭدىن ئېلىپ بارغان. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن ئەزەلدىن ئىناق ئوتكەن، چىڭگىزخان غەرپكە يۈرۈشتە تۇرپان ئىدىقۇتى بارچۇق تىكىننى ئوزىگە كۈيئوغۇل قىلغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا مەدەنىيەت يەنى يېزىق ئوگەتكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن تىل ۋە ئېتنىك جەھەتلەردىن قېرىنداش ئىدى.

قوچۇ ئىدىقۇتلۇغى ۋە خاقانىلار دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات چىڭگىز - موڭغۇل دەۋرىگە ئوبدان بازىس يارىتىپ بەرگەن ئىدى. چىڭگىز - موڭغۇل يۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇشلىرى دۇچكەلگەن يۈكسەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت قوچۇ ئىدىقۇتلۇغى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇ جايلاردا ماكانلىشىشى بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككىنچى قېتىم كەڭ تارقالدى.

16 - ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلمىدى بەلكى راۋاجلاندى. 13 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر 14-، 16- ئەسىرلەردىكى ھەممە ئەدەبىياتتا ئىز ئىپادىسىنى تاپتى.

تارىخچى تومۇر ئىبنى ئەرەبشاھ (1450 - يىلى ۋاپات قىلغان): "چىغتاي يېزىغى دىمەك ئۇيغۇر يېزىغى دىمەكتۇر، ئۇل موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان" دەيدۇ. يېزىقتىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولغانلىقىنى 18 - ئەسىردە ياشىغان خىۋە خانى ئەبۇلغازىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىنمۇ كۆرىمىز: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا تۈركچە (ئوغۇزچە) بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار دەپتەردارلىقنى (مەھكىمە ئىشلىرىنى) ياخشى ئېلىپ باراتتى ۋە دىۋان ھېساپلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخانىنىڭ مەۋارەئۇننەھر، خۇراسان ۋە ئىراقلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەۋرىلىرى زامانلىرىدا، ئۇلارنىڭ ھەممە مۇشاۋۇرلىرى ۋە پۈتۈكچىلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ۋەھا كازالار. مەلۇمكى، ئاقساق تومۇر مەھكىمىلىرىدە ئىش - ئالاقە قەغەزلىرى تامامەن ۋە باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلات-

تى. ئومەر شەيخنىڭ مەرغىلانلىق مىرسەئىدكە ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىپ چۈشۈرگەن يارلىغى 1469 - يىلى تۈزۈلگەن①.

ئەدەبىياتتا تېخىمۇ شۇنداق بولغان. 1432- يىلىدا تۈزۈلگەن «بەختىيارنامە»، 1436 - يىلى يېزىلغان «تەزكىرى ئەۋلىيا»، 1437 - يىلىدىكى «مىراجنامە»، شۇنىڭدەك 1432 - يىلى ھىراتتا تەسنىپ قىلىنغان ھەر خىل ئەسەرلەر توپلاملىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

قەدىمقى زاماندىن تارتىپ، تۈركى تىلدا سوزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قوشاقچىلىق، فولكلور تىپىدىكى داستانچىلىق جەھەتتە ئالاھىدە كوزگە كورۈنەتتى. ئۇلار 13 - ئەسىردىن كېيىن، ئەرەپ ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى مەركىزىي ھەم شەرقىي ئاسىياغا خاس بولغان ئەدەبىي ئۇسلۇپ بىلەن بىرلەشتۈردى. ئوخشىتىش، مۇبالىغە ئۇسۇللىرى بىلەن ئىخچام ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت نەمۇنىسىنى ياراتتى. بۇ ھال بىزدە لىرىك شېئرىيەتنىڭ ئۇزاققىچە يۈكسەك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ — بىزنىڭ سەنئەت تارىخىمىزنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى. چۈنكى ئۇنىڭدا گۈزەل ئوخشىتىش ۋاسىتىسىگە ئىگە بولغان رىيالىزىم ۋە پانتازىيە ھەم مۇبالىغىگە باي بولغان رومانتىزم پىرىنسىپى بىلەن تەنقىت پىرىنسىپى شەكىللەندۈرۈلگەن ئىدى. بۇ — بىزدە كەڭ قوللىنىلغان غەزەل ئەدەبىياتىدۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا غەزەل ئەدەبىياتىنى باشلاپ

① «توختامىش ۋە تومۇر قۇتلۇغ يارلىقلىرى» نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

بەرگەن شائىرلارنىڭ نامايەندىلىرى لۇتفى، ئاتايى ۋە سەككاكى كىدۇر. ناۋايىنىڭ باھاسى بويىچە ئېيتقاندا: "ئۇيغۇر ئىباراتى-نىڭ بۇلۇغاسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفى رەھمە-تۇللاھۇ تائالا، كىم، بىرىنىڭ شىرىن ئەدىبىياتىنىڭ ئىشتىھارى تۈركىستاندا بىغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىف غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا بىناھايەتتۇر ھەم دىۋانلىرى مەۋجۇد بولغاي".

### لۇتفى

لۇتفى — بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەسلى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولۇپ، كېيىن مەۋارەئۈننەھرىدە، ئاندىن ھىراتتا ياشىغان ۋە شۇ يەرلەردە ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. لۇتفىنىڭ ئۆز ئىسمى تېخىچە نامەلۇم، لۇتفى — شائىرنىڭ ئەدىبىي تەخەللۇسى؛ بەزى تەخمىنلەر بويىچە، لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ھىجرى 870 - (مىلادى 1465 -) يىللىرى ھىراتتا ۋاپات قىلغان. لۇتفى نۇرغۇن شېئىرلار يازغان، شۇنىڭدەك 1411-يىلى «گۇل ۋە نەۋرۇز» دېگەن 2400 مىسرادىن ئىبارەت لىرىكىلىق داستان يازغان. ئۇزنىڭ قەيت قىلىشىچە:

تارىخ سەككىز يۈز ئون توت ئەردى ھىجرەت،
كەنەقىش ئەتتىم بۇ مەنزەر مۇھەببەت.

يەنى داستاننى ھىجرى 814 - (مىلادى 1411-) يىلى ئارۇز ۋەزنىنىڭ "ھەزەج مۇسەددەس" بەھرىدە يازغان. بۇ داستاننىڭ بىردىن - بىر نۇسخىسى ھازىر برىتانىيە مۇزېيىدا بولۇپ، ئۇ داستان يېزىلىپ يۈز يىلدىن كېيىن (1511 - يىلى)

www.uyghurkitap.com

ھىراتتا مۇھەممەت بەگ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. لۇتفىدىن يادىكار قالغان ئىككىنچى قولىيازما «دىۋان لۇتفى» ھازىر لېنىنگراتتا ساقلانماقتا؛ بۇ دىۋان شاھرۇخقا بېغىشلانغان قەسىدە بىلەن باشلانغان ۋە غەزەللىرى ئەرەبچە ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن تۈزۈلۈپ، ئايىغى "ى" بىلەن تۈگىگەن.

ناۋايىنىڭ تەۋسىيى بويىچە «مەلىكۇل كالام» (سۆز پادىشاھى) بولغان لۇتفى ئۇلۇغ مەرىپەتۋەر، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىردۇر؛ شۇنداقلا رىيال ھاياتنىڭ گۈزەللىكلەرىنى، ئادەمگەرچىلىك پەزىلەتلىرىنى قەدىرلىگەن شائىردۇر. لۇتفى ئۆزى بەدىئى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، XV ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى شەرەفىدىن ئەلى يەزدى يازغان «زەپەرنامە» دىگەن تارىخى ئەسەرنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

سەككاكى

لۇتفى بىلەن زاماندىش بولۇپ، بىر قاتاردا تۇرىدىغان يەنە بىر شائىر — سەككاكىدۇر. سەككاكى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئالىم بار، ئۇ — سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈف ئىبىن ئەبى بەكرى ئەلخارەزمى — سەككاكى، بۇ — «مۇفتاھىل - ئۇلۇم» («ئىلىملەر ئاچقۇچى») دىگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى؛ بۇ كىشى مىلادى 1160 — 1228 - يىللىرى ياشىغان بولۇپ، چىغتاي يېنىدا ئىلمى مەسلىھەتچى ئىدى، ئاخىر چىغتاي تەرىپىدىن جازالىنىپ، زىنداندا ئۆلگەن ئىدى؛ مازارى قورغاستا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. شائىر سەككاكى بولسا، تۆمۈرىلەردىن ئۇلۇغ بەگ ۋاقتىدا (15 - ئەسىردە) ياشىغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

www.uyghurkitap.com

ناۋايى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ئەسىرىدە: "ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چىچەنلىرىدىن مەۋلانا سەككاكى" دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئاتاپ ئۆتكەن بۇ شائىردىن بىزگە پەقەت 50 نەچچە غەزەلدىن ئىبارەت تولۇقسىز دىۋانى قالغان. سەككاكى 15 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەسىدە ژانىرىنى تەرەققى قىلدۇرغان شائىر، ئۇنىڭ 7 قەسىدىسى بارلىقى مەلۇم. ناۋايى سەمەرقەنتكە كەلگەندە (1467 — 1469 ـ يىللىرى) سەككاكى بىلەن ئۇچراشمىغىنىغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن ۋاپات قىلغان بولسا كېرەك. بەزى تەتقىقاتچىلار شائىر سەككاكىنى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈف ئىبىن ئەبى بەكرى سەككاكىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپمۇ تەخمىن قىلىشىدۇ.

15 ـ ئەسىردە، ئېتىنىكىلىق ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىش ـ نىڭ نامايەندىلىرى بولغان بۇ ئىككى شائىر (جۈملىدىن ئاتايى) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن "تۈركىگۈيلەر" دۇر. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇ زامان ـ دىكى يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ لېكسىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئوبدان ماتېرىيال بولىدۇ. لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتايىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى "تۈركىي" ۋە ئەرەبى ـ فارسى ئېلې ـ مېنتلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 15 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكا قۇرۇلۇشىغا ئومۇمى باھا بېرىش مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قوللىنىل ـ غان "تۈركى" سۆزلەر، يەنە كېلىپ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنىڭ داۋامىدۇر. ئەمما، بۇلار ياشىغان زاماندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئەرەپ ـ فارس سۆزلىرى ئىگەللىۋالغان ئىدى. بۇنىڭ

ئىجتىمائى سەۋەبلىرى بار ئىدى.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي قىسمى (يەنى قارا-خانىلارنى تەسىس قىلغان قىسمى) ئىسلامنى رەسمىي قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ زامان-لاردا، ئىسلام بالدۇر تارقالغان رايونلاردا ئىلىم-پەن تىلى ئەرەب تىلى بولغىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ئەدەبىيات تىلى پارس تىلى بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۈركى ئەدىپ-شائىرلار ئۆزلىرىگە پارس تىلىنى كەسپىي تىل قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدى-غان بولۇپ قالدى. ئىراندا تەشكىل قىلىنغان قىلىنغان تۈركى خانلىقلار پارسچىنى رەسمىي دولەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلغان ئىدى. بۇ ھال 14-، 16-ئەسىرلەردە يېزىق ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ئەۋج ئالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، لۇتفى، سەككاكىلارنىڭ "تۈر-كى" تىلىدا ئەسەرلەر يارىتىشى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش ئىدى ۋە ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن چېلىشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن قاتتىق كۈرەشكەن ئەدىپلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى — ناۋايىدۇر.

ناۋاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ مۇ-تەپەككۇر شائىردۇر.

15-ئەسىردە "تۈركى" تىلدا ئىجات قىلغان شائىرلارنىڭ پېشۋاسى "ناۋايى" (جۈملىدىن پارسچە شېئىر يازغۇچىلارنىڭمۇ ئۇلۇغلىرىدىن بىرسى — "فانى"). ناۋايى ئەسلى "چىغتاي ئۇلۇسى" غا كىرگەن تۈركى خەلقلەردىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەسلى ۋە يەتتە سۇ بويىدىكى موڭغۇل-چىغتاي قەبىلىلىرىدىن تۈركلەشكەن

www.uyghurkitap.com

بارلاس ئۇرۇغىدىن. نىزامىدىن ئەلىشىر ھىراتتا 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، غىياسىدىن بارلاس دىگەن ھەربى ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان؛ ھىراتتا ئوقۇپ، 12 - 13 ياشلىرىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ۋە بابۇر شاھ ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان؛ 15 يېشىدىن باشلاپ، ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە بابۇر شاھنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان. ئەلىشىر بەدىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇش بىلەن بىللە ئۆزىمۇ شىئىر يېزىشقا باشلىغان ئىدى. ئەلىشىر بالا چېغىدا، شائىر لۇتفى خېلى ياشىنىپ قالغان ئىدى، ناۋايى لۇتفىنى ئۆز ئۇستازى دەپ ھىساپلايتتى؛ لۇتفىمۇ ياش ئەلىشىرنىڭ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا يۇقۇرى باھا بەرگەن. ئەلىشىرنىڭ زاماندىشى تارىخچى خاندەمىرنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىچە، بىر كۈنى لۇتفى ئەلىشىرنىڭ يېڭى يازغان شىئىرلىرىدىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى سورىغان. ناۋايى:

ئارەزىن ياپقاچ، كوزۇمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بويلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.

دەپ باشلانغان غەزەلنى ئوقۇپ بەرگىنىدە، لۇتفى ناھايىتى ھاياجانلانغان.

1456 - يىلى ئەلىشىر مەشھەتكە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە پىردەۋسى، نىزامى، خۇسراۋ دەھلىۋى، ئاتايى، لۇتفى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. ئەلىشىر 18 - 19 ياشلاردا، سەئىدىدىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى — ئابدۇراھمان جامى بىلەن تونۇشىدۇ. كېيىن ناۋايى ھىراتقا يېنىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەدىبىيات، مەنتىق، پەلسەپە ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۈركى ۋە پارسى تىللاردا كوپ شېئىرلار يازىدۇ. شېئىرلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا، كۈيچانلىقىغا چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن ئەلىشىر ئۆزىگە "ناۋايى" دەپ تەخەللۇس قويىدۇ. ("ناۋايى" — كۈي - ئاھاڭ دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان "ناۋا" سوزىدىن ئېلىنغان) 1469 - يىلدىن كېيىن، ناۋايى ھۆسەيىن بايقاراغا "تامغىچى"، 1472 - يىلى ۋەزىر بولىدۇ. 1476 - يىلدىن باشلاپ، ساراي-دىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1483 - يىلدىن 1485 - يىلغىچە «خەمسە» يەنى بەش داس-تانىنى: «ھەيرەتۇل ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى») «پەرھات ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە» («يەتتە سەييار»)، «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر تېمى») نى يازدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە: «سىراجىل مۇسلىمىن» («مۇسۇلمان-لار چىرىغى») "لىسانىت تەير" («قۇشلار تىلى»)، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» («تىللار توغرىسىدا مۇھاكىمە»)، «ئارۇز تۈركى» قاتارلىق بەدىي ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. ناۋايىنىڭ لىرىك مىراسى «چاردىۋان» («توت توپلام») دۇر. ئەسلىدە نامى «خەزايىنۇل مەئانى» («مەنالار خەزىنىسى») ئىدى، غەرايىبۇس سىخەر» («ياشلىق غارايىپلىرى»)، «نەۋادىرۇش شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدايىئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى») «فەۋائىدۇل كىبار» («قېرىلىق پايدىلىرى») دىگەن توپلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن چاردىۋان دەپ ئاتالغان.

ناۋايى 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولغان.

ناۋايى ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر مۇتەپەككۇر شائىر ئىدى.



Altun Oq

www.uyghurkitap.com

ئۇ زالىملارغا، خەلققە جاپا سالغۇچىلارغا، ئەبلەخلەرگە شۇنداق نەپرەت بىلدۈرەتتىكى، ئۇلارنى ئىت ـ ئىشەكتىن پەس مەخلۇقلار دەپ ئەيىپلەيتتى:

يۈز جاپا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە پەرياد ئەيلە بان
ئەلگە قىلسا بىر جاپا، يۈز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم.

سەفىھ زالىم ئىلە بولما خان ئۇزە ھەمدەست،
مۇناسىپ بولمىدى ئىت چۈنكى ھەمتاباقلىققا؛
ئۇزەڭگە ئەبلەخۇ نادانىنى ئەيلەمە ھەمراز
كى ياخشى ئەرمەس ئىشەك داغى ھەم ساباقلىققا.

ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ ئۆزگىل چۇغال ئەھلىدىن ئۈلپەتكىم،
ئۇلاردىن جۇزجافا كەلمەس ئەگەر يۈز يىل ۋاپا قىلساڭ؛
بىرىگە يۈز خاتا مۇلكى خىراجىن ئەيلىسەڭ ئىيسار،
خاتاسىز قەسدى جانىڭ قىلغۇسىدۇر بىر خاتا قىلساڭ.

ياغانچى، ئىككى يۈزلۈك مۇناپىق، يۇقۇرىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىدىن تۆۋەننى باسىدىغان، كىشىلەرنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان كىشىلەرنى تەنقىتلەپ شۇنداق دەيدۇ:

كىمكى مەخلۇق خىزمەتىگە كەمەر
چۈست ئىتەر، ياخشىراق ئۈشۈلسا بىلى.
قول قوۋۇشتۇرغۇنچە، بۇ ئەۋلا
كى چىقسا ئىلكى، سىنسا بېلى.
چۈ خۇشامەت دىمەكنى باشلاسا، قاش
كىم تۇتۇلسا دەمى، كېسىلسە تىلى.

بىراۋكىم بولۇر بىر ئاياق ئاش ئۈچۈن قۇل،
يۈزدگە كېرەكتۇر قازاننىڭ قاراسى.

ناۋايى دىنىي شەرىئەت نىقابىغا ئورىنىۋالغان ۋە ھىلىگەرلىك، تاماخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغۇچى رىياكار شەيخلار، ئىشان ۋە سوپىلارنى شەپقەتسىز پاش قىلىدۇ:

بۇ ئەل ئېرۇر بارچە ياماندىن يامان،
ھەرنە يوق ئاندىن يامان، ئاندىن يامان.

ناۋايى ئۆزىگە بولسا:

سوزدە ناۋايى ئەرسەڭ، چىن دىگىل،
راست - ناۋا نەغمە تەھسىن دىگىل.

تاجۇ كوپ دەردىسەر بېرۇر بىزگە
زۇلمىدۇر ئەقلى - ھۇش تاراجى،
باشىمىزدىن بۇ تاجنى كەم قىلما
بارچە گەر بولسا سەلتەنەت تاجى.

دەپ تەلەپ قويىدۇ. ناۋايى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇردى، راۋاجلاندۇردى. ناۋايى ئۆز ئانا تىلىدا سوزلەش تەرەپدارى ئىدى، ئۆز ئانا تىلىدا چوڭ - چوڭ ئەسەرلەر يارىتىش ئۈچۈن ھارماي چېلىشتى. ئۆز تىلىنى كەمسىتىدىغان ئەكسىيەتچى دائىرىلەرگە قارشى قاتتىق زەربە ھىساۋىدا، ئاجايىپ بەدىي ئەسەرلەر ياراتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ ناۋايى ياشىغان زامانىدا ئۆز ئانا تىلىنى كەمسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭدا گۈزەل بەدىي ئەسەرلەر يارىتىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان روھانى قاتلام ۋە ھوكۇمران تەبىقەنىڭ تەسىرى چوڭ ئىدى. بىزگە مەلۇم، تىل جەمىيەت ھاياتىدا ئالاقە ۋە پىكىر قىلىش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، يازغۇچىنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇشى ۋە ئارىلىشىشىدا تىلىنىڭ رولى چوڭ. خەلق تىلىدا سۆزلەش ۋە بەدىي ئەسەرلەر يارىتىش بىلەنلا قالماي، ئۆز ئانا تىلىنىڭ بېيىشى ۋە قېلىپلىشىشى ئۈچۈنمۇ ئىجابى رول ئوينايدۇ. بۇنى چۈشەنگەن ناۋايى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ كىرىش قىسمىدا، نىزامى - گەنجاۋى ۋە خۇسراۋ دەھلىۋى ھەققىدە سۆز-لىگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ناۋايى: تۈركى تىلىدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز-چىلىقىلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ، ئۆز خەلقىم ئۆز تىلىدا ئوقۇشى ئۈچۈن، نىزامى ۋە دەھلىۋىلەرنىڭ ئەسەر-لىرىدىن قېلىشمايدىغان ئەسەرلەر يارىتىش لازىم دەيدۇ:

گەرچە شوھرەتلىرى جاھاننى تۇتتى،
غەۋغالىرى ئىنسۇجاننى تۇتتى.
چۇفارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركى زەۋقى.
ئول تىل بىلە بولدىنەزم مەلفۇز،
كىم فارسى ئاڭلار ئولدى مەھزۇز.
مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھىكايەت.

كىم شوھرىتى جاھانغا تولغاي،
تۈركى ئېلى دەغى بەھرە ئالغاي.
نەچۇنكى بۇكۇن جاھاندا ئەتراك،
كوپدۇر خۇش تەبئو سافى ئىدراك.

ناۋايى تۈركى تىلىنىڭ شېئىرىيەت ۋە پەن تىلى بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا چوڭ رول ئوينىدى. ئۇز ئانا تىلىنىڭ باي تىل ئىكەنلىكىنى نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىسپاتلاپ، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» ئەسىرىنى يازدى. ناۋايى بۇ ئەسەردە شۇنداق دەيدۇ: "ۋە ئەگەر ئىككىلىسى تىل بىلەن ئەيتۇر قابىلىيەتلىرى بولسا ئۇز تىللىرى بىلەن كوپرەك ئەيتسالارئەردى ۋە يانا (باشقا) تىل بىلەن ئازراق ئەيتسالارئەردى. ۋە ئەگەر مۇبالىغە قىلسالار، ئىككىلىسى تىل بىلە تەڭ ئەيتسالار ئەردى". بۇ ئەسەردە ناۋايى تۈركى تىل بىلەن پارس تىلىنى بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ. تۈركى تىل — باي تىل، بۇ تىلنىڭ بايلىقلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىش زورۇر ۋە شەرت دەيدۇ. يالغۇز بۇ ئەسىرىدىلا ئەمەس، شۇنىڭدەك «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «لىسانۇت تەير»، «سەددى ئىسكەندەر» ئەسەرلىرىدىمۇ تۈركى تىلدا يېزىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بابۇر ناۋايى ھەققىدە توختالغىنىدا، ئەنجان شەھرىنىڭ رەستىلىرىدە ئاھالى تۈركى تىلدا سوزلىشىدىغانلىقىنى، ناۋايى ئۇز ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇ ئەنجان لەۋزىدە يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

"ئەندجان ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىرلە راستتۇر، ئانى ئۇچۇن كىم مىرئەلى شىرناۋايىنىڭ مۇسەنىفاتى باۋۇجۇدكىم ھىرىدا نەشۇە ناما تاپىپتۇر بۇ تىل بىلەدۇر" («بابۇرنامە»).

دىمەك، ناۋايى ئۆز تىلىنى "تۈركى تىل" دەيدۇ. بىز دەۋاتقان "تۈرك" كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ. ئۇ ھىچقاچان دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن "تۈرك" دەپ ئاتالغان بىر شەخسنىڭ نەسلىدىن تارالغانمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىسىدىكىدەك، فەرىدۇنىنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرى — تورانىلار يەنى تۈركلەرنىڭ بوۋىسى "تۇر" دىنمۇ تارالغان ئەمەس. قەبىلە - ئۇرۇق جەھەتتىن بىر ئاتا جەمەتكە باغلاش قەدىمقى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان. ۋامبىرى: "تۈرك" — "ئادەم، كىشى" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىرمۇنچە تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا "تۈرك" ساددا، نادان دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، بۇ سوز "كۈچلۈك، باتۇر" دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، شۇڭا بابۇرنىڭ ئەسىرىدە: "تۈرك ۋە مەردانە كىشى ئەردى" دىگەن ئىبارە بار دەيدۇ. ئاكادىمىك رادلوف: "تۈرك" 6 — 8 - ئەسىرلەردە خانلىق قۇرغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى، شۇ نامدىن ئېلىنىپ، "تۈرك تىلى" دىگەن نام پەيدا بولغان، تاكى ناۋايىغىچە بولغان ئەدىب ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تۈركى تىلنى ئىجتىمائى ئالاقە قورالى قىلغان دەيدۇ. لېكىن، تۈركولوگلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا 13 — 19 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ئەدەبىي تىل "چىغتاي تىلى" دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ. رۇس تىلشۇناسلىرىدىن رادلوف، مېلىئورانىسكىي، كورشلار ۋاقىت توغرىسىدىكى رامكىنى 15-، 16- ئەسىرلەر بىلەن چەكلەيدۇ. بۇ قاراشنى تۈركىيە تىلشۇناسلىرىدىن پىروفېسسور كۆپرۈلۈزادە قوللايدۇ.

ئىلمىي ئەدەبىياتتا، "چىغتاي تىلى" ياكى "چىغتاي ئەدەبىياتى"

دېيىلگەن ناملار، ئەمەلدە، تۈركى ئەدەبىي تىل بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشىدۇر. بۇ پەقەت چىغتاي ئەۋلاتلىرى ھوكۈم سۈرگەن دەۋرگە تەئەللۇق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتىلىپ قالغان. بۇ خۇددى ھوكۈمرانلار ئۆزلىرىنى نەسەپ جەھەتتىن مەشھۇر بىرەر خانغا باغلىغىنىغا ئوخشاش "موتىۋەر تىل" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. نامىدىنمۇ مەلۇمكى، "چىغتاي تىلى" بىرەر مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر تارىخىي شەخس (يەنى كەڭ بىر زېمىنغا ھوكۈمرانلىق قىلغان خان) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تىل. ئادەتتە تىل ئېتنىك ياكى جۇغراپىيىلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ؛ يەنى خەلق ياكى مىللەت نامى بىلەن ياكى يەر نامى ياكى بىرەر دائىرە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. 10 — 12 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ "خاقانىيە تىلى" دەپ ئاتىلىشى "ھوكۈمەت دائىرىلىرى تەشەببۇس قىلغان تىل" دېگەننى بىلدۈرىدۇ، تارىخىي شەخس نامى بىلەن مەشھۇر بولغان "چىغتاي تىلى" دىمۇ بىرەر خەلقنىڭ تىلى ئاساس — يادرو بولۇشى كېرەك. بۇ تىل — ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى.

بۇ دەۋردە، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈپ كەلگەن خەلق داستان - ئېپوسلىرى يېزىق شەكلىنى ئېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، «داستان شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىپ»، «داستان تاھىر پاشا ۋە زوھرا خېنىم»، «داستان بوز ئوغلان، ئاغا بەگ ئوغۇللىرى قالدىر ئايىم»، «داستان يۇسۇپ ئەخمەت» ۋە باشقىلار. بۇ خەلق داستانلىرىدىن «يۇسۇپ ئەخمەت» داستانىنى ئالساق، ئۇنىڭدا 8 - ئەسىردىكى تارىخىي ۋەقەلەرمۇ، شۇنىڭدەك موڭغۇل دەۋرىدىكى ئەھۋاللارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەرەپ ئاببباسىيلار

خەلپىلىگىنى تىكلەشتە چوڭ ھىممەت كورسەتكەن "ئەبۇ مۇسلىم (ئادەتتە خەلقنىڭ ئاغزىدا "ئاۋا مۇسلىم" — تۈركى خەلقىنىڭ چىققان تارىخىي شەخس) نىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر ئىپىزوتلار، شىنجاڭدا چىغتاي ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارغا دائىر ۋەقەلىكلەر داستاندا باش قەھرىمان يۈسۈپ ئەخمەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە باغلاپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇسلۇپ جەھەتتىنمۇ لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى ئۇسلۇپقا ئوخشاپ كېتىدۇ: ھەر بىر ئىپىزوت ئالدىدا ماۋزۇدىن كېيىن نەسرى يول بىلەن ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ. يەنى نەزىم بىلەن نەسر بىر بىرىگە تەتبىق قىلىنغان.

## 4

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە (16 — 18 - ئەسىرلەردە) ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتى دولقۇنسىمان ھالەتتە تەرەققى قىلىپ باردى. بۇنىڭغا سىياسى - ئىجتىمائى ھادىسىلەر ئەلۋەتتە تەسىر قىلغان ئىدى. چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز يىللاپ داۋام قىلغان جەڭ - جىدەللەرنىڭ ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن. جەنۇبىي شىنجاڭدا ياركەنت خانلىغى ۋۇجۇتقا كەلدى. سىياسى جەھەتتىكى بىر مەزگىللىك تىنچلىق ھالىتى خەلققە بىرقەدەر ئارام بەردى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەدىنىيەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە يۈكسىلىشىگە زېمىن تەييارلىدى. تۇرمۇشقا ۋە پىسخولوگىيىسىگە ناخشا - قوشاق سىڭىپ كەتكەن ئۇيغۇر خەلقىدە بەدىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرخىل ژانىرلىرى، دەرۋەقە، غەزەلچىلىك ۋە داستانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، گۈللىنىشكە باشلىدى. بەدىي

ئەدىبىياتىنىڭ يېڭى "بىناكارلىرى" مەيدانىغا كەلدى، بۇلارنىڭ نامايەندىلىرى مۇھەممەت ئىمىن خىرقىتى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ۋە نوبىتىلەردۇر.

## خىرقىتى

خىرقىتى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدا، ھىجرى 1044 - (مىلادى 1634 -) يىلى غوجام قۇلى دېگەن باغۋەننىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى باغۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. بەدىي ئەدىبىياتقا ياشلىقىدىنلا قىزىققان مۇھەممەت ئىمىندە شائىرلىق تالانتى ئۇسۇشكە باشلىغان. دەسلەپتە "خىرقىتى" دېگەن تەخەللۇس بىلەن قىسقا - قىسقا غەزەللەرنى يازغان. 1670 - يىلى مەسنەۋى شەكلىدە «مۇھەببەتنامە مېھنەتكامە» دېگەن لىرىك داستانىنى ياراتقان. بۇ داستاندا شائىر تاڭ باھارىغا تەلمۈرگەن ۋە باھار گۈلىستانىغا تەلپۈنگەن "بۇلبۇل" سىمۋولى ئارقىلىق جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. يورۇقلۇققا ۋە ئادالەتكە "سابا" ۋە "گۈل"نى سىمۋول قىلىپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنى، زۇلۇمغا بولغان نەپرەتنى كۈيلەيدۇ. شائىر بۇ داستاندا، ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن غەزەل شەكلىدىن پايدىلىنىپ، 18 - ئەسىردىكى ئىجتىمائى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بەزى تەخمىن بويىچە، بۇ شائىرنىڭ يەنە «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇس بىلەن يېزىلغان «غەزەللەر دىۋانى» مۇ بار. شائىر تەخمىنەن 1724 - يىلى ۋاپات بولغان.

## زەلىلى

مەھەممەت سىدىق زەلىلى تەخمىنەن ھىجرى 1085 -

www.uyghurkitap.com

(مىلادى) 1674 - يىلىدا، يەكەندە تۇغۇلغان، ئاساسەن يەكەندە ئوقۇپ، ئەرەپ - پارس تىللىرىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىي ئەدەبىياتنى ئوبدان ئۆگەنگەن. زەلىلى ياشىغان دەۋر جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى تام بولغان "خوجىلار" نىڭ جىدەللىرى باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان زامان ئىدى. شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن پىكىردە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم. دەسلەپتە شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن دىنىي يول ئارقىلىق نىجاتلىق ئىزلەش كۆزقارىشى مۇرەسسەلەشكەنلىكى ئەسەرلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. زەلىلى كۆپ يەرلەرنى كېزىدۇ، لېكىن يەكەن بىلەن خوتەندە كۆپرەك ياشايدۇ. تەخمىنەن 50 ياشلىرىدا زەلىلى خوتەندە خېلى يىللارغىچە تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ جەريانىدا، قەشقەر ۋە يەكەنلەردىكى خوجىلار ماجرالىرى كەمرەك تەسىر كۆرسەتكەن خوتەندە، زەلىلىنىڭ ئىدىيىسىدە مۇرەسسەچىلىك خاھىشى پەسلەپ، رىيالىستىك خاھىش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوپىلىق - زاھىتلىقنى ئۆتكۈر ساتىرا ئوقىغا تۇتۇشقا باشلاپ، ئۆتكۈر غەزەللەرنى يازىدۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەينەن كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، زەلىلىنى 18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەدىي ئەدەبىياتىدا رىيالىستىك ئېقىمنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جاھانگەشت شائىر 80 يىللىق ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان بولسىمۇ، بىزگە قولىيازما ھالىتىدە يېتىپ كەلگەنلىرى: 133 غەزەل، 19 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزاد، 46 پارچە پارىسى غەزەل، 16 «رۇقئىئات»، «سەپەرنامە» (1720 - يىلى 46 يېشىدا يازغان 1400 بېيتلىق داستان)، «تەزكىرە چىھىلتەن» (1736 - يىلى 62 يېشىدا يازغان 266

بېيتلىق رىۋايەت). «تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شېرىپ» (1744-يىلى 70 يېشىدا يازغان 770 بېيتلىق تارىخىي داستان).

ۋەتەنپەرۋەر شائىر زەلىلى ئاخىرقى ئۆمرىنى خوتەندە ئۆتكۈزگەن، "قازا قەيىزى ئىچىرە مەھبۇس" بولغان؛ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ دائىم بولىدىغان "باھار دەۋرى" ۋە خازاڭ بولمايدىغان "گۈلىستان مەنزىرىسى"گە ئىشەنچ باغلاپ، "ھەر بىر غەزەلىمدىن بىر ئوغۇل" تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئۇمىتۋارلىق بىلەن كۈيلىگەن:

شەھرى خوتەندە كىم كورۇپ بەرق ھاۋامىكىن دىدى،
شۇ ئىلەئى دۇدى ئاھ ئېرۇر بىلمىدى سەرھەد قومۇل.
نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىنىڭ دىمەڭ،
ئولگەنىمدىن كورۇڭ ھەر غەزەلىمدىن بىر ئوغۇل.

نوبىتى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەل، راۋان، لىرىكىلىق غەزەل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، لۇتفىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان شائىر نوبىتى، خوتەندە، ئوتتۇراھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ھىجرى 1160-(مىلادى 1740-) يىللىرى شائىر 50 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدا بىرىنچى شېئىر دىۋانىنى تۈزگەن. شائىر تەخمىنەن 1760-يىللىرى ۋاپات قىلغان. شائىر نوبىتى ئاز يازغان، لېكىن ئۆز يازغان ئىدى. ئۇنىڭ غەزەللىرى مەنتىقىي راۋانلىقى، ئوخشىتىش ئىبارىلىرىنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە شەكلىدە رەڭدارلىقى بىلەن كىتاپخانىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلىپ قىلىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتتە تىل سەنئىتىنى گەۋدىلەندۇرۇشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

نۇبىتىنىڭ شېئىرىيىتىدە دىنىي ئىدېئولوگىيە يېتەكچى ئورۇندا تۇرسىمۇ ۋە ئىجادىي ئەمەلىيىتى بىلەن دۇنيا قارىشى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئىدى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرىدا، نۇبىتى ئۆزىنىڭ خەلققە ھېسسىداشلىقىنى. ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكىگە نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن؛ شۇنىڭدەك، ئىنسانغا مۇھەببەت، دوستقا ساداقەت، كىشىلەرگە ساۋاپلىق خىزمەت، ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتتە سەمىمىيەت بولۇشى كېرەكلىكىنى چىن يۈرەك سادالىرى بىلەن كۈيلىگەن. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن كۆپىنچە دىنىي - ئىلاھىي يەكۈن چىقىرىش خاھىشىغا قاراپ، نۇبىتى غەزەللىرىنى دىنىي خۇراپاتنى تەرغىپ قىلىدىغان مىستىتىك ئەدەبىياتقا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

شائىر نۇبىتى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى ئىنتايىن ھۆرمەت تۇيغۇسى ۋە شېئىرىي ماھارىتى بىلەن تەرىپلەيدۇ. گۈزەل ئوخشىتىشلارنى ئۆز ئورنىدا قوللىنىپ، شەكىلگە ئالاھىدە سەنئەت تونىنى كىيگۈزگەن ۋە مەزمۇنغا چوڭقۇر مەنا سىڭدۈرگەن غەزەللىرىگە، شائىرنىڭ «خوتەننى» دېگەن شېئىرىدىن مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىياد مىسال ئەت خوتەننى.
خوجەستە خاكى رەھمەت سۈرمىسى
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بۇسەسى تۇرپە شىرىندۇر،
ھورلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.

تەلئەتىگە خۇرشىد، كوزلىرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىغا ھىلال ئەت خوتەننى.
مۇئەللىمىن ئافاق، بىنشىن سۇخەنگۇي،
تىفلىگە دەرسى، ماقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلەرى گۇلشەنى باغى
خەمسەگىگە قۇرداش ئىمتسال ئەت خوتەننى.
سەن ھەم نوبىتى سىياھ روي ئىپامگە
رەقىپلەر كوزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.

18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبىياتىغا خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتىلەرنى نەمۇنە قىلىپ كورسەتكەندىن تاشقىرى، يەنە بىزگە مەلۇم بولغان بىرقانچە شائىر - ئەدىپلەرنىمۇ ئاتاپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

18 - ئەسىردە ئوتكەن شائىرلىرىمىزدىن "مەجلىسى" تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ «دىۋانۇ مەجلىسى» دىگەن توپلىمى مەلۇم. ھىجرى 1175 - (مىلادى 1761 -) يىلى موللا ئەلەم شەھيارى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان يازغان. پىچان لۇكچۇنلۇك ئەخمەت غوجام نىياز ئوغلى (1717 — 1827 - يىللار) «رەۋزە خوزرا» («كوكلەم باغ») ناملىق داستان يازغان. تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلىغان تەزكىرە ئەدىبىياتىمۇ خېلى راۋاجلانغان. مەسىلەن، ھىجرى 1180 - (مىلادى 1767-) يىلى موللا مۇھەممەت ئابدۇلئەلىم ئىبنى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەت (تەخەللۇسى "شائىر ئاخۇن") «ئىسلامنامە» ناملىق شېئرىي ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئىككى شەيخىنىڭ جوڭغار ئويراتلىرى بىلەن بولغان كورەشلىرى بايان قىلىنغان. يەنە بىر نا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلۇم ئاپتور ئۇۋچىلىق توغرىسىدا 70 باپلىق «بازنامە» دېگەن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ھىجرى 1205 - (مىلادى 1790 - يىلى خوتەنلىك موللا نىياز «تەزكىرەئى ئىمام»، ھىجرى 1215- (مىلادى 1799 -) يىلى قەشقەرلىق قاسىمى «تەزكىرەئى ئار- سلانخان» داستانىنى يازغان. بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز داستان- لىرىدىن نامەلۇم كاتىپ «مەختۇم سۇمۇلا» داستانىنى يېزىپ - قالدۇرغان. دەرۋەقە، داستانىنىڭ ۋەقەلىكى چىڭگىز موڭغۇل دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، ئەسلىدە بۇ داستان 14-، 15- ئەسىرلەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

18 - ئەسىر دىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرەپى شۇكى، نۇرغۇنلىغان تەرجىمە ۋە تەقلىدىي ئەسەرلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. يەنى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلگىركى كىلاسسىكلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان؛ بەزىلىرى نەزمە (شېئىرىي) شەكلىدە يېزىلغان داڭلىق داستانلار نەسرىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇلغان.

«كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى (بۇ ئەسەر ئەسلىدە ھىندىستان پەيلەسوپلىرىدىن روشەن راي بىدە پايىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئابباسى خەلىپىلىرىدىن ئەبۇ جەپەر مەنسۇر ۋاقتىدا، ئوبۇلھەسەن ئىبنى مۇقەففا قەدىمقى پەھلىۋى - پارىس تىلىدىن ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ۋائىزۇل - كاشفى بۇ ئەسەرگە ”ئەنۋار سۇھەيلە“ دەپ نام بەرگەن) ھىجرى 1130 - (مىلادى 1717 -) يىلى قەشقەردە موللا مۇھەممەت تۆمۈر پارىسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا مەھەممەت ئىمام بەگ سەۋەپچى بولغاچقا، تەرجىمان بۇ ئەسەرگە «ئاسارئىمامىيە» دەپ نام بەرگەن. موللا مۇھەممەت تۆمۈر بۇ

ئەسەرنى ئاددىلا تەرجىمە قىلماستىن، ئىجادىي تەرجىمە قىلغان.
خۇسەيىن ئىبنى مۇسا تارسۇسى قەدىمقى پارس سۇلالىسى ئەخمە-
نىدلەردىن پادىشا دارا ھەققىدە يازغان «داراپنامە» دېگەن
قىسسىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. سەيپۇلمۇلۇك
ۋە بەدىئۇل جامال توغرىسىدا پارسچە يېزىلغان قىسسە «داستان
سەيپۇلمۇلۇك» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن.
مىرپازىل موللا كىچىك ساقى ھىجرى 1150 - (مىلادى 1737 -)
يىلى خاۋەند شاھنىڭ «رەۋزە تۇس ساپا» دېگەن مەشھۇر
تارىخىنىڭ I جىلدىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر تارىخ-
چىسى مىرزا ھەيدەر گورگان يەركەندىنىڭ 1545 - يىلى پارس-
چە يېزىلغان «تارىخ رەشىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ھاجى
يۇسۇپ ئىبنى موللا ئۇشۇر خەلپەم ھىجرى 1164 - (مىلادى
1750 - ) يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ بۇ
نۇسخىدا بىرقانچە ئەدىبىي پارچىلار ۋە قىسسە - رىۋايەتلەر
بار. 17 - ئەسىر ئاخىرىدا مەھمۇد جاراس تەرىپىدىن يېزىلغان
نامسىز تارىخ كىتاۋىدا، سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىت
خاننىڭ بىرقانچە شېئىرلىرى قەيت قىلىنغان. موللا يۇنۇس يەر-
كەندى ھىجرى 1169 - (مىلادى 1755 - ) يىلى ئابدۇراخمان
جامىنىڭ داستانىغا تەقلىت قىلىپ «داستان يۇسۇپ زىلەيخا»
ئەسىرىنى ئىشلەپ چىققان. مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھەيئەتى «ئەزا
تارتماقنىڭ بايانى» دېگەن ئىلمىي كىتاپنى نەزمە - نەسىر شەكلى
بىلەن يازغان؛ "تەبئ يەتكەنچە نەزەم ئەيلەيدۇ ھەيرىتى خەستەدىل
ماچىنى" دېگەن ئىبارىگە قارىغاندا، شائىر خوتەنلىك بولسا
كېرەك. يەركەنتلىك ئومەر باقى 1792 - يىلى ناۋايىنىڭ
«پەرھاد ۋە شېرىن» ھەم «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى

نەسرى شەكلدە قىسسىگە ئايلاندۇرغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىم موللا سادىق يەركەندى «خەمسە ناۋايى» نى شېئىر شەكلىدىن نەسر شەكلگە ئايلاندۇرۇپ، مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگنىڭ نامىغا بېغىشلاپ، «نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگ» دىگەن نەسرى ئەسەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە نۇرغۇن ئەدىپ ۋە تەرجىمانلار يېتىشكەنلىگى، يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ كوپلۇگى ۋە مەزمۇنلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىللىغى جەھەتتىن، بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن دەۋرى دەپ ھىساپلاش مۇمكىن.

## 5

تارىخ 19 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېڭىنقى دەۋر باشلاندى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىسيانلىرىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن نىسپى ھالدا ئىقتىسات ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. لېكىن فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمرانلىغىنىڭ خەلققە بەخت ـ سائادەت ۋە ئەركىنلىك بېرىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىگەن ئىستىبداتى ۋە يەرلىك ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنىڭ زۇلۇم ۋاستىلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىگىنى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ كوپ جايلىرىدا دىخانلار قوزغىلاڭلىرى كوتىرىلدى. سىياسى زۇلۇمغا، فېئوداللىق ئاسارەتكە، مۇدھىش

جاھالەتكە قارشى ئومۇمى خەلق ھەركىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولـ
غان ئىجتىمائى ھادىسىلەر ئەدەبىياتقىمۇ ئالاھىدە تەسىر كورسەتـ
تى، شۇنىڭدەك، شىنجاڭدا ئۇيغۇر خەلقىنى تەركى دۇنيالىققا
باشلاپ، سوپىلىقنىڭ مەنىۋى زەنجىرلىرى بىلەن بوغۇشقا ئۇرۇنـ
غان خوجا ـ ئىشانلار بىرمۇنچە بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارـ
دى. بۇ ۋەزىيەت جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات چاقىنى بىر مەزگىل
كەينىگە چۆگىلەتتى. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان خەلقپەرۋەر
ئەدىپلەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئاشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتىمۇ
نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى. شۇڭا يېقىنقى زامانـ
دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىجتىـ
مائى ۋەقەلىكنى ھەرخىل ئەدەبىي ۋاستە بىلەن ئىپادىلىگۈچى
تەنقىدىي رىيالىزىم بولدى. جۈملىدىن، ھەجۋى ئەدەبىياتمۇ گۈلـ
لىنىشكە باشلىدى.

يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى
باسقۇچىدا، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئابدۇرېھىم
نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىلەرگە ئوخشاش رىيالىستىك
شائىرلار يېتىشىپ چىقتى.

## نىزارى

ئابدۇرېھىم نىزارى تەخمىنەن 1770 ـ يىلى قەشقەر كونا
شەھەر بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، 1848 ـ يىلى ۋاپات
بولغان.

نىزارى شائىر بولۇش بىلەن بىللە ئۇستا خەتتات ئىدى.
بىر مەزگىل زوھۇرىدىن ھېكىم بەگنىڭ مەھكىمىسىدە كاتىپلىق
خىزمىتىنى ئۆتىگەن، باقا، ئۇش، قوقەنت، بۇخارا، قىزلەر، شەـ
مەيلەرنى ساياھەت قىلغان. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەسەرلىرى

بىزگە مەلۇم بولغان شائىرلار ئىچىدە بەدىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىر شەكلى ۋە نەزمە - نەسىر شەكلىدە ئەڭ كوپ يازغان شائىر — نىزارىدۇر. شائىرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى 48 مىڭ مىسراغا يېتىدۇ. شائىرنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىن 3 توپلام مەۋجۇت: بىرى «زادۇل نەجات» («نىجاتلىق ئوزۇقى»)، بەزى بىر نۇسخىدا «دۇرۇل نىجات» («نىجاتلىق گوھىرى») دەپمۇ يېزىلغان. بۇ توپلامغا «مۇخبىل روشەن دىل»، «خاۋاران»، «ماۋران»، «مۇدەببىر» دىگەن نەزمە — نەسرى ئۇسلۇپتا، دىنىي - ئەخلاقى مەزمۇندىكى قىسسە - رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. ھىجرى 1265 - (مىلادى 1848 -) يىلى كوچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ ئاخىرى

"نىزارى جاھان ئىچىرە زار - نىزار
مۇھەببەت مەيىگە ئېرۇر ئىنتىزار"

دىگەن بىيىت بىلەن ئاياقلاشقان. بۇ ئەسەرلىرىدە شائىر خەلق - نىڭ چىن دوستلۇقى، سەممىيەتكە ۋە ھەقىقى ئەدەپ - پەزىد - لەتكە بولغان ئىنتەكلىرىنى بايان قىلىدۇ؛ خەلقنىڭ مۇڭ - زار - لىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شائىرنىڭ ئىككىنچى توپلىمى — «غېرىپلار ھىكاياتى» بولۇپ، ھىجرى 1257 - (مىلادى 1841 -) يىلى يەنى ئۇمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان. شائىر بۇ داستانلارنى مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ، بولۇپمۇ زوھۇرىدىن ھېكىم بەگنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن يازغانلىغىنى بايان قىلىدۇ. بۇ توپلامغا مۇنداق ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن: «سەئىدى شىرازى ۋە ئۇنىڭ سەرگۇ - زەشتى توغرىسىدا داستان»، «ھىند شاھىنىڭ ئوز قىزىنى مۇھەب - بەت شېرى ئوقۇغانلىغى ئۇچۇن جازالىغانلىغى»، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «مەجنۇن ۋە لەيلى»، «شاھ بەھرام ۋە دىل ئارام»،

«ۋامىق ئۇزرا»، «ئازاد بەخت ياكى چەھار دەرۋىش»، «گۈلنىسا ۋە مەھزۇن»، «شاھزادە مەسئۇد ۋە دىلارا»، «سەئىدىن ۋە رابىئە». شائىرنىڭ ئۈچىنچى توپلىمى «مۇخەممەس نىزارى» بولۇپ، ئەلىشىر ناۋايى قوللانغان شەكىلدە ئىلىپبە تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلگەن، توپلامنىڭ ئاخىرقى غەزىلى "ناۋايىدەك ياتار تا سۇبھە مەھشەر تەرك خوب ئەيلەپ" دىگەن مىسرا بىلەن ئاياقلاشقان. دىمەك، نىزارى ئۆزىنىڭ بۇ توپلىمىدىكى بەزى شېئىرلىرىنى ناۋايىغا مۇخەممەس قىلغانلىقى مەلۇم.

بىزگە مەلۇم، كىلاسسىك شائىرلاردىن مەشھۇرراقلىرى ئومۇمەن بىر تېمىنى (پەرھاد ۋە شىرىن، لەيلى مەجنۇن ۋە باشقىلارنى) ئورتاق تېما قىلىپ، ۋەقەلىكلەرنى قايتا قۇراشتۇرۇپ، قەھرىمانلىرىنىڭ يۇرتلىرىنى باشقا قىلىپ يازغان. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، ئۇز زامانىسىدىكى فېودال — پادىشالىقنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا ۋە مۇستەبىتلىك تۈزۈم شارائىتىدىكى خەلق ھاياتىغا نىسبەتەن كوزقاراشلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، شائىرلار ئورتاق تېما ئاساسىدا (يەنى بىر بىرىگە ۋارىس بولۇپ ياكى تەقلىت قىلىپ) ئۇز چۈشەنچىلىرىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىگەن. شۇڭا، نىزارىنىڭ بەزى داستانلىرىمۇ نىزامى گەنجاۋى، ئابدۇراخمان جامى، ناۋايى ۋە خىسراۋ دەھلىۋىلەرنىڭكىدەك غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىجتىمائى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن رومانتىك داستانلاردۇر. شېئىرىيەتتىكى بەدىي ماھارەت جەھەتتە نىزارى گەرچە ناۋايىغا تەڭ كېلەلمىسىمۇ، لېكىن نىزارىنىڭ ناۋايىغا نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى بار. ناۋايى غايىۋى ئوبرازلارنى ئىجتىمائى تۇرمۇشقا باغلاپ رومانتىك يول بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، نىزارى بەزى داستانلىرىدا رىيال ھاياتتىن تىپىك ئوبراز يارىتىپ

www.uyghurkitap.com

رىيالىستىك يول بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن. بەنى، نىزارى ئىران-خۇراسان ۋە مەۋارەئۇننەھردە ئەنئەنە بولۇپ قالغان غايىۋى سيۇژېتلارنى ئۇتكەنكى كىلاسسىكلاردەك ئوزگىچە قايتا ئىشلەپ تۇرمىغان؛ بولۇپمۇ «رابىئە ۋە سەئدىن» دىگەن داستانىنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆزى ياشىغان زاماندىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئالغان، بۇ ئەسەر پەقەت «رابىئە» دىگەن قىز بىلەن «سەئدىن» دىگەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىلا مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئىبارەت بولماستىن، بەلكى نىزارى ياشىغان قەشقەرنىڭ شۇ زاماندىكى فېودالىق جەمىيىتىنىڭ پاجىئەسىدىن ئىبارەت. نىزارىنىڭ داستانلىرىدا ياكى باشقا ئەسەرلىرىدە قۇۋۋەتلەنگەن ئىدىيە-ھىسسىيات فېودالىق، ئاسارەتكە، خۇراپات ۋە جاھالەتكە، نادانلىققا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرۈش بىلەن گەۋدىلەنگەن. شائىر فېودالىق جەمىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىگە شېرىك بولغىنى ئۈچۈن، شۇ روھىي ھالىتى ۋە ئىدىيىسىگە مۇۋاپىق «نىزارى» (غەملىك) دەپ تەخەللۇس قوللانغان.

غېرىبى

قەشقەرلىك بۇ شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنى ”ئىدى تۇردى— ئىسمىم، غېرىبى — لەقەپ“ دەپ قەيت قىلغان. شائىر غېرىبى 1808-يىلى تۇغۇلغان، تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋاپات بولغان. شائىر قەشقەردە ”خانلىق مەدرەسە“ دە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات بويىچە ئىلىم ئۆگەنگەن، ئەرەپ-پارس تىللىرىنى ئوبدان ئىگەللىگەن. شائىر نىزارى بىلەن خىزمەتداش بولۇپ، نىزارىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇش ئىدى. ھەر كۈنى جەمىيەتنىڭ ھەر خىل تەبەقىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقى ۋە تۇرلۇك كاسىپلارنىڭ قەشقەر

ھېكىم بەگ مەھكىمىسىگە قىلغان ئەرز-داتلىرىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ياش چېغىدىلا تۆردىئاخۇن شېرىيەت ۋە خەتتاتلىقتا ماھارەت ئىگىسى بولۇپ قالغان ئىدى. 30 ياش چاغلىرىدا، غېرىبىي 19-ئەسىردىكى قەشقەر رايونىدا مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بويىچە، 32 خىل كاسىپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، ئارتۇقلۇق-كەمچىلىكلىرىنى، ھەر بىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە ھەم خېرىدارىغا تۇتقان مۇئامىلىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ھىجرى 1257-(مىلادى 1841-) يىلى «كىتاب غېرىب» دېگەن داستانىنى يازغان. ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىدا شۇ چاققىچە مەخسۇس تېما قىلىنمىغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى شائىر غېرىبىي بىرىنچى بولۇپ، بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق شەرھىلەپ بەرگەن. ئەسەر بىر مۇقەددىمە، ئوتتۇز ئىككى ماۋزۇ بىلەن 1956 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، كاسىپلارنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە، ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىش يولى بىلەن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. جۈملىدىن، شائىر فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىك شارائىتىدا ھۇنەرۋەن كاسىپلاردىكى شەخسىيەتچىلىكنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە شائىر كىشىلەرگە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى دېخاننى بىرىنچى قەھرىمان، دېخانچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى تۆمۈرچىنى ئىككىنچى قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىكى ئىگىلىك مۇناسىۋەتلىرىگە زامان چەكلىمىسى ۋە دىنىي ئىدىئولوگىيە چۈشەنچىسى بىلەن باھا بەرگەن، شۇنداقتىمۇ غېرىبىينى 19-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسىردە بىرىنچى بولۇپ، دىخان بىلەن ئىشچىنى ھەممە كاسىپلارنىڭ بېشى قىلىپ، بەدىي ئەدەبىياتتا باش قەھرىمان سۈپەتىدە تەسۋىرلىگەن شائىر دىسەك مۇبالىغە بولماس. يەنە بىر ۋاستىلىك مەلۇمات بويىچە، بۇ شائىرنىڭ «خوشھال غېرىبى» دىگەن تەخەللۇس بىلەن، 1848 - يىلى ئۆزى تۈزگەن «كۇللىيات غېرىبى» دىگەن ئەسەرلەر توپلىمى بار بولۇپ، بۇ توپلامغا 271 غەزەل، 53 مەسنەۋى، 37 رۇبائى ۋە باشقا لىرىكىلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ دەۋردە، يەنە «ئەشئار سادىق» («سادىق شېئىرلىرى»)، «ئېلىك خانلار توغرىسىدا داستان» يازغان ئەيمەن، «مەلىكەكىتابى» (يەنى خەلىل شاھزادە بىلەن ئەججەر پادىشاھنىڭ قىزى توغرىسىدا قىسسە ھەم ئۇلارنىڭ مىڭ بىر سوئالىغا ئابدۇلئەلىمنىڭ جاۋاۋى) دىگەن ئەسەر يازغان "مىسكىن بىچارە" قاتارلىق شائىرلار ئۆتكەن. بۇلاردىن باشقا ھىجرى 1245 - (مىلادى 1829 - ) يىلى، ئىلىك خانلارنىڭ كۆرەشلىرى توغرىسىدىكى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىگەن شېئىرىي تارىخ، نەسرى يول بىلەن يېزىلغان «ئىسكەندەرنامە»؛ «يار - يار» ناملىق بەيىتلار توپلىمى، «بۇلبۇل گۈلشەن ناۋايى» (ماھمۇنىر، بەھراز شاھزادىسى ۋە سودىگەر ئەبۇنەسىرنىڭ قىزى خوپ چېھرە ھەققىدىكى مۇھەببەت رومانى)، شاھ مۇھەممەت ئىبنى خوجا نىزامىدىن تەرىپىدىن پىردەۋسىنىڭ شاھنامىسىدىن «تەرجىمەئى شاھنامە» دىگەن نام بىلەن پارچىلار نەسرلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغان؛ بۇ تەرجىمىنىڭ ھىجرى 1253 - (مىلادى 1837 -) يىلى قارا قاشلىق موللا سۇلتان موللاقوزى كۆچۈرگەن نۇسخىسىدا، كايۇمەرستىن ئەردەشىرنىڭ ھەيتادقا يۈرۈشىگىچە بولا-

غان ۋەقەلەر، يەنە بىر نۇسخىسىدا بولسا دىۋە ئەكۋەندىن ئەردەشىر باباكانغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن «داستان مىهروماھ» (خاۋەرشاھ ئوغلى مىھىر بىلەن ئافرىقا ھوكۇمدارىنىڭ قىزى ماھىنىڭ ئاشىق - مەشۇقلۇغى توغرىسىدىكى قىسسە) پارىسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى «بەختىيار نامە»دىن 10 ھىكايە ئېلىپ، خەلق ئارىسىدىن ھىكايە - چۆچەكلەرنى توپلاپ، ھىجرى 1266 - (مىلادى 1849 -) يىلى «جامىئۇل ھىكايات» («ھىكايىلەر توپلىمى») نى تۈزۈپ ئوز قولى بىلەن كوچۈرگەن.

ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتى ئومۇمەن ئىسلام ئەدەبىياتىدا بايان قىلىنىشى مۇتلەق شەرت ھىساپلانغان دىنىي تېمىلارنى ئەپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە يېقىندىن ماسلىشىپ باردى.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، جايلاردا كەينى - كەينىدىن دىخانلار قوزغىلاڭلىرى كوتىرىلدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاساسەن دىنىي - روھانىلار قولىدا ئىدى، بىرقانچە جايدا دىخانلار ئوز ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى. لېكىن پۇرسەت پايلىغان قوقەنت خانلىغىنىڭ چاپارمىنى ياقۇپ بەگ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن، قوزغىلاڭلارنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىنى تارتىۋالدى. ئىلى رايونىدىمۇ چارروسىيە جاھانگىرلىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلىك چاڭگىلىنى سالدى. ئىجتىمائى ۋەقەلەر تەبىي يوسۇندا ئەدەبىياتقىمۇ تەسىر كورسەتتى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوزگىچىلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىجتىمائى رېياللىقنى ئەكىس ئەتتۇرىدىغان دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋى ژانىرى تەرەققى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى. بۇ دەۋردە چىققان شائىرلىرىمىز قەلەملىرىنى بىۋاستە فېودال ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا قارىتىشتىن ئەيمەنمەي، ئۇنىڭ چىرىك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرىدىغان، يەنى "دوپپىسىنى ئال دىسە، كاللىسىنى ئالىدىغان" مەھەللى قول - چوماقلىرىغا قاراتتى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

موللا بىلال

موللا بىلال ھىجرى 1241 - (مىلادى 1825 -) يىلى غۇلجا شەھرىدە موللا يۈسۈپ دىگەن پېقىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇز ئائىلىسىدە باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كىيىن، ئاتىسىدىن يېتىم قىلىپ، "ئالتۇنلۇغۇم" (تۇغلۇق تومۇر خان مازىرى) يېنىدىكى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. شائىرنىڭ ياشلىق دەۋرى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن:

ياتار ئەردىم جاھان خەلقىغە كوپ بى ئېتىبار ئولغاچ،
يۈرەلمەي ئەل ئارا تىنەپ، قېرى ھەم بى شۇمار ئولغاچ؛
كىچەلەر تۇرپە بەدھال ئەردىم - ۋ، كۈندۈز مالامەتلىك،
غىنالىق دولىتىگە چۈن يېتەلمەي تۇرپە زار ئولغاچ.

شەپقەتسىز زامان ۋە مۇدھىش كەمبەغەلچىلىك كاساپىتىدىن شائىر تېخىمۇ يۇقۇرى بىلىم ئېلىش ئىستىگىگىمۇ، ھەتتا

ئاشقلىق مۇرادىغىمۇ يېتەلمىگەن. موللا بىلال ياش چېغىدىلا ئەدەبىياتقا ۋە مۇزىكىغا بېرىلگەن. ئۇزىنىڭ ئىجادىي ئىشىنى غەزەل يېزىشتىن باشلىغان. 27 يېشىدا يەنى 1851-يىلى «غەزەلىيات» (2016 مىسرالىق) توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئەسىردە شائىر ئاساسەن مۇھەببەتنى تېما قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىمۇ ۋە شۇ ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئۇزىنىڭ كوز قاراشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىلى ۋىلايىتىدە زۇلۇمغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى دىخانلار ھەرىكىتى يۈز بەرگەندە، شائىر بۇ ھەركەتلەرگە ھېسداش بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاكتىپ قاتناشقان. نەتىجىدە «غازات دەرمۇلكى چىن» («چىن مەملىكىتىدە بولغان مۇقەددەس ئۇرۇش») دىگەن جەڭنامىنى يېزىپ چىققان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى ئىلى ۋىلايىتىدە 1862 — 1872-يىللىرى يۈز بەرگەن دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دىيىشكە بولىدۇ. داستاندا خەلق كۈچى گەۋدىلىك كورسىتىلگەن، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ ئېچىپ بېرىلگەن. لېكىن موللا بىلال جەمىيەتتىكى ھادىسىلەرنى دىنىي ئىدىئولوگىيە بىلەن كوزەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاساسىي زىددىيەتلەرنى ئېنىق كورسىتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موللا بىلال خەلقپەرۋەر ۋە ئادالەتپەرۋەر شائىردۇر. موللا بىلال دۈشمەنگە تىز پۈكمەي، جان پىدالىق بىلەن كۈرەشكەن قەھرىمان قىز نوزۇگۇمنىڭ قىسمەن تەرجىمە ھالىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «نوزۇگۇم» داستانىنىمۇ يازغان. بۇنىڭدىن باشقا 1881-يىلى ئۇزىنى "ئەۋلىيا" قىلىپ كورسىتىپ، خەلقنى ئالدىغان ۋە ئاخىرىدا قاتىللىق قىلىپ، شەرمەندىلىك بىلەن جازالانغان بىر مەككارنىڭ ئوبرا-

زىنى ياراتقان «چاگموزا يۈسۈپخان» دىگەن داستانىنى يازغان. شائىر 77 يېشىدا مۇساپىرچىلىقتا چەتئەلدە ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ فېودال مۇستەبىتلىككە قارشى غەزەپ بىلەن يازغان مۇنۇ بېيىتلىرى ئۆز زامانىسىدا ھوكۇمرانلارغا ئوق بولۇپ ئېتىلغان ئىدى:

قەيۇ شاھ ئادىل ئەرسە سەن ئۇنى مىسلى سۇلايمان بىل،
قەيۇ زالىمنى كورسەڭ سەن ئۇنى يەر بىرلە يەكسان بىل.
... ... ... ... ... ... ... ...
بىلال بۇ سوزنى ئىما بىرلە قىلدى ئەھلى داناغا
داغى ساھىپ سۇخەنۋەر رەھبەرنى شاھى گىلان بىل.

خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان شائىرلاردىن سېيىت مۇھەممەت غۇلجىدا بولغان قوزغىلاڭنىڭ يېڭىلىشىدىكى بەزى سەۋەپلەرنى تەھلىل قىلىپ «شەرھ شىكەستەنامە» («سۇنغانلىقنىڭ شەرھىنامىسى») نى يېزىپ چىققان؛ شۇنىڭدەك موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىمۇ رىيال تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلغان ئەسەردۇر

بۇ زاماندىكى ھەجۋى ئەدىبىياتنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە، ئەخمەت شاھ قارا قاشىنىڭ «مۇھەببەتنامە» دىگەن شېئىري مەكتۇبىنى ئەسلەش كېرەك. بۇ قىسقىغىنا ئەسەردە، شائىر ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر ۋە كېلىشكەن ئوخشىتىشلار بىلەن، نەپسانىيەتلىكنىڭ تىمسالى — ئاچكوز، تويماس، رىياكار روھانىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەن. بۇ ئەسەر شۇنچىلىك كەڭ تارقالغان-

كى، بەزەن — مەجلىسلەردە ئەلنەغمىچىلەر بۇ شېئىرى خەتنى قىسسە تەرىقىسىدە ئېيتىپ بېرەتتى.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن يېزىق يۈزىدە يەنە مۇنداق ئەسەرلەرمۇ بىزگە مەلۇم. ھىجرى 1296 - (مىلادى 1878 -) يىلى موللا مۇھەممەت توختىنىياز ئىبنى موللا مۇھەممەت تۆمۈر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «داستان ھورلىقا» (مەزمۇنى مىسىر شاھى خۇسراۋنىڭ ئوغلى ھەمراھ بىلەن ئېرەم باغىنىڭ پەرىسى، شاھ رۇخ ئىبنى شەئبانىنىڭ قىزى ھورلىقا توغرىسىدا داستان)؛ ھىجرى 1290 - (مىلادى 1873 -) يىلى كۆچۈرۈلگەن «داستان مالىك ئەژدەر» (رەجەپ ھەرىس شەھرىنىڭ پادىشاسىنىڭ ئوغلى مالىك ئەژدەر توغرىسىدا قىسسە)، ھىجرى 1308 - (مىلادى 1890 -) يىلى كۆچۈرۈلگەن «قەسىدە دەرنەئت سۇلتان ئارسلان خان» (سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى سېيىت ئەلى ئارسلان ھەققىدە داستان)؛ ھىجرى 1311 - (مىلادى 1893 -) يىلى كۆچۈرۈلگەن «قىرىق تۇتى» (پارىسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نەخشەبىنىڭ 52 ھىكايىسى ۋە باشقا ئىمارگىنال 40 ھىكايىدىن ئىبارەت توپلام)، ئاقسۇلۇق مۇھەممەت ھەسەن ئەلەم تەرىپىدىن يېزىلىپ، ھىجرى 1311 - (مىلادى 1893 -) يىلى مىرزا ئابدىقادىر ئاخۇن كۆچۈرگەن «ھاتەمنامە» (سەخىلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان ھاتەم تاي ھەققىدە قىسسە) ۋە باشقىلار.

يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى دېموكراتىك ئەدەبىيات ياكى خەلق پەرۋەرلىك ئەدەبىياتى دېسەكمۇ بولىدۇ، بولۇپمۇ

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوبدان ئەنئەنىلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، سوۋېت جەمئىيىتىدىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. دېموكراتىك، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، تەرەققىپەرۋەرلىك ئۈچۈن كۈرەش تېمىسى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى. تېما دائىرىسى كېڭەيدى.

× ×

بىز يۇقۇرىدا، يېقىنقى زامان ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق. كىلاسسىك ئەدەبىيات خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەنكى دەۋرلەردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، مەدەنى ھاياتىنى، ئورپى ـ ئادەتلىرىگە باغلىق ھالدا خاراكتىر خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئىجتىمائى ئاڭ ـ پىكرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ — خەلقىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائى تەرەققىيات تارىخىنىڭ بەدىئى ئىپادىسىدۇر. بۇنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش يولى بىلەن ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

قەدىمقى زامان (كىلاسسىك) ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىدا خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، تەربىيىۋى رول ئوينىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىتابخانىلار ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇقلۇق بولالايدۇ. ئۇلاردىكى تەرەققىپەرۋەرلىك مەزمۇن بىلەن بىرىككەن گۈزەل بەدىئى شەكىل كىتابخانىلارنى ئوزىگە مەپتۇن قىلىش نەتىجىسىدە، تارىخىي كەچمىشلەرنى تەبىئى يوسۇندا ئەسلىتىدۇ ۋە تۇرمۇش ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە

ئۆگىتىدۇ. بۇ — كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھاياجانلاندۇرۇش، بەدىي ھوزۇر بېغىشلاش كۈچىنىڭ بىر ئىپادىسى، لېكىن ئۇزاق زامانلار ئۆتكەچكە، جەمىيەتلەر پەرقلىق بولغاچقا، جۈملىدىن كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە تىل ئىپادىلىرى بولغاچقا، ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىغا ئىزاھلاپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ — كىلاسسىك ئەدەبىيات بويىچە تەتقىقاتنىڭ بىر تۈرى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي تەتقىقاتچىلىق تېخى رەسمىي قولغا ئېلىنمىدى. يېزىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى، خەلق داستانچىلىقى تېخىچە تەتقىق قىلىنمىدى. ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئەدەبىياتىمىزدا ئايرىم ئىلمىي-نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىشى ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ. كىلاسسىك ئەدىپلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى (تېمىسى، ئىدىيىسى، تىلى، ۋەقەلىكى، بەدىي خۇسۇسىيەتلىرى) ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەنگىنى يوق. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى، شۇنىڭدەك خەنزۇ ۋە ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇيغۇر يېزىق ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەر دەۋردە پەيدا بولغان يېڭىچە ۋاستىلەرنىڭ قەدىمقى ئەدەبىي ئەنئەنىلەر ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئالاھىدە بىر مەسىلە.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز دەۋرىگە يارىشا رېئالىزىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئومۇمى ئەدەبىياتنىڭ ئېقىمىدا رېئالىزىم خاھ-

شىنىڭ تەسىرى ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تۇتقان ئورنىنى ئېنىقلاش، ھەر دەۋردىكى ئىدىيولوگىيىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى، كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە دىنىي ئىدىيو- لوگىيە شەكلى ئىچىدىكى ئەڭ پايدىلىق مېغىزىنى ئايرىپ چىقىش جەھەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلىرىمىز بىزنىڭ قولغا ئېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلى- غىنى تىكلەش كېرەك، بۇ ئىشنىڭ ئىلمىي-تارىخىي ھەم ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار.

بۇ ئىشمۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزغا تەقەززا بولغان بىر چوڭ ئىش.

# زەلىلى ۋە ئۇنىڭ «سەپەرنامە» سى

## ئابدۇشۇكۇر تۇردى

مەھەممەت سىدىق زەلىلى 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر.

زەلىلىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بەزى پاكىتلارنى شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسىدىن، بولۇپمۇ «سەپەرنامە» داستانىدىن تېپىشقا بولىدۇ.

زەلىلى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يەكەندە يەرـ سىز دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ياشلىقىدا يەكەنـ دىكى مەدرىستە ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ. ئۇ يەردە تىل ـ ئەدەبىيات ئىلمى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى بىلەن پۇختا تونۇشىدۇ.

بۇ مەزگىلدە يەكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت مەرـ كەزلىرىدىن بىرسى ئىدى. شائىر ئۆزى ئەسلەپ ئۆتكىنىدەك، يەكەن ئاتاغلىق مەدرىسە ۋە خانىقالاردىن ئىلىم شولىسىنى چېچـ چىپ تۇرىدىغان ”ئىلىم ۋە مەرىپەتنىڭ گۈلىستانى“، شۇنداقلا،


Altun0q

ناخشا-ساز، نەغمە-ناۋا قايىنىغان بىر جاي ئىدى. "سوز كانددىن لەئلى-دۇر ئېلىپ، قۇلاقلارنى مەناغا تولدۇرغۇچى" ئۇستازلارمۇ بولغان ئىدى،① بۇنداق بىر ئەدەبىي مۇھىت ياش زەلىلىدە ئەدەبىيات، شېئىرىيەتكە ھەۋەس تۇغدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىستىداتلىق بىر شائىر بولۇپ يېتىشىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت تۇغدۇرغان ئىدى. ياشلىقىدىلا شېئىر ۋە نەغمە-سازغا ھەۋەس باغلىغان زەلىلى، ئۆزىنى "شېئىر، چاڭ ۋە نەينىڭ ئەسىرى" دەپ ئاتاپ زور ئىشتىياق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ. شائىر بۇ ھەۋەسلىرىنى ئەسلەپ بۇنداق يازىدۇ:

كۆڭلۈمنى خازانەئى جاۋاھىر بىلدىم،
تىلنى كى گەۋھەر ساچقىلى ماھىر بىلدىم.

نەغمە بىلەن تازەدۇر بۇ جانلار،
نەغمە بىلەن شات پەرىشانلار.
نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،
ئۆزدى مەھارىنى جۇنۇندىن شۇتۇر.

شائىر زەلىلى 40 يېشىغىچە يەكەندە نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزىنى "تېخى پىشمىغان گودەك" ھېساپلاپ، مازارلارنى تاۋاپ قىلىش، "ئۆز كۆڭلىنى بېزەش" ئۈچۈن، يەنى ئىجادىيەت ئوزۇقى ئېلىش مەقسىتىدە، "بىر نان، بىر پۇلسىز"، "ئاھىنى بەلۋاغ، ئايىغىنى ئۇلاق قىلىپ" سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە قەشقەر، مەشھەتلەردە ئۈچ

① بۇ پاكىتلار «سەپەرنامە» دىن ئېلىندى، بۇندىن كېيىنكى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرمۇ زەلىلى ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

يىلدىن ئارتۇق تۇردۇ. كېيىن ئانا يۇرتى يەكەنگە يات ئېتىپ شۇ يەرگە قايتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئىنىسى بىلەن بىللە ساياھەت قىلىپ نىيەگىچە بارىدۇ. شۇ سەپەردە شائىر خوتەندە يەتتە يىل تۇرۇپ قالىدۇ، ئانىسىنىمۇ خوتەنگە چاقىرتىۋالىدۇ ۋە شائىرنىڭ ئانىسى 70 يېشىدا خوتەندە ۋاپات بولىدۇ. شائىرنىڭ 10 يىلدىن ئارتۇق شەھەر كېزىپ ئېلىپ بارغان ساياھىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلق تۇرمۇشىنىڭ زور مەكتىۋى بولىدۇ. ساياھەت جەريانىدا شائىر كۆپلىگەن سوھبەتلەردە بولۇپ، نۇرغۇن رىۋايەت ۋە رىيال ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپىدۇ، مۇھىمى، "پانا شەھەردە ئاۋارە بولغان خەلق" بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرت - پۇغانلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ناھايەت شائىرمۇ "ئەلگە تاھارەت ئۈچۈن كۆز ياشلىرىنى بۇلاقتەك تۆكىدۇ". بۇ زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن چوڭقۇرلىشىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ساياھىتى جەريانىدا چەككەن رىيازەتلىرى — ئۇنىڭ ئىجادىيىتى-نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىدىيىۋى زىددىيىتىنى، يەنى خەلق-پەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك بىلەن دىنىي نىجات ئىزلەشنى مۇرەسسە قىلدىغان ئىدىيىۋى خاھىشىنى يېڭىش ئۈچۈن زور تۈرتكە بولغان. نەتىجىدە شائىر ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلق سۆيەرلىك، زاماندىن شىكايەت ئوخشاش ئىلغار تېمىلار تېخىمۇ چوڭ-قۇرلاشقان. زەلىلىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىمۇ ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. زەلىلى 70 ياشتىن ئارتۇق ياشاپ ۋاپات بولىدۇ①.

① زەلىلىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى توغرىسىدا تەخمىنلەر ھەر خىل، بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھازىر بۇ مەسىلىنى ئاق قالدۇردۇق.

www.uyghurkitap.com

زەلىلى بىزگە ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلاردىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى — شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى قولىيازما دىۋاندىكى لىرىك غەزەللىرى (بۇلار ئۆز ئىچىگە 133 غەزەل، 19 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزات، 12 رۇبائىي ۋە 40 دىن ئارتۇق پارچە غەزەللەرنى ئالىدۇ) «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئى چىلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ»لار بۇلار زەلىلى ئىجادىي مىراسىنىڭ ھەممىسى ئەمەس؛ بىز زەلىلىنىڭ ئىككى دىۋاندىكى غەزەللىرىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، زەلىلىنىڭ كىچىك دىۋانى ھېساپلانغان «دىۋانى زەلىلى»دىكى بەزى غەزەللەرنىڭ چوڭراق ھەجىمدىكى ”كۇللىيات زەلىلى“ گە كىرگۈزمىگەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ نەرسە ئىككى دىۋاننىڭ ئىككى خىل مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ مۇكەممەل، تولۇق دىۋانىنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇ تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، زەلىلىنىڭ بەزى شېئىرلىرى (ھەتتا بەزى پارچە شېئىرلىرىمۇ) ئايرىم بايازلارغا كىرگۈزۈلۈپ، ناۋايى شېئىرلىرى بىلەن بىر قاتارغا قويۇلغان. بۇ پاكىتلار زەلىلى ئەدەبىي مىراسىنىڭ موللىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ قالماستىن، ئۇنىڭ بەدىي ماھارەت جەھەتتىمۇ يۈكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، خەلق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ، قولدىن-قولغا كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم قىسمىنى ئۇنىڭ لىرىك غەزەللىرى تەشكىل قىلىدۇ. غەزەل-ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئاممىباپ لىرىك ژانىر. غەزەللەر ئاممىۋى ئولتۇرۇشلاردا مۇزىكا بىلەن ھەمئاھاڭ بولۇپ جاراڭلايدۇ، مۇشائىرە

كېچىلىرى، يىغىلىش - سورۇنلاردا دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇلىدۇ، يەڭگىل ۋە جاراڭلىق غەزەللەر ئاما ئىچىگە ئەڭ تېز تارقىلىدۇ. شۇڭا زەلىلى غەزەلگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارىغان. ئۆزىنىڭ ئەڭ نازۇك ھىس - تۇيغۇسى، يۈرەك ئارزۇلىرىنى نەپىس ۋە جاراڭلىق غەزەل مىسرالىرى بىلەن ئىپادە قىلغان. زەلىلى غەزەللىرى ئادالەت ۋە مەرىپەتكە ئىنتىلىش، زۇلۇمغا قارشى ئاھەدەرت، خەلقىنىڭ نامرات ئەھۋالىغا بولغان ئېچىنىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. شائىر ئۆز غەزەللىرىگە باھا بېرىپ:

مۇناپىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىندە،
تىلىمدۇر زۇلپىقار، ئەقلىم دۇلدۇل.
زەلىلى شېرىدىن مۇرغى سەھەر خىز،
چىمەندە ئەيلەدى پەرياد غۇلغۇل.

دەپ يازىدۇ. شائىرنىڭ ئىجتىمائى ئورنى تەبىي ھالدا ئۇنى دىخانلار بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، زالىم، مۇناپىقلارنى نەپرەت بىلەن قاراشقا، ئۇلارنى سوكۇشكە ئېلىپ كەلگەن. شائىر دىخانلارنى ئۇلۇغلاپ بۇنداق يازىدۇ:

دىھقان كوھەن سال نەسىھەت ئايىپتۇر،
ئالەمگە ئىكىن ئىنجۇلارىن يايىپتۇر.
رۇخسارى باھار ئۆمرىنى تىرە قىلىۇر
ھەر ئادەم زادىكى سۈيىن لايىتىپتۇر.

شۇنداقلا زەلىلى ئەلگە نەپ بەرگۈچى دىخان ئالدىدا باي - تورىلەرنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەغرۇر ناماز ئۇلمىغىن ئەي زاھىد خودبىن،
دىھقان ئىرۇر سەمەندەر، قاشىدا تورە خەستۇر.
...........

زەلىلى ئادالەتپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئىلگىرى سۈرگىنىدە، ئەڭ ئاۋال شاھلارنىڭ ئادىل بولۇشىنى، خەلققە ھىممەت كورسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئالايلى:

ئەي، شاھ خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدەممىڭدىكى غۇبارىڭ بولسۇن.
ھىممەت بىلەن بۇ تۇغ ـ ئەلەم جىلۋىدىگە ئولدى
ھىممەت ئىلكىڭدە زۇلپىقارىڭ بولسۇن.

ياكى:

بۇگۈن قايدا سىلەر شاھلار،
يولنى غەلەت قىلغۇچى گۇمراھلار.
شاھ رەئىيەتكە سەتەم قىلماغاي،
بىر نەپەس ئەدلىنى كەم قىلماغاي.

دەپ شاھلارنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلماسلىغىنى تەلەپ قىلىدۇ.

زەلىلى لىرىكىسىدىكى يەنە بىر ئىدىيىۋى خاھىش دىنىي نىجاتلىق ئىزلەشتىن ۋازكېچىپ، ئىنسانىي ئىشقنى كۈيلەشتۇر، بۇ خاھىش زەلىلىنىڭ ناھايىتى كوپ غەزەللىرىگە سىڭدۇرۇلگەن، بۇنداق شېئىرلىرىدا شائىر ئىشقىي مۇھەببەتنى كۈيلەش بىلەن بىرگە ئوز يوقسۇللۇغىدىن، زامان زۇلمىدىن شىكايەت قىلىدۇ.



AltunOq

زەلىلى غەزەللىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ:

كوز يولىدىن قىزىق ياشىم ھەر تەرەپتە سەل ئېرۇر،
كەلمە قاشىمغا زاھىدا، مەدئىنىڭ يولى قۇرۇق.

. . . .

ئىشق گويا خىرمەنى ئاتەشنى كوڭلۇمگە قويار
شۇئلەسى بولدى فۇزۇن لەيلى بەدەخشان كانىدىن،
بىلمىسەڭ ئەھلى جۇنۇنىنىڭ ھالىتىنى زاھىدا،
ھەسپى ھالىن ئاچ زەلىلى تەلبەنىڭ دىۋانىدىن.

رىيايى خانىقادا چۇن كەلمە مەرىپەت يوقتۇر،
مۇھەببەت ئەھلى ئىشكىدە نەقشى بورىيا بولماق.

زەلىلى غەزەللىرى ئۇنىڭ ئەدىبىياتقا بولغان ئاددىلا بىر ھەۋىسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. بەلكى ئۇ، شائىر ئۆمۈر بويى يۇرەك قانلىرى بىلەن سۇغارغان شېئرىيەت گۈلزارى، شائىرنىڭ ئادالەت ۋە مەرىپەتكە ئىنتىلگەن قەلبىنىڭ ئەينىكى. ئۇنىڭ غەزەللىرى، شائىر ئۆزى ئېيتقىنىدەك "سەرسەرى يەلدىن خەزان بولمايدىغان سوز گۈلىستانى" دۇر. شۇڭا شائىر ئىشەنچلىك ھالدا:

نەسلى جاھاندا قالمادى تەلبە ەلىلىنىڭ دىمەڭ،
ئولگەنىدىن كېيىن كورۇڭ ھەر غەزەلدىن بىر ئوغۇل.

دەپ يازىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

زەلىلى داستانلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان «سەپەر-نامە» ھىجرى 1131-يىلى (تەخمىنەن مىلادى 1721-يىللىرى) يېزىلغان چوڭ ھەجىمدىكى داستاندۇر (ئەسەر 2800 مىسرادىن ئارتۇق).

زەلىلى سەپەرنامىسىنى شەرتلىك ھالدا بۇنداق ئۈچ قىسىمغا ئاجرىتىش مۇمكىن. بىرىنچى قىسمى ئەسەرنىڭ باشلىنىشى، يەنى مۇناجات قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا شائىر ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى رامكىسى بويىچە، خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەر تەرىپىنى قىلىپ، ئاتالمىش ئەۋلىيالار ۋە دىنىي رىۋايەتلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس، چۈنكى «قۇتادغۇ بىلىگ» تىن باشلانغان ئەدەبىياتىمىزدىكى دىنىي ئەنئەنە نەچچە يۈز يىللاپ داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە ئاخىرى بىر رامكىغا ئايلانغان ئىدى. باشقا كۆپلىگەن ئۇلۇغ شائىرلار بۇ رامكىنى بۇزالمىغىنىدەك، زەلىلىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن چەتنەپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شائىر ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، قەشقەر ۋە ئاتۇش مەشھەتكە قىلغان سەپىرىنىڭ بايانىنى سوزلەيدۇ ھەمدە تۇغۇلغان يۇرتى يەكەننى زور مۇھەببەت بىلەن ئەسلەپ ئۆتىدۇ؛ ئۈچىنچى قىسمىدا بولسا، يەكەنگە قايتىپ كېلىپ ئىنىسى دەلىلى بىلەن خوتەن تەرەپكە قىلغان ساياھىتىنىڭ جەريانىنى يازىدۇ.

زەلىلى «سەپەرنامە»دە گەرچە ئەۋلىيالار مازارىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دىسىمۇ، لېكىن ئەسەردە بۇ تېمىدىن

ھالقىپ ئۇتۇپ، ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەن. ئاپتور مەشھەتتىن تا نىيەگىچە بولغان كەڭ زېمىندە ئۆزىنىڭ كورگەن - بىلگەنلى- رىنى — شەھەر، يېزا - قىشلاق، قونالغۇ بېكەت، ھەتتا چول- جەزىرىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى رېئال ئەكس ئەتتۈردى. بۇلار بىزنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار، زەللىلى ھاياتىغا ئائىت زور پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. زەللىلى بەزى تارىخىي رىۋايەتلەر، مەشھۇر شەخسلەر، مازار-ماشا- يىقلار ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇز نۇۋىتىدە، بۇ ماتېرىياللارنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش زورۇر ۋە پايدىلىقتۇر.

شائىرنىڭ خەلق بىلەن بولغان يېقىنلىقى ئۇنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ قاينىمىغا باشلاپ كىردى. داستاندا شائىرنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس ئىكەنلىكى كۆچلۈك جاراڭلايدۇ. شائىر داس- تانىنىڭ بېشىدا:

كىمكى بالا چەكمىدى ئاشىق ئەمەس،
بۇلبۇلى شۇلدۇركى ئەسرى قەپەس.
ئۇچماق ئۇچۇن ھەردەمى جۇش ئەيلەگەي،
نالەسىدىن خەلق خۇرۇش ئەيلەگەي.

دەپ، قەپەزدىن چىقىپ كەڭ جاھاننى كورۇش ئارزۇسىنى بايان قىلسا، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا:

كىمكى ساياھەتتىن چىكەر دەردۇ رەنج،
ئاقىبەتى ئالغاي ئۇ ئىلكىگە گەنج.

دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇز سەپىرىدە چەككەن دەرت- ئەلەملەر زەللىلى ئۇچۇن مەكتەپ بولىدۇ، ئۇ شۇ مەكتەپ غەزد-

نىسىدىن گەنچ يىغىپ ئۆز داستانىدا بايان قىلىدۇ.

«سەپەرنامە» گە باشتىن ـ ئاخىر سىڭگەن ئىدىيە شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئەل سۆيەرلىكى. شائىر تۇغۇلغان يۇرتى يەكەننى "شاھىن شاھ، بەخت كانى" دىسە، قارىقاشنى "ماچىنىنىڭ قۇياشى" دەپ كۈيلەيدۇ، ئانا تۇپراقنىڭ تاش ـ خەسلىرىنى مۇشكى سىمەندىن ئۈستۈن قويسا، يېزا ـ قىشلاقلىرىنى جەننەت ـ تىن ئارتۇق كۆرۈپ، سۇ تىلىسەك شەرۋەت بېرىدۇ، دەپ مەدھىيىلەيدۇ. زەلىلى ئانا يۇرت ئۈستۈرگەن گۈزەل رەئنالارنى شۇ دەرىجىدە ئۇلۇغلايدۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەگمە قاشلىرىدا زاھىدنى ناماز ئوقۇتىدۇ — ، شەيخلەرنى ئۇلارنىڭ قېشىدىن بەدەر قاچۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن، شائىر ياشىغان ئىجتىمائى شارائىتتا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئۇلگىسىدۇر.

زەلىلى داستانىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆز غەزەللىرىدىكىگە ئوخ ـ شاش، زامانىدىن شىكايەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ پېقىر، غېرىپ ھالىغا ئېچىنىدۇ.

بۇ نە ئەلەم، ئەي، پەلەك لاجۇۋەرد،
سىنەگە ھەردەم قويارسەن داغ دەرد.
............
ھەر يېتىمكى بۇ جاھان ئىچرەدۇرۇر،
يىغلار ئانىڭ ھالىغا ئەھلى قۇبۇر،
لېيىك ئانى ئىستەمەيدۇر ھىچ كىم،
كوككە ئەگەر يەتسە نەزەرى يىتىم،

بۇ، يالغۇز شائىرنىڭلا ئاھ ـ زارى بولماي، ئەينى ۋاقىتتىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان پەقىر ـ يوقسۇللارنىڭ ئاھ ـ پەريادىغا

ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا زەللى خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان شائىرغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، شۇ قاتاردا «سەپەرنامە»سى ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي، خەلقىمىز تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

داستاندا بىرمۇنچە شاكاللار، ئاپتور دۇنيا قارىشىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارغا باغلىق بولغان يېتىشسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇنى ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. داستاننىڭ يېتىشسىزلىكلىرىگە تارىخىي نۇقتىدىن قاراپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

«سەپەرنامە» نى ئوقۇغۇچىلار بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىن بىر پارچىسىنى تەييارلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەپەرنامە

(پارچە)

## زەلىلى

ياخشىراق ئولدۇركى سەپەر ئەيلەيىن،
داغ چېكىپ يار جاپاسىن دەيىن.
گەرچە تەرىقەتتە ئەمەسمەن راسا،
توشە① قىلاي سەبىر، تەۋەككۇل ئەسا.
تەرك قىلىپ يارۇ دىيارۇ ۋەتەن،
كۆرمەك ئۈچۈن سەرھەدى② مۇلكى خوتەن.
جەئفەرى سادىقنى تاۋاپ ئەتكەلى،
سەيقەل③ ئېتىپ سىنەنى④ ساپ ئەتكەلى.

---

① توشە — سەپەر ئوزۇقى.
② سەرھەد — چېگرا.
③ سەيقەل — پەدەزلەش، پارقىرىتىش.
④ سىنە — كوكرەك، يۈرەك.

تۈن كېچەدەك تىمىرە① ئەردى خاتىرىم
ئەيتۇر ئەيدىم ھەر نەپەسى يا پىرىم.
سۇبھى كەرىبانى نىچاك ئەيلەدى،
شام ئېلىنى تۈنج مەخاك ئەيلەدى.
ھەر تەرەپى چىقتى سەدايى خەرۇس،②
جىلۋە بېرىپ گۈلشەن ئىچىندە ئەرۇس.③
مۇرغى سەھەر خىيز غەزەلخان ئولۇپ،
غۇنچە چەمەن ئىچرە جىگەر قان ئولۇب
خىسرەۋى④ خۇرشىد سەھى كامكار،⑤
تىكتى جاھانغا ئەلەمى زەرنىگار.⑥
بۇ نە ئەلەم، بۇ نە جافادۇر دىدىم،
جەندەنى كىيدىمۇ كەمەر باغلادىم.
ھەمراھ ئولۇپ ئىككى پەقىر قىلمەسەل،
بىرسى زەلىلى، بىرسى موللا غەزەل.
بەيت ئوقۇپ ئۈچ كىشى باڭ - بەلەند،⑦
يۈرۈدۈكۇ قالدى سىپلى ياركەند.
ئول كۈنى يولچاق لەبىنى سەير ئېتىپ،

---

① تىرە — قاراڭغۇ.
② خەرۇس — خوراز.
③ ئەرۇس — كېلىن، ئوزىگە تارتقۇچى.
④ خىسرەۋى خۇرشىد — شەرق قۇياشى، قۇياش.
⑤ سەھى كامكار — قۇدرەتلىك.
⑥ زەرنىگار — ئالتۇنرەڭ بېزەلگەن.
⑦ باڭ - بەلەند — يۇقۇرى ئاۋازدا.

تاۋلاسى دەريا يۈزىدىن تەير① ئېتىپ،
مۇللا غەزەل بىرلە دەللى ئۇكام،
يەتتىلەر بىردەمدە يۈرۈپ پوسكام.
ئۈچ كىشى گويا شۇتۇرى② بىماھار③،
قوندۇق ئوشۇل كېچە باربىان يۇسار④.
سوزلەشبان ھەربىرى بىر بابىدىن،
تېز راۋان ئوتتىلەر تىزنابىدىن⑤.
يەئنى سۇدىن ئاجراسا قايداغ بېلىق،
ئاقىبەتى يەتتىلەر كىم قارغالىق.
كەنت بە كەنتنى تاماشا قىلىپ،
توشەۋئى تالقان بەلى پەيدا قىلىپ.
كۈنگە ئەيدى ئازنە باردۇق لەھۇق⑥،
كۈزگى كۈنى ئەردى ئاجايىپ ساۋۇق.
شەنبە كۈنى ئىردى لەھۇقدىن ئوتۇپ،
قوش جۇلاقنىڭكى يولىنى تۇتۇپ.
چابۇك⑦ ئولۇپ جۇجۇيى⑧ ئاھۇي ئىشق،
گاھ چېكىپ دەرد بىلەن ھوي ئىشق.

---

① تەير — ئۇچۇش، ئۇچقاندەك.
② شۇتۇر — توگە.
③ بىماھار — يۈگەن، چۇلۋۇر.
④ يۇسار — يەر ئىسمى
⑤ تىزناب — دەريا ئىسمى.
⑥ لەھۇق — يەر ئىسمى.
⑦ چابۇك — تىز.
⑧ جۇجۇ — سۇ ئىزلىگەن

تۇرپە[1] باياباني جىبارۇلمقەمەر،
تىترادى ئۇل سايدا ساۋۇقغە ھەجەر[2]،
كۈندۈزى كويدۈردى ئەجەب ئافتاپ،
كېچەسى چالدۈردى ساۋۇقغە رۇباب.
دەشت ئارا نەۋئە[3] بالالار چېكىپ،
جەۋرى ستەم[4] بىرلە بالالار چېكىپ،
تۈش بىلە قوش لەنگەرىگە يەتمىشەم،
بىخود ئولۇپ ھوش ئېلىدىن كەتمىشەم.
ياتتىم ئۆشۇل لەنگەر ئۆزرە بىخەبەر،
بولغۇچە تا ۋاقتى نامازدىگەر.
شام ئەيدى، ئاھىستە قوپۇپ ناگىھان[5]،
يۈردۈم ئوشۇل يولغا بولۇبان راۋان.
سۇبھ سەفىد[6] ئەيلەمەب ئەردى ساقال،
شەمس داغى ئاچماب ئەردى پەرۇبال[7].
چېھرە نەھان ئەتمەب ئەيدى شەب[8] ھەنۇز،
كەتمەب ئەيدى لەشكەري كاۋكەب[9] ھەنۇز.

---

[1] تۇرپە — ئاجايىپ، ھەيران قالغىدەك، قىزىق.

[2] ھەجەر — تاش.

[3] نەۋئە — تۈرلۈك - تۈمەن، ھەر خىل.

[4] ستەم — جاپا، جەۋر - زۇلۇم.

[5] ناگىھان — تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەندە.

[6] سەفىد — ئاق، ئاقىرىش.

[7] پەرۇبال — قانات - قۇيرۇق.

[8] شەب — كېچە.

[9] كاۋكەب — يۇلتۇزلار.

بەسكى يۇرۇر ئەردىلەر ئەل تىز - تىز،
يەتتىم دىدى بۇلدى نەمايان ئىگىز.
ئابى راۋان بەسكى جولىدىن يىراق،
ئىستەسە سۇ تەڭرى كولىدىن يىراق.
خەلق ھەمە ئاچ ئىدىلەر تەشنەلەب①،
چەشمە② باقار ئىردىلەر كىم سۇ تىلەپ.
يىغلادى ھالىمغا يەر ئاتىندا جۇت،
سايە ماڭا سالمادى غەيراز③ بۇلۇت.
سۇبھە تۇلۇئ ئەيلەدىيۇ④ چىقتى كۈن،
يىغدى سەۋادىنى⑤ قارارىغە تۈن.
مەشئەلى خۇرشىد دىرەخشان⑥ بولۇپ،
رۇيى زىمىن⑦ يەنى زەرەفشان بولۇپ،
نەسىپ بولۇپ ئىردى مەگەر چاشگاھ،
بولدى زىيادەھەمەدە دەردۇ ئاھ،
قالمادى مەقدۇر⑧ ھەمە ھاردىمىز،
لەنگەرىي سىرلىققا يېتىپ باردىمىز.

---

① تەشنەلەب — ئۇسسۇز.

② چەشمە — بۇلاق.

③ غەيراز — بىرەر، بىرمۇ.

④ تۇلۇ ئەيلەمەك — كورۇنمەك، چىقماق.

⑤ سەۋاد — قاراڭغۇلۇق، قارا رەڭ.

⑥ دىرەخشان — پارقىراش.

⑦ رۇيى زىمىن — يەر - جاھان.

⑧ ەقدۇر — ئىمكانىيەت، مۇمكىنچىلىك.

تۇرمادۇق ئۇل لەنگەر ئارا ئەلغەزەر①،
يول يۇرمەك بولدى قەلەندەرگە پەرز.
كوھنە② رەباتدۇر③ جاھان سەر بەسەر④،
ئادەمى بىر كېچە قونۇبان ئۆتەر.
تۇرسا بۇ مەنزىلدە ئايا ھۇشمەند⑤،
مەست بولۇپ غەپلەت ئىلىدەك لېۋەند⑥.

تەڭرى گۇۋاھىدۇر بۇ ئەرزۇ سەما⑦،
ۋاقتى پېشىن ئېردى يېتىشتىم گۇما.
خەلقى ھەم قەلئەسىدە كوچ ئىكەن
كوچكە كىرگۇزمەككە ئەجەپ ئوچ ئىكەن.
ھەزرىتى سۇلتان سوزىدۇر بىگۇمان،
قالدى گۇما ئىچرە دىدىلەر گۇمان.
ئاندىن ئۆتۇپ تۇرفە⑧ تاماشا بىلەن،
مەنزىلى مەئاۋدي⑨ مۇكۇلىيا⑩ بىلەن.

---

① ئەلغەزەر — قىسقىسى.
② كوھنە — كونا، ئەسكى.
③ رەبات — قۇنالغۇ.
④ سەربە سەر — تامامەن، باشتىن ـ ئاخىر.
⑤ ھۇشمەند — ھۇشيار.
⑥ لېۋەند — يولدىن ئازغان.
⑦ ئەرزۇسەما — يەر ئاسمان.
⑧ تۇرفە — قىزىق.
⑨ مەئاۋدي — ئارامبەخش.
⑩ مۇكۇلىيا — يەر ئىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەي قىلىبان مۇجى① بىلەن رىكزار②،
زاھىر③ ئولۇپ گاھى دەرەختى جۇدار④،
ئەيغىل ئانى دامىنى⑤ ئاخىر زامان،
جەكۇل گۇياكى چۇن مازاندەران.
ئوسكەن ئەمەس ئاندا گىياھى بۇيا،
لەنگەرىنىڭ ئاتىدۇرلەر زەنگۇيا.
تەگرى تەئالاغا بەسى يالبارىپ،
قوندۇم ئوشۇل كېچە پىيالىما بارىپ.
نىم شەب⑥ ئەردىكى قىلىبان يولنى پەي،⑦
قەتئى مەنازىلنى⑧، مەراھىلنى⑨ تەي⑩.
پىكرىم ئۇل يولدا بولۇپ بەندى بەند⑪.
جاش⑫ مەھەللىدە يېتىپ تەختى بەند.
ئاندا قاز ىدۇلار قۇدۇغى چۇقۇر،

---

① مۇجى — يەر ئىسمى.
② رىكزار — قومۇشلۇق.
③ زاھىر — كورۇنۇش.
④ جۇدار — ئېرىق - ئوستەڭ.
⑤ دامەن — چەت چېگرا، ئېتەك.
⑥ نىم شەب — يېرىم كېچە.
⑦ پەي قىلماق — قەدەم باسماق.
⑧ مەنازىل — كوزلەنگەن جاي.
⑨ مەراھىل — توختاش جايى.
⑩ تەي — يول يۈرۈش، كېزىش.
⑪ بەند — باغلىنىش، بوغۇلۇش.
⑫ چاش — چۈش ۋاقتى.

يەتمەدى ئارغامچە ئاگا نەچچە قۇر.
قىرىق غۇلاچ سىيلى جىبورتوپ سالىب (؟)
دەلۋ② بىلەن چەشمەسىدىن سۇ ئالىب.
ئانداكى ئاسايىش ئالىپ ئولتۇرۇپ،
سوھبەتى مەردانە خۇدايى قۇرۇپ.
تازە③ تابىپ تەندە دىلۇ جان، هايات،
يول يۇردۇك تاتەرەپى قۇم رابات.
بولدى نامايان يول ئوزرە كۇرددار④،
لەنگە⑤رۇ لەنگەرچى بىلەن هەم مازار.
چۇرەلەريدە تۇتۇبان قۇم لە سەب،
هەيبەتى هەيدەر⑥ كورۇنۇر هەر تەرەپ.
....................................
شەۋق بىلەن زەۋق بىلەن نىم روز⑦،
قۇشتەك ئۇچۇبان يېتىبان تار بوغۇز⑧.
كوز قىزارىپ زەمزەمەئى⑨ هوۋ بىلەن،
كۇن قىزىلى ئەردى سىرىق سۇ بىلەن.

---

؟

② دەلۋ — چىلەك، سوغا.

③ تازا تاپىپ — روهلىنىپ، جانلىنىپ.

④ كۇرد دار — كول بويى.

⑤ لەنگەر — قونالغۇ، بىكەت.

⑥ هەيدەر — شىر

⑦ نىم رۇز — چۇش مەزگىلى.

⑧ تار بوغۇز — جاي ئىسمى.

⑨ زەمزەمە — ئاستا، تۇۋەن ئاۋازدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنەم ئۇزرە داغ، كوزۇم ئىچرە پاش
بولدى ھوۋەيدا① ئەسرى قاراقاش.
نېمەت ئالىپ كەلدى خالايىق يىدىم،
ھەربىر ئانىڭ باغى بىھىشتى دىدىم.
خەلقىنى كوردۇمكى ئەجەپ دىلرەبا،
يارەب، ئۇلار كورمۇسۇن ھەرگىز بالا.
غۇنچەئى ماچىن گۇلىدۇر قاراقاش،
شۇئىلە بىرۇر② چىن ئىلىگە چۇن قۇياش.
كەنتى داغى خانە ئۇزە خانەئى.
ھەر تەرەپى جىلۋەدە جانانەئى.
خالى خەتتى③، زۇلفى④ چۇن نەقش نىگار⑤.
مۇرغى⑥ كوكۇللەرنى قىلۇرلەر شىكار.
كاكىلىنىڭ تارى داغى دام⑦ دۇر،
كوزلەرى گوياكى چۇن بادامدۇر.
شەھرى قاراقاش ئىچىدىن ياشلار
يىغلىشىبان چىقسا قارا قاشلار،
ھەم قاراكوز، ھەم قاراقاشى ئەجەب،

---

① ھۇۋەيدا — ئاشكارا بولماق، بەلگىلىك بولماق.
② شۇئىلە بەرمەك — نۇر توكمەك.
③ خالى، خەت — مەڭ.
④ زۇلى — چاچ.
⑤ نەقش نىگار — رەسىمدەك چىرايلىق، سۇرەتتەك.
⑥ مۇرغ — قۇش.
⑥ دام — تۇزاق.
⑦ كوشە — بۇلۇڭ - پۇشقاق، خالى جاي.

ھەم قارا زۇلفى، يۈزىدۇر رۇزشەپ.
ئۇسما، خىنا بىرلە قىيامەت دۇرۇر،
سۇرمەئى سۇنبۇلغا نە ھاجەت تۇرۇر.
باقسە كوزى كوشەلەردە قانى قىلۇر،
جەمئى كۇڭۇللەرنى پەرىشان قىلۇر.
زاھىد ئەگەرچەندە ئىرۇر پاك باز①،
كورسە ئۇلار قاشىدا قىلغاي ناماز.
چەللەنىشىن② شەيخ قاچار قاشىدىن،
گەرچە مەلەك③ ئايلانادۇر باشىدىن،
تۇردىۇم ئۇشۇل شەھەر ئۇزرە بىر قىشى،
سەيد④ قىلالمادى ۋە لېكىن كىشى.
ئاقىبەتى شەھرى قاراقاشىدىن
يەئنى قاراقاش باغرى تاشىدىن
خوشلاشىبان خەستەۋۇ مىسكىن زەلىل،
بۇلبۇل ئەيدى چىقتى قەپەزدىن دىگىل.
سۇرئەت ئىلە يولنى قىلىبان سوراغ،
جاغلاۋۇ تاسماچيۇ نارباغ⑤.
سەرھەدى⑥ ماچىننى تاماشە قىلىپ،

① پاكباز — ساداقەتلىك، ھالال.
② چەللەنىشىن — چەللىدە ئولتۇرغۇچى، ئىتكاپتا ئولتۇرغۇچى.
③ مەلەك — پەرىشتە.
④ سەيد قىلماق — ئوۋلىماق، ئەسىر قىلماق، قولغا چۈشەرمەك.
⑤ جاغلا، تاسماچى، نارباغ — يەر ئىسىملىرى.
⑥ سەرھەد — چەت، چېگرا.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوس بەئاۋازى① نەققارە قىلىپ،
بولدى نامايەن كوزۇمە ۋاقتى شام،
كونگۈرەئى قەلئە سەراسەر تامام؛
نەچە قەدىم رۇشەنى ماھ② ئىلە،
ئىبل ئىچىدگە كىردىمۇ ئەيد كاھ ئىلە.
شەھرى مۇرەسسە③ ئىكەن بۇ پايتەخت،
مەنزىلى مەئاۋى نىچە نېك④ بەخت.
ھەر بىرى شاھى مەئانى⑤ ئىكەن،
چىنى ماچىنى مەئانى ئىكەن.
جەمئى قىلىپ نازۇكۇ نادىرلارىن،
خەلفەلەرۇ بارچە ئاكا بىرلارىن⑥،
تۇرغۇزۇبان شەھرى ئىچىدە تورت ئاي،
خىزمەت ئېيتىپ بەگ، رەئاياتۇ⑦ باي،
ئەيلەدىلەر ۋەسپى⑧ ئەمرانە چىن،
بەلكى ئەمرۇلئۇمرا⑨ خانەچىن.
بەگ بۇ رەڭ، شەھرى بۇ يەڭلىغ كېرەك

---

① كوس بە ئاۋاز — چوڭ ناغرا ئاۋازى
② رۇشەنى ماھ — ئوقۇمۇشلۇق، ئىلىم ئەھلى.
③ مۇرەسسە — بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن.
④ نېك — ياخشى، گۈزەل.
⑤ شاھىمەئانى — مەنالار شاھى.
⑥ ئاكا بىر — ئۇلۇغلار.
⑦ رەئايات — ئاددى پۇقرا.
⑧ ۋەسب — ماختاش، تەرىپلەش.
⑨ ئەمرۇلئۇمرا — شاھلارنىڭ شاھى.

قائىدەئى دەھر① بۇ يەڭىلىغ كېرەك.
ئۇشبۇ تەكەللۇمنى ئېشىتىب پەقىر،
ئاجىزۇ ھەيرانۇ پەقىرۇ ھەقىر②
جۇملە خىلايىقنى ۋىدائ③ ئەيلەبان،
يولغا كىرىب رەقسى④ سەما ئەيلەبان،
سەير قىلىپ كوھنە يورۇنقاشىنى،
لوب دىگەن مەردۇمى⑤ ئەۋ⑥باشىنى،
لوبدىن ئۆتۈپ تىز راۋان يول بىلە،
يولچى بىلەنۇ كولى ھەم دول بىلە⑦.
دولدىن ئۆيان خارمۇغلان⑧ ئىكەن،
چول جەزىرەئى بايابان ئىكەن.
لەنگەرى مەھمود سەراپا⑨ بالا،
ياد بىرۇر تەشنەلىگى كەربالا⑩
ئانچە نەزەر سالسا سەراسەر⑪ دۇر قۇم

---

① دەھىر — دۇنيا، ئالەم.
② ھەقىر — بىچارە.
③ ۋىدائ — خوشلىشىش.
④ رەقىس — ئۇسۇل.
⑤ مەردۇم — ئادەم.
⑥ ئەۋباش — بىباش، تەرسا.
⑦ يولچى، كول، دول — يەر ئىسىملىرى.
⑧ خار مۇغىلان — چولدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك ئۆسۈملۈك.
⑨ سەراپا — تامامەن.
⑩ كەربالا —
⑪ سەراسەر — باشتىن - ئاخىر.

ئاب تائام ئاندا بىجايى زۇقۇم،
ئالدىم ئىلكىمگە دۇۋەتۇ قەلەم،
شەرھ قىلىپ مىھنەتى دەردۇ ئەلەم.
تولغانىپ ئىردىمكى بولۇپ مار①دەك،
يەتتىم ئۇشۇل كۇندەچۇ ئەئيار بەگ②.
ئۇشبۇ سوز ئۇستىندە يېتىپ ئەشمەگە③،
دەلۇ رەسەن④ بىرلە سالىپ چەشمەگە⑤.
سۇ ئالىبان زەررەئى نۇش ئەيلەدىم،
جۇش قىلىب بەسكى خۇرۇش⑥ ئەيلەدىم.

*                *

تاكى چىرە كەنتىگە يەتكەي ئىدىم،
بەئدە⑦ ئوتۇب كىرەغە كەتكەي ئىدىم.
ئۇشبۇ مەھەل نالە بولۇب ئىستىجاب⑧،
چىرغە كىم يەتتىم، ئەيدى ۋاقتى خۇاب⑨.

---

① مار — يىلان.
② ئەئيار بەگ — جاي ئىسمى
③ ئەشمە — جاي ئىسمى.
④ رەسەن — ئارقان، يىپ،
⑤ چەشمە — بۇلاق، قۇدۇق.
⑥ خۇرۇش — ھوكىرەش، شاۋقۇن - غوغا سېلىش.
⑦ بەئدە — كېيىن، كەيىندىن.
⑧ ئىستىجاب — ئەمەلگە ئېشىش.
⑨ ۋاقتى خۇاب — ئەل ياتار ۋاقتى، خۇپتەن ۋاقتى.

چىرە چۈنان مەۋازى① نىكوسىرشىت②
ياد بىرۇر③ ئابى ھاۋاسى بەھىشت.
تورت تەرەپى چىرە ھەمە باغلار،
كورمەگەن ئادەم يۇرەكى داغلار.
مىۋەسى ھەددىندۇر ئانىڭكى فۇزۇن④،
نەشپۇتۇ شاپتالۇ ھەم ئۇزۇم قوغۇن.
قىش كۇنىدە ئالما، چىلان قاقىدۇر،
مىۋە مەھەللىدە چىرە تاقىدۇر⑤.
جەننەت ئەگەر بولسا تەكىدە⑥ دۇرۇر،
پەيزى فۇتۇئ⑦جان رەكىدە⑧ دۇرۇر.

جانىبى مەشرىقتە ئىكەن كىرە ھەم،
يۇرتى خىتا بىلە ئىكەندۇر بەھەم⑨.
كىرە ئەگەر قەلئەچەكى پىش ئەمەس،
كىمكى يۇرۇپ كورمەدى دەرۋىش ئەمەس.
دامەنى⑩ سەھرايى ھەممە چارباغ،

---

① مەۋازى — ئورۇن، جاي،
② نىكو سىرشىت — تەبىي چىرايلىق، گۇزەل يارالغان.
③ ياد بىرۇر — يادىغا سالىدۇ، ئەسلىتىدۇ.
④ فۇزۇن — كوپ، ئارتۇق.
⑤ تاق — يىگانە،
⑥ تەكى — تىگى.
⑦ پەيزى فۇتۇئ — بەھر، راھەت،
⑧ رەك — تومۇر
⑨ بەھەم — يانمۇ - يان.
⑩ دامەن — چەت، چىگرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بېۋە① خاتۇنلار يىيىشتى گوشتۇ ياغ.
تازەۋۇ مەئمۇر② ھەممە شادكام③،
زىكرى زەبانى ھەممەنىڭ كى ئىمام
تورت تەرەپى شەھرى ئىرۇر يامازار،
ئاندا ئاجايىبۇ - غارايىبلار بار.
خەلق تاۋاپ ئەتمەك ئۇچۇن بارىگاھ④،
بارماقىنى بەرمەس ئىلىكىدىن رەھا⑤.
كەلدى كۆنى تەۋفكە بىر نازنىن
ئارەزى⑥ جەننەت گۇلىدىن ھەم مەھىن⑦.
ھەركىشىكى كوردى پەرىدۇر دىدى،
رىشتەئى جان پۇرخەم⑧ زۇلفى ئىدى.
كوزلەرى بادام، سىيادىن قارا،
كاكىلىدۇر بەلكى گۇنادىن قارا.
قامىتى شامشات پەرى زادەئى،
ئەلنى ئەسىر ئەيلەگەي ئازادەئى.
جىلۋە سالىب ئوتتى بىيەكبار⑨ ئول،

---

① بېۋە — تۇل.
② مەئمۇر — گۇللەنگەن، بايىاشات.
③ شادكام — خوشال.
④ بارىگاھ - ساراي، مازار.
⑤ بەرمەس ئىلىكىدىن رەھا — قولدىن چىقارمايدۇ.
⑥ ئارەز — يۈز.
⑦ مەھىن — زىيادە، ئۇلۇغ.
⑧ خەم — ئەگىم، بۇدرە.
⑨ بىيەكبار — تېز.



Altun Oq

كورسەتىبان زەررەئى دىدار ئۇل.
ئىشقى جۇنۇن سارى مېنى باشلادى،
ئەقلى هايا پەردەسىنى تاشلادى.
چىقتى كوڭۇلدىن هەۋەسى كائىنات،
فارىغ ئۇلۇب ① قائىدەئى شەش جاهات②.
تۇتتى ياقامنى غەم ئىلە ئىشتىياق،
ساقى داغى بەردى ئەلەمدىن ئاياق.
مەستى مەي ئاشىق ئۇلۇب ئۇل زامان،
ئىستەدىم ئۇل دىلبەرى ئارامى جان.
يەتتەچە كۇن ئىستەمىشمەن دەربەدەر
كۇچەۋۇ كوي، شەهرۇ هەر گۇزەر③،
هىچ خەبەرى بەرمەدىلەر قاندادۇر،
بىر گۇل ئەيدى قايسى گۇلىستاندادۇر.
بىۋە زەنى④ ئەيدى ماڭا مۇژدە⑤بەر،
مەن بىرەيىن سىزگە سەنەمدىن خەبەر.
ئۇيى پەلان يەردە ۋەلى بارماغىل،
بىهۇدە بۇ يولدا يۇرۇپ هارماغىل.
سىزگە بەهەم يەتمەگەي ئۇل نازىنىن،
سۇرتەي ئاياغىغا بۇ ماهى چەبىن⑥.

① فارىغ بولماق — قۇتۇلماق، ئازات بولماق.
② شەش جەهات — ئالتە تەرەپ.
③ هەر گوزەر — ئوتـكۇنـچىلەر.
④ زەن — ئايال.
⑤ مۇژدە — خوش خەۋەر.
⑥ چەبىن — ماڭلاي، پىشانە.

www.uyghurkitap.com

بولدى زىيادە سوزىدىن سۆز دەرد①،
دەرد چىقاردى بۇ يۈرەكىم ئوزرەگەرد②.
ئاقىبەتۇلئەمرى مەن③ ناتاۋان
يۈردۈم ئىشىكىگە قويۇندەك راۋان.
كوردۇم ئانىڭ قەسرىنى ئەي، دوستان،
ئىككى تەرەپ سايە بىرۇر بوستان.
دەۋر بەدەۋر ئەردى ھەممە چارباغ،
ھەر گۈلى سىنەمگە قويۇپ تازە داغ.
قىرىق كۈن ئول يەردە بار ئەردىم، ھەنۇز،
چىقمادى بىر زەررە بۇ دەردىم، ھەنۇز.
مۇنچە بولۇپ باقمادى، قىلدىم خۇرۇش④
بىلمەدى گۈل قەدرىنى بوستان فۇرۇش⑤.
كەلتۈر ئايا ساقىئى شىرىن كالام،
جۇرئەيى⑥ ۋەھدەد⑦دىن ماڭا سۇبھى شام.
نۇش قىلىب جامى مەي لالەگۇن⑧،

---

① سوز دەرد — كويدۇرگۈچى دەرت.
② گەرد — چاڭ-توزاڭ.
③ بۇ يەردە ئىس-تۇتەك مەنىسىدە.
④ خۇرۇش — پەريات، پۇغان.
⑤ فۇرۇش — ساتقۇچى، خېرىدار.
⑥ جۇرئە — بىر يۇتۇم (مەي).
⑦ ۋەھدەد — يىگانىلىق، تەنھالىق.
⑧ لالەگۇن مەي — قىزىل مەي.

بەندە① قىلاي پارەئى بىزۇر جۇنۇن②.
ئەقىل ئىلى تەلبەنى قاندىن تۈزەر،
مەست شۇتۇرى ئارى③ مەھارنى ئۈزەر.
مەن داغى قولدىن يىبەردىم ئىختىيار،
يولغا راۋان ئولدۇم بولۇپ بىقارار.
ماھى مۇھەررەمدە سەپەر ئەيلەدىم،
كوز ياشىدا خىرقەنى④ تەر ئەيلەدىم.
دەرد بىلەن، داغ بىلەن بىشۇمار⑤،
تۇرپە پەيىش نەچۇ زۇلف نىگار.
گاھى ئوقۇپ بەيت، گاھى سەرگۇزەشت،
قەتئى قىلىپ چول بەيابا؛ نۇ دەشت.
ساي ئىرۇ سەرھەددى چۇ پەيۋەستى⑥ چول،
يوقتۇر يولى يەئنى زەبەر دەستى چول.
ئون كىشى ھەمراھىم ئەردى، ئەي پەدەر،
ئاقىبىتى جاقتۇغا قىلدۇق گۇزەر⑦.
جاقتۇ دىگەن خۇشىك⑧، يوق ئاندا قۇدۇق،
سۇبھىگىچە كەزدۇقۇ سۇ تاپمادۇق.

---

① بەندە — قۇل.
② جۇنۇن — سارالڭ، ئەقلىدىن ئازغان.
③ ئارى — بەزەن.
④ خىرقە — بۇ يەردە كىيىم، چاپان مەنىسىدە.
⑤ بىشۇمار — ھىساپسىز.
⑥ پەيۋەست — تۇتاشقان.
⑦ گۇزەر — يىتىش، يۇرۇش.
⑧ خۇشىك - قۇرغاق، سۇسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاشت بولۇپ ئەردى باۋەر① خۇدا،
بولدى نامايەن چۇ سوۋادى② نىيا.
ئۇن كىشىدە ئالتى ئىشەك، ئىككى قوي،
گاھ باسىبان يۇقارى، گاھىدا ئوي،
نالە مەھەللىدە ئوزۇمدىن كېتىپ،
مەنزىلى مەئاۋى نىياغە يېتىپ.
كورسە يىراقتىنكى ئەجەپ باغلار،
بارسا ياقىنى بىشەۋۇ③ توغىراغلار.
ھەيبەتى ھەر توغىراغ ئىرۇر چارباغ،
كوردۇم ئانى شام بىنۇرى چىراغ.
بۇيى-خۇشى④ مۇشكى خوتەندىن زىياد
خارى⑤، خەسى⑥ مۇشكى سىمەندىن زىياد.
توت تەرىپى تۇرپە شىكار گاھدۇر،
جەئفەرى سادىقتا قەدەم گاھدۇر.
دامنەئى بېشە⑦دە بىر ساي ئىكەن،
مەددى قەد③ بىسيار ئەجەپ جاي ئىكەن.

---

① باۋەر — ئىشەنچ، ئېتىقات.
② سوۋاد — ئەتىراپ.
③ بىشە — ئورمان.
④ بۇيىخۇش — خۇش پۇراق.
⑤ خار — تاش.
⑥ خەس — ئوت، سامان.
⑦ دامنەئى بېشە — ئورمان چېتى.
⑧ مەددى قەد — سوزۇلۇپ كەتكەن، ئۇزۇندىن-ئۇزاق.

ساي كەناررىدا① يەنە تىز-تىز
ئاھۇيى ۋەھشىلەر② قىلار جەستۇ خىز③
تەرىز نىگاھىدا④ باھانە قىلىپ،
رۇيى زەمىن⑤ خانەئى خانە قىلىپ.
ئاندا كەتتىم كى يەتتىم رۇد باد⑥،
يەتمەدى گەردىگە⑦ ئانىڭ گەردباد⑧.
قىلدى كوڭۇل يادى قارا كۆزلەر،
بەلكى قارا كوزۇ بالا كوزلەر،
كوشەئى چەشمىدى شەھىد ئەيلەگەن⑨،
يىغلاتىبان كوزنى سەفىد⑩ ئەيلەگەن.
تىغى تەغافىلدا⑪ گىرىپتار ئېتىپ،
ھەلقەئى زۇلفىنى بەسى دار ئېتىپ.
مۇژدە بىلەن خەستەنى شاد ئەيلەگەن،
ۋەئىدە بىلەن ئومرنى بەباد ئەيلەگەن.

---

① كەنار — چېتى، گىرۋىگى.
② ۋەھشىلەر — ياۋايى ھايۋانلار.
③ جەستۇخىز — سەكرەش، قېچىش.
④ تەرىز نىگاھى — كورمەكنى ئىزلەش.
⑤ روي زىمىن — يەر.
⑥ رۇدباد — سۇ بويى، سۇ ئېقىپ تۇرغان جاي.
⑦ گەرد — بۇ يەردە ئېقىش مەنىسىدە.
⑧ گەردباد — تېز شامال، قۇيۇن.
⑨ كوشەئى چەشمىدە ......خالى جايدا كوزى بىلەن قۇربان قىلغان.
⑩ سەفىد — ئاق.
⑪ تىغى تەغافىل — كەمسىتىش تىغى.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كەلدىلەر يادىمغا بۇ مەھبۇبلەر،
ۋەئىدەسىگە تۇرماغان ئۇل خوبلەر.
گەرچە جامالىلارى كوزۇمدىن يىراق،
بۇلبۇلى جان تارتادۇر مىلك ئىشتىياق.
ساقى قۇيۇب ساغەرى① پەيمانە② تۇت،
كوشەئى كوزلەردە③ كېلىپ خانە تۇت.
رەھىم قىل، ئەي، ساقىياسىمىن ئۇزار④،
بادە دىماغىمدا، باشىمدا خۇمار.
.................................
باز⑤ زەلىلى چىقىبان كىرىبەدىن
دەرد بىلەن، داغ بىلەن ھەمنەشىن.

*　　　　*

ھەمرا ئىدى يەتتە قەلەندەر بىلەن،
سوھبەتىمىزدىن ھەمە يەر ئەنجۇمەن⑥.
ۋاقتى سەھەر قەمبەر ئاتاغا بارىب،
قەۋمى شەھىدان دىدىلار تەۋف ئېتىپ.

---

① ساغەر — قەدەھ
② پەيمانە — مەي.
③ كوشەئى كوزلەردە — كوزلەردىن خالى ۋاقتىمدا.
④ سىمىن ئۇزار — كۈمۈش يۈزلۈك.
⑤ باز — يەنە، تېخى
⑥ ئەنجۇمەن — مەجلىس، يىغىلىش.

تاغ ئىچىدە بىر كىچە-كۈندۈز بەرى،
جاي مۇسەففايى① بوغۇزلەنگەرى.
لەنگەر ئىلە كەنتى چۇ جەننەت ئىرۇر،
سۇتىلەسە ئۇرنىغا شەربەت بىرۇر.
هەر تەرەپىدە چىمەنۇ تاكزار②،
لەبەلەب ساي ئۇزرە ياتىپتۇر هەزار③.
چۆرەلەرى كوه④، بەيابانى دەشت،
جۇش قىلۇر تورفە غەزالانى⑤ دەشت.
مەنزىل ئىرۇر ئاندا بۇ هالەت ئىلە،
هەيبەت ئىلە، جاهى جالالەت⑥ ئىلە.
تەۋف⑦ قىلىپ ئەرتەسى بولدۇم راۋان،
بولدى ئەجەب كەرەم⑧ زەمىنۇ زامان.
بەسكى يۈرۈب يولدا بولۇبمەن بەياد
قوملارى خارەزم قومىدىن زىياد.
تاغ يولىنى ئانچە قىلىبان سوراغ،
چىشمە تاپالماي بولۇبان داغ-داغ.

---

① مۇسەففا — پاكىز، يېقىملىق.
② تاكزار — ئۈزۈمزار.
③ هەزار — مىڭ، مىڭلاپ.
④ كوه — تاغ.
⑤ غەزالان — كىيىكلەر.
⑥ جاهى جالالەت — ئەلا ئورۇن.
⑦ كەرەم — مەرھەمەت، ياخشىلىق.
⑧ تەۋف — تاۋاب قىلىش، زىيارەت قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەشمەئى زەھزەم بۇلۇبان كوزدە ياش
سەيىر ئېتىپ سوليا① بىلەن چارتاش②.
مۇنچە پەقىرىكى ئەيدىم ھەمسەپەر،
كەنتى خەلىفەمگە بارىپ تۇشتىلەر.
ئابدىرەھىم خەلىفە ئۆزى يوق ئىكەن،
مەنزىلىنىڭ ھەر تەرەپى جۇل چىمەن③.
چىقتى بىيەكبار ئاغاچالارى،
ئۆزى ئۇزۇن، قەددى يىگىرمە قارى④.
سوردى قەلەندەرلەر نە يەردىن سىلەر،
تاشنى يىدىڭلارمۇ بۇ سايدىن سىلەر،
قونماي ئۆتۈك تىز، بۇلەنگەر ئەمەس،
خەلىفە ئېرىم باركى، قەلەندەر ئەمەس.
ئەيدى زەلىلى بەتەۋاززۇئى⑤ جاۋاب،
بەرسىلە بۇ كېچە مەسجىدنى ساۋاب،
ھوجرەغە كىرسەك بارىمىز بۇ كېچە،
سىزگە دۇئا ئەيلەلى تا ئۆلگىچە.
ئەيدى: قويۇڭ بارچە تۇراغا⑥ بارىڭ،
ئەرتە كېلىڭ كېچە تۇراغا بارىڭ.
قوبتى قەلەندەرلەر تاماشا قىلىپ،

---

①
② سوليا، چارتاش — يەر ئىسمى.
③ جۇل چىمەن — چىمەن يېپىلغان،
④ قارى — بىرگەز چامىسىدا ئۇلچەم بىرلىگى.
⑤ بەتەۋازۇئى — كەمتەرلىك بىلەن،
⑥ تۇرا — جاي ئىسمى،

رۇيى تەۋەككۇلنى① بەمەۋلا② قىلىپ،
چۈنكى ئاغاچە سوزىدىن تويدىلار،
گەنجۇ③ تاماشىسىغا يول قويدىلار.
گەنج④ ئەگەر بولمىسا گەنجۈنىدىن⑤،
ئاتى قويۇبدۇرلار كوكۇلگە يېقىن.
كىمكى ساياھەتتە چېكەر دەردۇ رەنج،
ئاقىبەتى ئالغاي ئۇ ئىلكىگە گەنج.
كورمەگەن تاغدە نە غارۇ دەرە ⑥
قالمادى، يۇردۇك قەرەپى ئەندەرە ⑦،
ئەندەرەدىن ئول تەرەپى كوپ يىراق،
مەنزىلىنى دەرلەر قوبۇرغا بۇلاق ...
يول بىلەن نەززارە قىلىپ بارچەغە
بىر كېچە كۇندۇزدە يېتىپ ئارچە⑧غە.
ئاندىن ئوتۇپ ئۇچرادى نەچە دەبان⑨،
سەددى ئىسكەندەردىن ئىكەن ئول يامان.
كۇندۇز ئىسسىغىدا ئېرىيدۇر ھەجەر،

---

① رۇيى تەۋەككۇل — خۇداغا ئىشەنچ.
② مەۋلا — بۇ يەردە، باش پانا مەنىسىدە كەلگەن.
③ گەنجۇ — يەر ئىسمى.
④ گەنج — غەزنە.
⑤ گەنجۈنە — قىممەت باھا نەرسىلەرنى ساقلايدىغان جاي.
⑥ دەرە — جىرا.
⑦ ئەندەرە — جاي ئىسمى.
⑧ ئارچە — جاي ئىسمى.
⑨ دەبان — داۋان.

كىچە ساۋۇقىدۇر جىبارۇل قەمەر.
ئۇشبۇ مەشەققەتدە، رىيازەتتە مەن
بارۇر ئەدىم، بولدى ناماىيان خوتەن.
شەھىر ئىچىگە كىردىمۇ قىلدىم نۇزۇل①،
دانەئى ئابىغا بولۇپ مۇرغى كول②.
يەتتە يىل ئول شەھىر ئىچىدە بار ئىدىم،
كى گۇلغە غۇنچە، گاھى خار③ئىدىم.
شۇخى خۇبانى④خوتەننى سەير ئېتىپ،
باغ ئىلە بوستان چىمەننى سەير ئېتىپ،
بۇلبۇلى ئول باغى گۇلىستان بولۇپ،
ھەمدەمى مۇرغان⑤غەزەلخان بولۇپ،
خىزمەتى ھەر شاھۇ ۋەزىرۇ گادا،
سوھبەتى ھەرشەيغى ۋەلىيۇ خۇدا
ۋاقتى تىلا⑥ تەۋق مەھەللى چاغى،
ۋالىدەنى كەلتۇرۇپ ئەردىم چاغى.
ئەينى ئەتا ئەردى ۋەلى نىمەتىم،
قىبلەم ئەيدى، مەككەم ئەيدى، دەۋلەتىم.
ياشلارى يەتمىشكە يېتىپ ئەردىلەر،

---

① نۇزۇل — چۈشۈش، چۈمۈلۈش.
② مۇرغى كول — يۇقۇشى، ئۆدەك.
③ خار — تىكەن.
④ شۇخى خۇبان — شوخ گۈزەللەر.
⑤ مۇرغان — قۇشلار.
⑥ تىلا — ئالتۇن، قىممەتلىك.

جان بىلەن جانانغا سەپەر قىلدىلەر.
ئىككى ئوغۇل قالدى مۇساپىر بولۇپ،
خەيلى جۇنۇن ئىلكىدە دىلگىر① بولۇپ.
بۇ نە ئەلەم، ئەي فەلەكى لاجۋەرد②
سىنەگى ھەردەم قۇيارسەن داغ دەرد.
غۇنچەكى تۇرفە گۇلستان دۇرۇر،
ئاخىرى گۇل شاخى گورۇستان دۇرۇر.
چىقسا باھار چىمەنى ھۇسن ئارا،
بۇلبۇل ئىلەن گۇلگە سالىب ماجىرا،
كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئەيلەپ خەزان،
تىيرە قەبىر ئىچرە قىلۇرسەن نەھان③.
ھەر يېتىمى كى بۇ جاھان ئىچرەدۇر،
يىغلار ئانىڭ ھالىغا ئەھلى قەبۇر④.
لېيكىن ئىستەمەيدۇر ئانى ھىچ كىم،
كوككە ئەگەر يەتسە نەزەرى يېتىم.
يوقتۇر بۇ سوز ئىچرە خىلافى زەلىل
كەلدى مەھەممەت ئەرەبىدىن دەلىل......
........................................

① دىلگىر — دىلى غەش، غەمكىن.
② لاجۋەرد — كوك، زەڭگەر.
③ نەھان — يوشۇرۇش.
④ ئەھلى قەبۇر — گوردىكىلەر، ئولۇكلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

بۇلبۇلى خامۇش بولۇپ تابۇكەي①،
بەند ئەسىرى غەزەلۇ چەگو نەي،
تۇرك تەراشىدىن بۇنى خامە قىل③،
قەتئى قىلىپ سوزنى سەپەرنامە قىل.
نۇسخەئى دۇر نۇكتەلە④رى ئابدار،
كىمكى ئوقۇر پائىيشتۇر يادكار.
مىڭ يۇز ئوتتۇزبىر ئەيدى تارىخى،
بىشى مىڭۇ ئوتتۇرى يۇز بىر تەخى⑤،
ئەيدى سەپەرنامە زەلىلى غۇلام،
خەتى كىتاپ ئولدى شىشەنبە تامام.

---

① تابۇكەي — ھازىرغىچە، ھىلىغىچە.
②
③ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: "تۇركچە سوزلەردىن تېرىپ قەلەم يۇرگۇز"
④نۇكتە — سوز، چوڭقۇر مەنىلىك سوز.
⑤ بۇ ئاۋالقى مىسرانىڭ باشقا خىل تەكرارلىنىشى.

# غېرىبى (تۇردۇش ئاخۇن) ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «كىتاب غېرىپ»

**ئابدۇرىشىت ئىسلام**

ئۇيغۇر شائىرى تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى (ھىجرى 1277 — 1217، مىلادى 1802 — 1862) 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر شەھرىدە بىر كەمبەغەل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇسمۇرلۇك ۋە ياشلىق ۋاقىتلىرىدا شۇ دەۋر ئىجتىمائى شارائىتى بويىچە مەھەللە مەكتەپلىرىدە ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇغان، ئۇنىڭ ھاياتى - بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ، يوقسۇللۇق، خار - زارلىق بىلەن ئۆتكەن.

شائىر ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بار ئەردىم مەن چوغزە ۋەيران نىشىمىن،
ھەمىشە ئۇلۇم ①ئەھلىگە ھەمنىشىمىن.

① ئۇلۇم — ئىلىم - پەنلەر —

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈم ئەھلىگە كەيپش بەردار ئىدىم،
جاھان ئەھلىدىن ئەسرو بىزار ئىدىم.
جاھان ئىچىدە غۇربەتتە ھالىم تەئەپ،
ئىدى تۇردى ئىسمىم "غېرىبى" لەقەپ

(ۋەيرانىلەردە ماكان تۇتقان ھېقۇشتەك ۋەيران - خارابىلەر-
دە ھايات كەچۈرەتتىم، ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىنىڭ خىزمىتىنى
قىلاتتىم، ئۇلار بىلەن سوھبەتداش بولاتتىم، مەرىپەتسىز ئادەم-
لەردىن يىراق يۈرەتتىم. ھايات - تۇرمۇشۇم غېرىپلىق - بىچارىلىق
ئىچىدە جەۋرى - جاپالار بىلەن ئۆتەتتى. ئىسمىم تۇردى، ئەدىبىي
تەخەللۇسۇم غېرىبى ئىدى).

شائىر ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى "غېرىبى" دەپ ئاتاشىنىڭ
سەۋەبى، ئۇنىڭ ھاياتى كەچۈرمىش - سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن
دەل زىچ مۇناسىۋەتلىك.

غېرىبى ياشىغان دەۋر پۈتۈن ئېلىمىزنى فېئوداليزىمنىڭ
زۇلۇم جاھالىق قاپلاپ تۇرغان دەۋر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ باشقا
رايونلىرىغا ئوخشاش شىنجاڭ رايونى — قەشقەردىمۇ چىڭ سۇلا-
لىسىنىڭ سىنىپىي تايانچىلىرى بولغان يەرلىك پومىشچىكلار، زالىم
ئاچكوز، تويماس ئەمەلدارلار، بەگ، ۋاڭلار چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربى ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئەمگەكچى
خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋر
ئىدى.

ئەينى يىللاردا قەشقەر رايونىدا زوھۇردىن ھاكىم ھۆكۈمە-
رانلىق يۈرگۈزەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى
ئىقتىسادىي زۇلمىدىن ۋەيران بولغان ئەمگەكچى خەلق ئۆز يۇرت،

ئائىلە ماكانلىرىدا تۇزالماي، يۇرتتىن - يۇرتقا سەرگەردان بولۇپ قېچىپ يۈرەتتى. خەلق ئاممىسى ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك زۇلۇم ئىچىدە خار - زار بولۇپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. غېرىبى ئەنە شۇنداق ئىجتىمائى شارائىتتا دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئەمگەكچى يوقسۇللار بىلەن تەقدىرداش، دەرت ئەلەم جاپالىرىغا دەرتداش بولۇپ ياشىدى. خەلق بىلەن بىللە زۇلۇم، دەھشەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى.

خەلق بىلەن تەقدىرداش، دەرتداش بولۇپ ياشىغان مۇنەۋۋەر ئىلغار پىكىرلىك شائىر غېرىبى خەلقنىڭ زۇلۇم، يوقسۇللۇق بىلەن ئوتتۇۋاتقان ھايات تۇرمۇشىغا ئىچىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمىيەت ئىجتىمائى تۈزۈمىنى ۋە جەمىيەتتىكى تۈرلۈك كەسىپ - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن بولغان مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان رىقابەت، ھىلە - نەيرەڭلىرىنى كۆزەتتى، جەمىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ خاتا، ناھەققانىي مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزىتىش زۆرۈرلۈكىنى ئويلىدى.

جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ھۈنەرۋەن - كاسىپ ۋە سودىگەرلەرنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن شائىرنىڭ مەرىپەتچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. شائىر بۇ ئارزۇغايىسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەندە، شائىر ئۈچۈن مۇۋاپىق شارائىت كېلىپ قالدى.

قەشقەر ھوكۇمرانى زوھۇرىدىن ھاكىم گەرچە فېودال ھوكۇمران بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلىم - پەن، مەرىپەت سۆيىدىغان ۋە ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىگە ئېتىۋار بېرىدىغان بىر شەخس بولغاچقا، جەمىيەتتىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە غېرىبىنى چاقىرتىپ،

جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ھۆنەرۋەن كاسىپلارنى ۋە سودىگەرلەر-
نى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئاممىباپ بىر كىتاپ يېزىشنى
بۇيرۇدى.

شائىر غېرىبى بۇ ئەسەرنى يېزىشنىڭ سەۋەپلىرىدىگە توختى-
لىپ، زوھۇرىدىن ھاكىمنىڭ غېرىبىغا بەرگەن بۇيرۇغى، تەشەببۇسى
ۋە ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەيران ھاياتىنى
ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ:

چوكاشىغەر ئارا بار ئىدى ئەسرى شاھ،
دىنى ئىچرە مەرغۇپ ئەمەس قەسرى جاھ،
ئۆزى كاشىغەر شاھى شانى ئۇلۇغ
ئۇلۇم خەۋپىدىن ئىردى كوڭلى سۇنۇغ،
زوھۇرىدىن ئىسمى باشى ئۈزدە تاج،
زامانىدا ئەردى شەرىئەت راۋاج.
جاھان ئىچرە كورگەن بەسى سەرگۈزەشت،
جاھاننىڭ بىناسىن كورگەن شىكەست.

بار ئەردىم مەن چوغزە ۋەيران نىشىيىن،
ھەمىشە ئۇلۇم ئەھلىگە ھەمنىشىيىن.
ئۇلۇم ئەھلىگە كەپش بەردار ئىردىم
جاھان ئەھلىدىن ئەسرو بىزار ئىدىم.
جاھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەپ،
ئىدى تۇردى ئىسمىم "غېرىبى" لەقەب.
دىدى تەلىيىپ① ئەتكىل بۇ يەڭلىيىغ كىتاپ،
خالايىق - دىماغىغا يەتكۈزۈپ گۈلاپ

① تەلىيىپ — كىتاپ، ئەسەر يېزىش.

باری ھەر پەگەر سوزلىرىدىن قىل تائام،
کی تەزدم ئەپلىگىل ئاڭلىسۇن خاسۇ - ئام
داغی ئەیلىگىل بىر نەچچە مەرىپەت،
شەرىئەت بایانىنی ھەم زاھىر ئەت.
جاھان ئەھلی مەککارلىغ قىلمىسۇن،
ھۇنەر ئىچرە غەرددارلىغ قىلمىسۇن،
ھاۋا ۋە مەینەتنی تەرك ئەیلىسۇن.
ھەممشە شەرىئەت یولىنی ئىزلىسۇن،
سوزۈك ئاڭلىسۇن ھىریەگەرلار باری،
قەدەم قویمىسۇن شەرىئىدىن تاشقىری
بۇ یەڭلىغ ماڭا ھوکمی قىلدی ئەسىر.
بىرىپ كووستتىپ سوزنی گویاكی پىر،
ئىشتتىم باری ئەمری - پەرمانلىرىنی
بایان ئەیلىدىم بارچە ئايغانلىرىدىن.
جاھان ئىچرە بولغاي كىتابى ئىچىپ،
ئاڭا ئىسىم قویدۇم «كىتاپ غىرىپ»

(ئەینی دەۋردە قەشقەردە بىر ھوكۇمران بار ئىدى، ئۇنىڭ كوڭلىدە مەنسەپ، ئابروي، ئوردا، سارایىنىڭ ھەۋىسى یوق ئىدى. ئۇ گەرچە قەشقەرنىڭ ھوكۇمرانی، ئۇلۇغ، شانلىق بولسىمۇ ئو- لۇمىنىڭ خەۋپىدىن كوڭلی سۇنۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمی زوھۇرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ دەۋرىدە شەرىئەت ئىسلام دىنی راۋاج تاپقان ئىدى. ئۇ دۇنیانىڭ كوپ سەرگۇزەشتىلىرىنی بېشىدىن كەچۇرگەن بولۇپ، دۇنیانىڭ ئىجتىمائی تۇزۇمىنی ۋەیرانە - خاراپ، بۇزۇق دەپ ھىساپلایتتی.

مەن "غىرىبی" ۋەیرانىلاردىكی ھۇقۇشتەك ھایات كەچۇرەتتىم.

دائىم ئىلىم-مەرىپەت ئەھلى بىلەن سوھبەتداش بولاتتىم ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم، مەرىپەتسىز كىشىلەردىن يىراق يۈرەتتىم، جەمئىيەتتە تۇرمۇشۇم قىيىن، غېرىبلىق، مۇشەققەت بىلەن ئۆتتى. ئىسمىم تۇردۇش ”تۇردى“ تەخەللۇسۇم غېرىبى ئىدى.

زوھۇرىدىن ھاكىم ماڭا بۇيرۇق قىلىپ: ”سەن شۇنداق بىر كىتاب يازغىنكى، ئۇ كىتاب خەلقنىڭ بۇرنى، مىڭىسىگە قىزىل گۈل شەرۋىتىنىڭ پۇرىقىنى يەتكۈزسۇن (خەلق ياخشى تەربىيە ئالسۇن)، بارلىق ھۇنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ سوزلىرىنى تولۇق بايان قىل، كىتاپ نەزىم (شېئىر) بىلەن يېزىلسۇن، چوڭ-كىچىك بارلىق خەلق كىتاپ مەزمۇنىنى ئاڭلىسۇن، يەنە ئۇ كىتاپتا بىر قانچىلىغان مەرىپەت بايان قىل، خەلقلەر ھىلىگەرلىك قىلمىسۇن، كەسىپ، ھونىرىدە ئالدامچىلىق قىلمىسۇن، بۇزۇق ھەركەت، چىرىك تۇرمۇش، مەنمەنلىكنى تاشلىسۇن، دائىم شەرىئەت يولى بىلەن ماڭسۇن. سوزۇڭنى بارلىق كاسىپ-ھۇنەرۋەنلەر ئاڭلاپ شەرىئەت يولىدىن چىقمىسۇن“، دەپ ئەمىر زوھۇرىدىن ھوكۇم قىلدى. گوياكى بۇ ئەسەرنى يېزىشىمغا ئۇستازدەك سوز كورسىتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ئاڭلاپ ئېيتقانلىرىنى بايان قىلدىم. بۇ كىتاۋىم جاھاندا ئاجايىپ بىر كىتاپ بولۇپ قالسۇن دەپ «كىتاپ غېرىپ» دەپ ئات قويدۇم).

شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى پاش قىلىش ۋە ئەيىپلەش ۋەزىپىسىنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى خىشچى ۋە قول ھۇنەرۋەنلەرگە تاپشۇرغان. گەرچە شائىر ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى دىنىي، پەلسەپە، سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدىنى جەھەتلەردىكى ھەر تەرەپلىمە چەكلىمىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى قاتمۇ-قات زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر-

گە مۇئامىلە قىلىشتا، باشتىن - ئاخىر ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ نېگىزى بولغان ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنى زور ھۆرمەت بىلەن ئۇلۇغلايدۇ، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىغا يۇكسەك باھا بېرىدۇ. شائىرنىڭ ھالال ئەمگەك، ئادالەت، سەممىي ساداقەت، مېھرىۋانلىق توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان گىنئال پىكىردۇر.

(شائىر ھۇنەرۋەن - كاسىپلاردىن يىغىن تەشكىل قىلىپ، دىخاندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرى خىشچى (كېسەكچى) گە قەدەر بولغان 36 دىن كوپرەك ھۇنەرۋەننى قاتناشتۇرۇپ، مۇنازىرىگە سالىدۇ، مۇنداق ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى ئۇلۇغلاپ، بۇ ئارقىلىق جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىلگىرى ئوتكەن شائىر، ئەدىپلەرنىڭ ھېچقايسىسى يازمىغان.

غېرىبىنىڭ بۇ ئەسىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىنەزىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۇرۇلگەن. تارىخىي نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا بۇنداق بولۇش ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

غېرىبىنىڭ بۇ ئەسىرى "مەنىۋى" ئۇسلۇپتا لىرىك، ئاممىباپ، يېنىك، راۋان تىل بىلەن يېزىلغان.

تىل - ئەدەبىي جەھەتتە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەمۇنىلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى دېيىشكە ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ ئېيتىش كېرەككى، غېرىبىنىڭ بۇ ئەسىرىدە چىغتاي دەۋرى ئۇسلۇبى بولغان ئەرەپچە، پارىسچە سوز - جۇملىلەر مەلۇم دەرىجىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرگە قارىغان-دا، غېرىبنىڭ بۇ ئەسىرىدىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئەسىرى بارلىقى مەلۇم، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى ئىزسىز يوقىلىپ كەتكەن.

غېرىبى زۇلمەتلىك فېئوداليزم جەمئىيىتىدە يېتىشكەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىلغار پىكىرلىك مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

غېرىبنىڭ بۇ ئەسىرى 1956 مىسرا بىلەن تاماملانغان. بۇ ئەسەر بىز ئۈچۈن 18-، 19-ئەسىرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈنمۇ ماتېرىيال بولالايدۇ.

بۇ ئەسەرنى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ھازىرچە دىخان ۋە تۆمۈرچى، زەرگەرلەرنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسىنى ئىپادىلىگەن ئۈچ شېئىر تاللاپ بېرىلدى.

## «كىتابى غېرىب» دىن پارچە

ھېرىبەگەر (ھۈنەرۋەن) لەرگە نىسبەت بولغان ھۈنەرنى
"يىساق كارگاھى"①
مۇئەييەن قىلىپ بەرگىنىگە نۈكتە (سۆز) باشلىشى
1. بىراۋنى قىلىپ ئىلىم ئەھلى رەھنەمۇن②

---

① يىساق كارگاھى — ئالەم ۋە مەۋجۇدىيەتنى يارىتىقا كەلتۈرگەن كۈن.

② رەھنەمۇن — يول كۆرسەتكۈچى.

كى بىرنى غىنى، بىرنى زارۇ - زەبۇن①
2. پە دىدار ئىتىپ ئۇتتۇز ئىككى ھۇنەر،
جاھان ئەھلىگە ئەيلەدى موتەبەر.
3. ئۇلەشتى ئەزەل مۇلكىدە ھەر كىشى،
چىقاردى بۇ دۇنيا ئارا بىر ئىشى.
4. بىراۋ ئالدى دىخانچىلىق پىشەسىن،②
ئۆزى كەسپىنىڭ قىلدى ئەندىشىسىن.
5. چۇئاھەنگەر ئولدى بىراۋ شۇل زامان،
جاھان ئىچرە كەسپىنى قىلدى ئايان.
6. بىراۋ ئىختىيار ئەتتى نەججارلىق،③
قىلىپ چۇن ئىمارەتكە ئىمارلىق④
7. بىراق ئاندا زەرگەرلىك ئىلمىن ئالىپ،
ھۇنەرنى كوۋۇل كورەسىگە سالىپ،
8. چۇمىسگەر يۇگۇردى ئۆزى كەسپىگە،
ئۆزى سەنئەتىنىڭ مىنىپ ئەسپىگە⑤.
9. كى بوز⑥ توقۇماقنى ئالىپ باپكار،
جاھان مۇلكىدە بوز بىلە قىلدى كار⑦
10. ئالىپ موينە ئىلمىنى جۇببەچى،

---

① زەبۇن — يوقسۇل - ئاجىز
② پىشە — ھۇنەر - كەسپ.
③ نەججار — ياغاچچى ئۇستا.
④ ھىئمار — بىناكار ئۇستا - ئىنژېنېر.
⑤ ئەسپ — ئات.
⑥ بوز — ماتا، خام.
⑦ كار — ئىش - ھەركەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى پوستىن ① بىلە مۇندا ئىش قىلغۇچى.

11. چۇ تامچى ئالىپ كەسپى گىلكارلىق②،
جاھاننى قىلىپ قەسرو دىۋارلىق③

12. ئۆتۈك ئىلمىن ئاندا ئالىپ موزدۇز،
كېلىپ مۇندا ئەۋقات ئېتىپ شەب ۋە روز④

13. گىلەم كەسپىنى ئالدى گىلەم باپلار،
توقۇپ زىلچە مۇنداقلىبان ھۈنەر.

14. يەنە ئۇشتەگەر⑤ شۇستە شۇ ئەيلەدى
ھۈنەر ئالغالى جۇشۇجۇ ئەيلەدى⑥

15. قىلىپ باسماچى، نەقىشنى ئىختىيار،
چىقاردى قىلىپ مۇندا نەقىش نىگار.

16. بىراۋ ئالدى سەرراچلىق⑦ سەنئەتىن،
ياساپ مۇندا خەيلى تەپەڭنىڭ ئاتىن.

17. بوياقچى ھۈنەرگە قىلىپ ماجرا،
جاھانغا كېلىپ ئويلەپ ئاقنى قارا.

18. بىراۋ سىيىرچىلىققا كوڭۇل باغلادى،
قىلىپ نەقىش سەيقەل بىلە باغلادى.

19. بىراۋ بولدى كىمسەن بىلەرو - بەرە⑧،

---

① پوستىن — جۇۋا.
② گىلكار — تامچى.
③ دىۋار — تام.
④ شەب ۋە زور — كېچە ۋە كۈندۈز.
⑤ ئۇشتەگەر — چۇتارچى.
⑥ جۇشۇجۇ — ھەركەت قىلىش، يۈگۈرۈش، ئىزلەش.
⑦ سەرراچ — ئات جابدۇغى تىككۈچى ئۇستا.
⑧ رو — بەرەۋ — دۇچكېلىش، يۈزلىنىش.

كى پەيدا قىلىپ مۇندا ئالتۇن تىرە.

20. كى قۇرباپلار ئاندا ئالدى ھۈنەر،
جاھان سەپەسدە توقۇبان كەمەر.

21. بولۇپ ئول زاماندا بىراق ئاتقۇچى،
كى مەزلۇمەگە كەسپنى ساتقۇچى.

22. بىراۋ ئىختىيار ئەيلەدى بورىيا،
قومۇشتىن بىسات ئەيلەدى خەلقارا.

23. كۇلالچى كىلىپ كەسپكە ئىشتىپاق،
كىلىپ ئاب - گىلدىن ياساپدۇر تاباق.

24. بىراۋ قىلدى نەسساجلىق① ئىختىيار،
يازىپ ئەبرەشىم ئەيلەدى تار - تار②

25. بىراق بولدى پاكى③ تۇتۇپ سەرتاراش،
بۇرۇت ئالدى، لەبدىن ياساپ ئەتتى باش.

26. قوبۇل ئەتتى ئەسسار كەسپى جوناز،
بولۇپ ئول جاھان ئىچرە رەۋغەن گۇداز④

27. يەنە بىرسى كونچى بولۇپ ئول زامان،
قىلىپ چەرم بىرلەمشى - سەختىيان⑤

28. چۈزەيتاپلىققا يۈگۈردى بىراق،
كى ئاندىن كىلىپ ئەشتى مۇندا ئوچاۋ.

---

① نەسساج — ئىپەكچىلىك قىلغۇچى.

② تار - تار — تال - تال

③ پاكى — ئۇستۇرا

④ رەۋغەن گۇداز — ياغچى - جۇۋازچى.

⑤ مىيشى، سەختىيان — كالا، قوي، ئوشكە تىرىسىدىن ئىشلەنگەن خۇروم چەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

٢٩. چۇئۇل ۋاقتىدا ساغرىچى تۇتتى ئىش،
هالالۇ ـ هارامدىن چىلاپ خام قىيىش.
٣٠. كى شالگەر ئىشنى ئىلىپ بى بەدەل،
تىرەنى سۇنۇچ① بىرلە ئەيلەپ يېشىل.
٣١ بىراۋ بولدى قاسساپ كوپ قىردى جان،
غەنەم② ئولتۇرۇپ هەركۈنى توكتى قان.
٣٢. بۇ سەنئەت هەقىقەتتە تەقدىم ئولۇپ،
ئەزەل مۇلكىدە ئاندا تەقسىم بولۇپ.
٣٣. نەكىم ئاندا بولدى كىشىگە نەسىپ،
كېلىپ مۇندا بولدى ئول ئىشقا قەرىب③
٣٤. بۇ هىرپە④ ئارا هەم سالاهۇ ـ پاساد⑤
كى پىيلى ئىرۇر هەم بايازۇ ـ ساۋاد⑥
٣٥. كى مىساق ئارا كەسپ شايە ئىدى⑦،
چۇ كىم ئاندا كەسپكە قانئ ئىدى⑧
٣٦. بەشەر نەسلى⑨ بىرلە تۇزەلدى جاهان،
هەممە كەسپلەر بولدى بىر ـ بىر ئايان.

---

① سۇنۇچ ـــ زەنكار، زەمچى.
② غەنەم ـــ قوي.
③ قەرىب ـــ يېقىن.
④ هىرپە ـــ هۈنەر.
⑤ سالاهۇ، پاساد ـــ ياخشىلىق، يامانلىق
⑥ بايازۇ، ساۋاد ـــ ئاق، قارالىق.
⑦ شايە ـــ ئاشكارا.
⑧ قانئ ـــ قانائەت قىلغۇچى.
⑨ بەشەر نەسلى ـــ ئادەم ئەۋلادى.

37. تەمەننا قىلىپ كەسپكە ھەر كىشى،
جاھان مۈلكىدە كورگۈزۈپ بىر ئىشى.
38. قىلىپ ھەر بىرى پەزلىنى ئاشكار①،
ئۆزى كەسپكە كىرگۈزۈپ ئىپتىپار.
39. بىرىنىڭ سوزىنى بىرى ئالمادى،
بىرى پەزلىگە بىرسى كوز سالمادى.
40. ھەسەددىن بۇلار ئىچرە بولدى جىدەل،
بۇلار سوزلىرى بولدى رەددۇ بەدەل②.

ئىنسانلار گۇرۇھى ئۆزىگە نىسىپ بولغان كەسپىنى جاھانـ
غا ئاشكارا قىلىشىپ، ھەر بىر ھۈنەرۋەن ئۆز ھۈنىرىگە تەنتەنەـ
مەنىمەنلىك قىلىپ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقچىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن
يىغىن تۈزدى. تۈزگەندە دىخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
ئارتۇقچىلىغىنى ئاشكارا قىلغاندا، تومۇرچى دىخان تەرەپكە قاراپ
شۇنداق دىدى:
41. چۇ دىخان كى سوزدىن بولۇپ دانەرىز③،
ئېيتماقتا پەزلىن سالب رۇستەخىز④.
42. قىلىپ پەزلىنى ئاندا بىر بىر بايان،
ھەمە كار بارىنى ئەلگە ئايان.
43. ئايا دوستلار سوزگە سالغىل قۇلاق،

① پەزلى ــ ئارتۇقچىلىغى.
② رەددۇ ـ بەدەل ــ رەت قىلىش، تالاش ـ تارتىش.
③ دانە نەرىز ــ ئۇرۇق چېچىش.
④ رۇستەخىز ــ سەكرەپ ئورنىدىن قوپۇش.

Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تورى

كى پەزلىمنى ئاڭلاپ قىلىڭ ئىتتىپاق.

44. كېلىپ دەھر① ئارا ھەزرىتى بولبەشەر②،
ساما③دىن تۈشۈپ مەنزىلى بولدى يەر.

45. "زەلەمتا④" دىبان يىغلادى نەچچە يىل،
كەرەم⑤ ئەيلەدى باز رەببولجېلىل⑥

46. بىھىشتىن چىقاردى نىچە دانەنى،
تېرىپ ئەيلەگىل رىزق — روزانەنى⑦

47. چىقاردىكى ئەسبابى دىخانچىلىق،
سەبەپ ئەيلە بان قىلدى نىمەتنى جىق.

48. چۈ تەلىم ئېتىپ ھەزرىتى جىبرەئىل⑧،
كى دىخانچىلىق ئىلمى بولدى دەلىل⑨.

49. يەنە كەلتۈرۈپ بەردى بىر جۈپ ئۆكۈز،
سۈكۈپ يەرنى قىلدى ئۆكۈزلەر تۈكۈز.

50. ساچىپ دانە ئادەم كېلىپ ئول زامان،
كى ئەۋلادىغا كەسىب ئېيتىپ بەردى نان.

51. سەبەب ئەيلەبان رىزق يولىن ئاچىپ،

---

① دەھر — جاھان.
② بولبەشەر — ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى.
③ ساما — ئاسمان.
④ "زەلەمنا" — ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق.
⑤ كەرەم — سېخىلىق، كەڭ قوللۇق.
⑥ رەببۇلجېلىل — ئۇلۇغ تەڭرى.
⑦ روزانە — ئوزۇق.
⑧ جىبرەئىل — پەرىشتە.
⑨ دەلىل — يولباشچى.

زېمىن سەتھىگە① سۇ ۋە دانە ساچىپ.

52. يەنە ئەيلەدى باغۇ - بوستانلار،
كى پەيدا قىلىبان گۈلىستانلار.

53. تېرىپ ئۆندۈرۈپ نەچچە ئەشجارنى②،
كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارنى③.

54. زەمىننىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ④ — تۇيۇر⑤ تاپتى ئاندىن ناۋال⑥.

55. كى دىخانچىلىق ئىلمى بىزگە نەسىپ،
تەۋەككۈل بىلەن يەرنى يىرتىپ تېرىپ.

56. زىرائەت قىلىپ ئانچە مېھنەت بىلە،
ھوسۇلىنى ئېلىپمىز مۇشەققەت بىلە.

57. زىرائەت ئىشىدا رىيازەت قىلىپ،
رىيازەت ئىشىدا زىرائەت قىلىپ.

58. تاپىپ بەھر بىزدىن كى شاھۇ، گادا،
ناۋا تاپقۇسىدۇركى ھەر بىنەۋا⑦.

59. چۇلۇتىپ ئەتتى ھەق بىزگە مىلك دانەنى،
كى بۇغداي بىلەن تولدۇرۇپ خانەنى.

60. چۇ، خىرمان يېرىدە ساچىلغان ئۇرۇق،

---

① سەتھى — يۈزى - سەھنىسى.
② ئەشجار — دەرەخ - ئورمان.
③ ئەنھار — ئېرىق - ئۆستەڭ.
④ ۋۇھۇش — ياۋايى ھايۋانلار.
⑤ تۇيۇر — ئۇچار قۇشلار.
⑥ ناۋال — بەھرىمەن بولۇش.
⑦ بى نەۋا — يوقسۇل - ئاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممە مۇر① لەرغە بولۇپتۇر ئوزۇق.

61. ھەممە جاندارلار بولۇپ بەھرىمەند،
كى ھەمدۇ — سانا بىرلەدۇر ئەرجۇمەند②.

62. باشاقچى تېرىپ باش، ئالىپ مەنپەئەت،
ئۇراقچىغە ئاندىن بولۇپ تەربىيەت.

63. تىلەمچى گادالارغا روزانەئى،
تويۇپ شادلىق بىرلە مەستانەئى.

64. بۇ دېھقاندا كوپ خاسىيەت باردۇر،
جاھان مۇلكىدە پەزلى ئىزھاردۇر.

65. جاھان خەلقى دېھقانغە مۇھتاج بولۇپ،
ئەگەر بەرسە تىرىق، بەرمىسە ئاچ ئولۇپ.

66. بۇ دېھقانچىلىق كەسپى ئەئلادۇرۇر،
كى ئاندىن بولەك بارچە ئەدنا③ دۇرۇر.

67. كى بىز بولغۇمىز بارچەدىن پىشىۋا،
جاھان خەلقى بىزگە قىلىك ئىقتىدا④.

68. تىكىپمىز بابابان ئارا كوپ شەجەر⑤،
كى ئول نەخىل⑥ لەردىن بولۇپ كوپ سەمەر⑦.

---

① مۇر — چۈمۈلە.

② ئەرجۇمەند — خوشاللىق.

③ ئەدنا — تۆۋەن.

④ ئىقتىدا — ئەگىشىش.

⑤ شەجەر — دەرەخ.

⑥ نەخىل — خورما، مېۋىلىك دەرەخ.

⑤ سەمەر — مېۋە.

69. نەچچە تەشنە رەھرەۋ①نى سىراپ ئېتەر،
ئۇنىڭ سايەسىدە تېخى خاب ئېتەر②.

70. قويۇپ تاك، ئەنجىر، سىيىپ③ ۋە ئانار،
كى باغنىڭ ئىچىنى قىلىپ مۇەزار.

71. قىلىپ ئاندا گۈلشەننى ئاراستە④،
قىلىپ ئەنجۇمەن⑤ پىرو — نەۋخۋاستە⑥.

72. مۇزەييەن⑦ بولۇپ بولسا پەسلى باھار،
چىمەنزارۇ — گۈلزار ھەم لالەزار.

73. كى ئاندا قىلۇر خەلق ئەيشۇ نەشات⑧،
جاھاننىڭ غەمىدىن تېپىپ ئىنبىسات⑨.

74. كى ئىنسان غىزاسىغا بولدۇق سەبەپ،
سانا ئايغۇسى بارچە نىئمەتنى يەپ.

75. ئۇمىد ئۇلكى بىزلەرگە بىھەد - ھىساپ،
ئەتا قىلسا ھەق، يوق ئەجەپ بىھىساپ.

76. جۇ دېھقان ئۆزىنى سىتايىش⑩ قىلىپ،

① رەھرەۋ — يول يۈرگۈچى، مۇساپىر.
② خاب — ئۇيقۇ، ئۇخلاش.
③ سىيىب — ئالما.
④ ئاراستە — زىننەتلەش.
⑤ ئەنجۇمەن — يىغىلىش، ئولتۇرۇش.
⑥ پىرو، نەۋخۋاستى — قېرى ۋە ياشلار.
⑦ مۇزەييەن — زىننەتلەش.
⑧ ئەيشۇ - نەشات — خوشاللىق.
⑨ ئىنبىسات — كۆڭلى ئېچىلىش.
⑩ سىتايىش — مەدھىيە، تەشەككۇر.

www.uyghurkitap.com

تەمەننا قىلىپ، ئۆزگە نازىش قىلىپ①.

77. تۈرۈپ ئەردى ناگاھ پاسانە② تۈزۈپ،

تۆمۈرچى يۈگۈردى تارانە③ تۈزۈپ.

تۆمۈرچىنىڭ دېھقانغا مۇنازىرىسى

78. ئايا دۇستائى④ كى سەھرانىشىن⑤.

نىدىن مۇنچە سوزلەرگە بولدۇڭ قەرىن⑥.

79. ئۆزۈڭنى دىدىڭ ئۆزگىنى بىلمىدىڭ،

كى بىزدىن مۇقەددەم ئۆزۈڭنى دىدىڭ.

80. چۇ ماقتاپ ئۆزۈڭنى تولا ئۇرما لاپ،

بۇ ئۇرغان سوزۇڭ بەزىسىدۇر خىلاپ⑦.

81. چۇ ئەمىر ئەيلەدى نەچچە ئىشنى خۇدا،

خۇدا ئەمرىنى قىلمادىڭلار ئادا.

82. خۇدا ئۆشرىنى بۇيرىغا ئول زامان،

ئادا قىلسا ئۆشرىنى هالال بولدى نان.

83. بىراۋنىڭ يېرىدە زىرائەت قىلىپ،

كى ئۆرتاقچىلىقتا خىيانەت قىلىپ.

84. ئۇغۇرلاپ كېچە خۇشە ۋە ئەنجۇنى⑧

---

① نازىش — تەنتەنە، مەغرۇرلۇق.

② پاسانە — ئەپسانە سوزلەش.

③ تارانە — مەغرۇرلۇق بىلەن سوزلەش.

④ رۇستائى — سەھرالىق.

⑤ سەھرانىشىن — سەھرادا ئولتۇرغۇچى

⑥ قەرىن — يېقىن.

⑦ خىلاپ — يالغان.

⑧ خۇشە — باشاق.

Altun

كى مەھكەم قىلىپ تولدۇرۇپ گوشەنى①.
85. بىراۋ ئوشر بەرگىلى دىسە ئول زامان،
كى ئاڭلاپ بۇ سوزنى تۇرۇپ چىقتى جان.
86. ھەمە مۆمىندىن ئوشرە② بەرمەك راۋا،
كى بۇ پەرزنى ئەھر قىلدى خۇدا.
87. كى سىزلەردە يوقتۇر نامازو نىياز،
جۇ ئىنسان سۈپەت ئولىڭىزدۇر گۇداز③.
88. ئوقۇماي نامازنى قىلىپ سىز قازا،
تىلى يوق ئوكۈزگە سىلىپ سىزنادا④.
89. رىسالە بىلەن قىلمادىڭلار ئەمەل،
خۇدا ئەمرىنى تۇتتۇڭىزلار سەھەل⑤.
90. قوتاندا تۇرۇپ مال يوقتۇر زاكات⑥،
كى قورقۇپ خۇدادىن ئولۇسىدىن ئويات.
91. كى ھويلاڭغا ئىتتىن قويۇپ پاسىبان⑦،
يۇگۇرغاي كىشى كەلسە نەچچە ئايان.
92. قەلەندەرنى قوغلاپ، سۇرۇپ ئىتلىرىڭ،

---

① گوشە ــ بۇلۇڭ - پۇشقاق.

② ئوشرە ــ دىخانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ 10 دىن بىر قىسمىنى يوقسۇللارغا بېرىش.

③ گۇداز ــ قاتتىقلىق، قاتتىق قوللۇق.

④ نادا ــ ۋاقىراش، ھەيۋە قىلىش.

⑤ سەھەل ــ سەلسا ناش، ئاددى چاغلاش.

⑥ زاكات ــ نەق پۇل، زاپاس مۇلۇكنىڭ 40 تىن 1% ى.

⑦ پاسىبان ــ قاراۋۇل، گۈزەتچى.

پەلەككە يېتىپ تامدىكى چىتلىرىڭ.

93. چىقىپ كەلسە موللا يىراقتىن ئەگەر،
كى ئاغرىق بولۇپ بولغاسەن دەر دىسەر①.

94. بايان ئەيلەسە مەسئەلە مەرىپەت،
خەبەردار بولۇپ قىلمادىڭ مەرھەمەت.

95. ھەمە ھاسىلىڭنى تىقىپ چاھقە②
تۆرۈپسەن باھاسىن تىلەپ ئاھقە.

96. ئەگەر بولسا قىممەت ساڭا شادلىق،
داغى خۇپ خاراپ بولسا ئابادلىق.

97. بۇ كەسبىڭدە قىلساڭ ئەگەر راستلىق،
كى ئەسلا يوق ساڭا كەمۇ ـ كاستلىق.

98. ھالالنى ھارامدىن جۇدا ئەيلە گىل،
خۇدا ئەمرىگە جان پىدا ئەيلەگىل.

99. چۇ، ماقتاپ ئۇزۇڭنى بولۇپ بى خەبەر،
تولا سوز دىدىڭ ئەلگە سالماي نەزەر.

100. تومۇرچى بىلەن پۈتتى كارىڭ سىنىڭ،
كى ھەدداد③ ھەر ئىشدا يارىڭ سىنىڭ.

101. ئەگەر ئەتمەسەڭ بىز بۇ قۇر ساڭغا تىش،
كى ھەيرەتتە④ يازىڭ بولۇر ئەردى قىش.

102. كى ئەنجۇلىرىڭغا ياسايمىز ئوراق،

---

① دەردىسەر — باش ئاغرىقى

② چاھ — ئورا — يەر ئاستى گەمە.

③ ھەدداد — تومۇرچى.

④ ھەيرەت — ھەيرانلىق.

ھەمپە ھاجىتىڭغە ياسايمىز پىچاق.

103. يەنە ئەيلەدۇك سىزگە تىشە تەبەر①،
بۇ ئەسباپ بىلە ئەيلەدىڭلار ھۇنەر.

104. چۇ كەتمەن ياسايمىزكى يەر چاپىسەن،
كى تۇپراقنى يەنجىپ ئۇرۇغ ساچىسەن.

105. بۇ ئىشتىن بولۇپتۇر ئىشىڭغە راۋاج،
تومۇر بىرلە ئىشقا قىلىپسەن ئىلاج.

106. ھوسۇلۇڭنى مىننەت قىلىپ خەلقارا،
تەمەننا قىلىپ ئەيلەدىڭ ماجەرا.

107. كى روزى بولۇپ رىزق روزى ئەزەل،
پاسانە دىبان ئەيلەدىڭ كوپ جىدەل.

108. كى دىھقانىكى تەسلىم ئېتىپ شۇك تۇرۇپ،
بۇ سوزدە سۇكۇت ئەيلەدى ئولتۇرۇپ.

109. ھۇجۇم ئەيلەدى سوزدە ئاھەنگەران②،
تۇرۇپ قىلدى ئەلگە پەزىلەت بايان.

110. تومۇردىن يەنە ئوقىقا پەيكان③ قىلىپ،
ئەرۇ④ — خەيلىنى⑤ بىجان⑥ قىلىپ.

111. چۇ، پاكى ياساپ قەبزە⑦ كوكسى شىكاپ،

---

① تىشە، تەبەر — كەرگى، پالتا.
② ئاھانگىران — تومۇرچىلەر.
③ پەيكان — يا ئوقىنىڭ باشىغى.
④ ئەدۇ — دۇشمەن.
⑤ خەيىل — گۇرۇھى — ئەسكەر.
⑥ بىجان — ئولۇك - جانسىز.
⑦ قەبزە — دەستە، ساپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

تاراشىدە قىلسا قىلۇر باشنى ساپ.

112. چۇ مقراز① ئېتىپ موي ـ لەب ئالغالى،
ياساپ قۇلپا دەرۋازەغە سالغالى.

113. قىلىچ ئەيلەدۇك تىغ ۋە خەنجەر داغى،
قىلىپ مىزىسنان② بىرلە شەشپەر③ داغى.

114. كى سوزەن④ قىلۇرغە قىلىپ مىز قىياس،
ئۇنىڭدىن پۈتەر بارچە زەررىن لىباس⑤.

115. يەنە ئات پۇتىغا قىلىپمىز تاقا،
تىگۈرمەن تاشىغا ياسايمىز پاقا⑥.

116. قىلىپ نەئىل ھەم موزەغە مىخنى،
تونۇردا كاباب ئەتكەلى سىخنى.

117. تۆپەكلەر⑦ بىلە زەنبۇرەك ساز ئېتىپ،
شىكار ئەيلەدى ھەر كىشى غاز ئېتىپ.

118. چويۇندىن قۇيۇپ داش، تومۇردىن قازان،
كى شاھۇ ـ گاداغا قۇيۇپمىز نىشان.

119. ئوتتۇكچىغە بۇردەندە بىزدىن دۇرۇر،
كى نەججارغا رەندى بىزدىن دۇرۇر.

120. كى بۆكەسپىمىز ئەلگە لازىم دۇرۇر،

---

① مقراز ـــ قايچا.
② سىنان ـــ نەيزە
③ شەشپەر ـــ ئالتە بىسلىق پولات گۈرزا.
④ سوزەن ـــ يىڭنە
⑤ زەررىن لىباس ـــ ئالتۇن يىپلىق رەختتە تىكىلگەن كىيىم.
⑥ پاقا ـــ تۈگمەننىڭ تېشىنى ئايلاندۇرغۇچى توغرا تومۇر
⑦ تۆپەك ـــ مىلتىق ـــ

جاھان خەلقى بىزگە مۇلازىم دۇرۇر.

121. ئاياھىر پەگەر جۇملە ئەھبابلار①،
ياساپ بارچەڭىزلارغە ئەسبابلار.

122. كى ئىنساپ ئىلە ئەيلەگىز ئىتىراپ،
دىگەن سوزلەرىم ئەسلا كورمەك خىلاپ.

123. چۇتەئىرىپ ئېتىپ ئۇزنى ھەددادلار،
تۇرۇپ باغلادى تۇرپە ئىسنادلار②.

124. ئىشىتتى بۇ سوزنى ھەمەھىر پەگەر،
جاھان ئەھلىدە بارچە ساھىپ ھۇنەر③.

125. سۇكۇت ئەيلەدى بارچە قول كوتىرىپ،
ھەمە مەسلىھەت ئەيلەدى ئولتۇرۇپ.

## زەرگەرلەرنىڭ تومۇرچىلەر بىلەن مۇنازىرىسى

126. بەناگاھ قىلىپ قوپتى زەرگە جىدەل،
سىنىڭ سوزلىرىڭ بىرنى قىلدى كىسەل.

127. چۇزەرگەر ئالتۇن كەبى سارغايىپ
كىلىپ ئۇزىگە گاھى ئۇزدىن كىتىپ:

128. نەدەرسەن ئاياغەلۋەچى قاپقارا،
سىنىڭ ئىشلىرىڭ بارچەسى ماجرا.

129. ئۇچاققە سالىپ بىر سۋەتتە كومۇر،
تولۇملارنى باستىڭ قىزىتتىڭ تومۇر.

---

① ئەھبابلار — دوستلار.

② ئىسناد — پاكىت، ھوججەت.

③ ساھىپ ھۇنەر — ھۇنەر ئىگىلىرى، ئۇستا.

Altun0q

130. ئۇرۇپ چوغ قىلىپ ئانى بازغان بىلەن،
ساچىپ ئوت قىلىپ ئالەمگە ئەفغان بىلەن.

131. سالاھىڭ① دىدىڭ لىك پاسا②دىڭ قەنى؟
كى ئىنساپقا كەل، ئەيتقىل قەنى؟

132. قىلۇرسەن ھەمە ئىشنى ھەيبەت بىلە،
ئىشىڭ پۈتتى مىھنەت ـ مۇشەققەت بىلە.

133. دۇكانغا كىرىپ ئىشنى قىلساڭ كېچە،
ئەجەپ رەڭگى ـ رويۇڭ بولۇپ ئۆزگىچە.

134. بولۇپ يەڭلىغ③ چىرايىڭ تۈرۈك،
ئەجەپ شەرپە بىرلە بىسىپسەن كورۈك.

135. كى جەللارلەرغە ياساپ تېز تىغ،
چۇ ئىنسان بېشىنى كېسەر بى دەرىخ④

136. ياساپ ئوغرىغە بەلكى تىغ ۋە تەبەر⑤،
سېنىڭ خەنجىرىڭ بىرلە تامنى تېشەر.

137. جاراھەتنى يارماققە نەشتەر ياساپ،
ئېزىزجاننى ئالماققە خەنجەر ياساپ.

138. قاراقچىغا تەييار ئېتىپ تىغ كىن⑥،

---

① سالاھىڭ ــ ياخشى ئىشلىرىڭ.

② پاساد ــ زىيان.

③ يەڭلىغ ــ ئوخشاش.

④ بى دەرىخ ــ ئەپسۇسلانماي.

⑤ تەبەر ــ پالتا.

⑥ تىغ كىن ــ دۈشمەنلىك قىلىچى.

كى تۈججار① يولدا تۈتارلار كەمىن②

139. تومۇردىن تۈزاق ئەتىنىڭ هايۋان ئۈچۈن،
سالاسىل③ ياساپ بەندى زىندان ئۈچۈن.

140. نەچچە نادىر سەنئەتلەرنىڭ باردۇر،
كى سەنئەتلەرنىڭ جانىغە ئازاردۇر.

141. سالاھىڭنى كورگىل، پاسادىڭنى كور،
كى يۈزلەرگە يۇققان ساۋا④ دىڭنى كور.

142. تەھەممۇل⑤ قىلىپ سوزدە خامۇش بول،
كى خامۇش بولۇپ بەلكى بىھۇش بول.

143. ساڭا سوز نىمە، بىز تۇرۇپ ئەي ئاداش؛
بارابەر ئەمەس ئەسلا زەر⑥ بىرلە تاش.

144. سوزۇڭلار قىلىپ كوڭلىمىزنى تىزگۈن،
پاسانەدىن ئەمدى ئاڭلاڭ بۇگۈن.

145. تومۇرچى تومۇردەك قاتىپ بولدى شۇك،
چۇ، زەرگەر سوزىگە باسىپدۇر كورۇك⑦.

زەرگەرنىڭ تومۇرچى بىلەن مۇنازىرىسى

146. ئايا ھوشمەندانى ساھىپ ھۇنەر،

---

① تۈججار — سۇدىگەرلەر.
② كەمىن — يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىش.
③ سالاسىل — زەنجىر.
④ ساۋاد — قارالىق.
⑤ تەھەممۇل — ئېغىر بولۇش، تەمكىنلىك.
⑥ زەر — ئالتۇن.
⑦ كورۇك — زەرگەرنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ئېرىتىدىغان ئوچىقىغا يەل بېرىدىغان كورۇگى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئىشلىرىم بارچەسى سىمۇ - زەر①.
147. كى بىزلەردە ئانچە زاراپەت دۇرۇر②،
ھونەر ئىككىمىزدە لەتاپەت دۇرۇر③.
148. قىلىپ تاجىمىز ھەممىنى تاجىرار،
كى دۇرلەر④ بىلەن ئەيلەدۇك گۆشۋار⑤.
149. قىلىپمىزكى شاھلار غەزەر بىلەجام⑥،
چىكەر ساغەرى⑦ شاھى ئالى مۇقام.
150. ياساپ تىترەگۈچ⑧ شاھقە تاج زەر⑨،
تېخى ئىشلىدۇق بەلكى زەردىن كەمەر.
151. كى زەرنى سوقۇپ زەرپ ئىلەپەخش ئېتىپ⑩،
ياساپ تۈگمەلەر يۈزگە نەقش ئېتىپ.
152. كۈمۈشنى ئېرىتتۇق قىلىپ دانەلەر،
كى سىركە تىزىپ تولدۇرۇپ خانەلەر،
153. ئەجەپ زىرە نازۇك ھۈنەر بىزدە بار،
ھۈنەر بىزدەدۇر ئۆزگە بى ئېتىبار.

---

① سىمۇ - زەر — كۈمۈش، ئالتۇن.
② زاراپەت — ماھىرلىق، ئۇستىلىق.
③ لەتاپەت — نازۇكلۇق، ئىنچىكىلىك.
④ دۇر — گوھەر.
⑤ گوشۋار — ئىسىرغا، زىرە.
⑥ زەرجام — ئالتۇن پىيالە.
⑦ ساغەر — مەي، شاراپ.
⑧ ⑨ تىترەگۈچ — شاھلار ۋە ئاياللار بېشىغا تاقايدىغان ئالتۇن گۈل.
⑩ پەخش — يەنجىش.

154. ياساپ نازىنىنلار قولىغا ئۈزۈك،
شەبەكرار ھەلقە① كوزىدۇر سۈزۈك.
155. يەنە ساز ئېيتىپ پۇتقا خەلخاللار②
جەۋاھىر تىزىپ ئەيلەدۈك خاللار③.
156. كى پىرو — جاۋان بىزگە قائىل دۇرۇر،
جاھان ئەھلى پىشەمگە مايىل دۇرۇر.
157. ياساپ شاھ تۇتىغا ئالتۇن قەپەس،
كى شەھباز④ بوينىغا زەردىن جەرەس⑤.
158. پۇتۇپ كارىمىز بارچە زەرھەل بىلە،
كى پەرداز ئېتىپ زەرنى مەسقەل⑥ بىلە.
159. نەچە تەرز سائەت نەما⑦ ساز ئېتىپ،
ئۇلۇغلار تۇتۇپ ئانى ئىزاز ئېتىپ.
160. چۇ بارچە ھۇنەردىن ئېرورمىز زىرىپ،
ھۇنەرمەندلەر بىزگە ئەرمەس ھەرىپ⑧.

---

① شەبەكرار ھەلقە — يالتىراق — سۈزۈك گوھەر كوزلۈك ئۈزۈك.

② خەلخال — قىزلار، ئاياللار پاچاققا سالىدىغان ئالتۇن قوڭغۇراق.

③ خال — كوز، زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۈستىدىكى كوز جەۋھەر.

④ شەھباز — قارچۇغا.

⑤ جەرەس — قوڭغۇراق.

⑥ مەسقەل — ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملارنى پارلىداق قىلىدىغان ئەسۋاپ.

⑦ سائەت نەما — ۋاقىت كورسەتكۈچ سائەت.

⑧ ھەرىپ — تەڭ - باراۋەر تۇرغۇچى.

www.uyghurkitap.com

161. كى تەسلىم ئېتەر يار — ئەھبابلار،
يىغىلغان بۇ مەجمەئدە ئەسھاپلار①.

162. داغى پەزلىمىز سەر — بەسەر دىمەدىم،
ماقالاتنى مۇختەسەر ئەيلەدىم.

## ياغاچچىنىڭ زەرگەر بىلەن مۇنازىرىسى

163. ساچىلدى ياغاچچى بولۇپ زەر رەدەك،
تۇشۇپ ئوتدىغا گۆركۆرەپ ئەر رەدەك.

164. ئايا زەرگەرى قەلبكەش② ھىلىگەر،
ھونەردە قىلىپ زەرنى مىس، مىسنى زەر.

165. نېدىن مۇنچە تەئرىپ ئېتەرسەن ئوزۇڭ،
كى ئاغزىڭ ئاچىلدى، ساچىلدى سوزۇڭ.

166. ھونەر سەندە دائىم خىيانەت بىلە،
ئالىپ سىمو — زەرنى زەلالەت③ بىلە.

167. چۇ، شاھلارغە قىلساڭ ئەگەر تاجنى،
كى ئالتۇن - كۇمۇشتىن ئالىپ باجنى.

168. جاھاندا چىقاردىڭ ھونەر ساز ئېتىپ،
كۇمۇشكە قۇيۇپ مىسنى پەرداز ئېتىپ.

169. جەۋاھىرغە مەخلۇت④ ئېتىپ شىشەنى،

---

① ئەسھاپ — دوستلار.
② قەلبكەش — ئالتۇن، كۇمۇشنى جالاشتۇرۇپ باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرغۇچى، ئالتۇن بىلەن سىرلاپ قويغۇچى.
③ زەلالەت — ئازدۇرۇش، ئالداش.
④ مەخلۇت — ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسە (يالغان نەرسە).



Altunoq

هۈنەردە قىلىپ تۇرپە ئەندىشەنى.

170. زەنانلار② بىلەن كار — بارىڭ سېنىڭ،
خىيانەت بىلە پۈتتى كارىڭ سېنىڭ.

171. نەچە ئەيىپ سىزلەردە پەيدا دۇرۇر،
كى سىزگە مۇئەننەس③ خېرىداردۇر.

172. هۈنەرنى ئەگەر قىلسىڭىز ھەر نەچە،
ئۈنىڭ ئەسلىنى قىلماڭىز ئۆزگىچە.



---

① زەنانلار — ئاياللار.
② مۇئەننەس — ئايال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دىن پارچىلەر

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) — ئۇلۇغ شائىر ۋە دانىشمەن ئۇستاز ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تىلشۇناسلىق جەھەتتە ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى. كىتاپنىڭ ئاخىرىدىكى رۇبائىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئەسەر ھىجرى 905 - يىلى (مىلادى 1499 - يىلى)، قەمەرىيە ھىساۋى بىلەن جامادىيەل ئاۋال (5 - ئاي) نىڭ بىر چارشەنبە كۈنى يېزىلىپ بولغان.

رۇبائى

بۇ نامەكى، يازدى قەلەمىم تارتىپ تىل،
تارىخىن ئانىڭ جامادىيەل ئەۋۋەل بىل،
كۈنىنىڭ رەقەمىنى چارشەنبە قىلغىل،
توققۇز يۈز يىلدىن ئۆتۈپ ئەردى بەش يىل.

ئۇلۇغ شائىر ناۋايى ئىنتايىن نۇرغۇن ۋە قىممەتلىك شېئىرى ئەسەرلەر (مەسىلەن، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» ۋە باشقىلار)دىن تاشقىرى، ئۇلۇغ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزنلەر مىزانى)، «مەجالىسۇن نەفائىس» (ئەدىب — شائىرلار مەجلىسلىرى)، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» (كۆڭۈللەر دوستى) ۋە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) قاتارلىق ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىمۇ بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ئەدەبىي تىل پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىيات نەزىرىيىسى جەھەتتىكى ئۇلۇغ ئەھمىيىتى بىلەن «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» پارس تىلى بىلەن تۈركى تىلىنىڭ تىلشۇناسلىق ئاساسىدىكى سېلىشتۇرمىسى ياكى بۇ ئىككى تىل توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە بولۇپ، ئەلىشىر ناۋايىغىچە پارس تىلى بىلەن تۈركى تىل ھەققىدە ھېچكىم مۇنداق تەپسىلى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەر ئۆز زامانىسىدىلا جامائەتچىلىكنىڭ ناھايىتى زور دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى. XIX ئەسىردىن باشلاپ، بۇ كىتاپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. نۇرغۇنلىغان تىلشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىملار ئۇنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، بىرمۇنچە ماقالىلار يازدى.

ناۋايىنىڭ ئۆز دەۋرىدە پارس تىلى بىلەن تۈركى تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئىزلىنىشلەر بىلەن مۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەر شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە

پارىس تىلى بىلەن ئەرەپ تىلى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ ئاھا-يىتى كەڭ تۈردە يامراپ كېتىش بىلەن ئەدەبىياتتا ھاكىم تىل دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ۋە تۈركى تىلدا سوزلىشىدىغان خەلق-لەرنىڭ ئەدىپ-شائىرلىرى ئۆز ئانا تىلىنى تاشلاپ ياكى يارانماي، پارىس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى بىر خىل مودىغا ئايلاندۇرۇۋالغان، ھەتتا ئۆز ئانا تىلىدا يازغان ئەدىپ-شائىرلار مەسخىرە قىلىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. پارىس-گوي (پارىس تىلىدا يازغۇچى) شائىرلار پارىس تىلىنى شىرىن-لىكتە شېكەرگە ئوخشىتىپ "پارىسى شېكەرەست" دىسە، ئەرەپ تىلىغا چوقۇنغۇچىلار ئەرەپ تىلىنى ھەسەلگە ئوخشىتىپ، "ئەرەبى ھەسەلەست" دەپ مەيدانغا چىققان ئىدى. ئەنە شۇن-داق شارائىتتا ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ئانا تىلىغا چەكسىز مۇھەب-بەت باغلىغان ئەلشىر ناۋايى تۈركى تىلىنىڭ پارىس ۋە ئە-رەپ تىلىدىن ھېچبىر قېلىشمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ پارىس تىلىدىن بىرمۇنچە جەھەتلەردە گۈزەل، باي ۋە راۋان تىل ئىكەنلىكىنى ئەمىلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇشۇ كىتاۋىنى يازدى ۋە ناۋايىنىڭ ئۆز سوزى بىلەن ئېيتقاندا تۈركى تىلىنىڭ ھۈنەر-سەنئەت تىلى، يەنى «تۈركى ھۈنە-رەست» ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىپ كورسەتتى. ئەلشىرناۋايى بۇ ئەسىرى بىلەن ئۆز ئانا تىلىنىڭ باي ۋە گۈزەللىكىنى كورستىش بىلەنلا قالماي، بەلكى مىللى ئەدەبىيات ئۈچۈن يېڭى ۋە كەڭ يول ئېچىشقا تىرىشتى. بۇ يەردە مەشھۇر سو-ۋېت ئالىمى ئا.ك. باروفكوفنىڭ توۋەندىكى باھاسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ: "مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن، — دەپ يازىدۇ باروفكوف، — بۇ شۇنداق كىتاپكى، تۈپ ماھىيىتى

جەھەتتىن ئۇنىڭدا گەپ تىل ئۈستىدىلا بارمايدۇ. بۇ كىتاپتا يەنە باشقا بىر پىكىر، يەنى ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆزى ھايات چاغدىلا ھەممە تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىرناۋايى ھەققانى ھالدا شۇنداق بىر شان-شەرەپكە سازاۋەر بولدىكى، ئۇزۇن ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شوھرەت قازانغان پارىس ئەدەبىياتىنىڭ ئابرويى راسا كوتىرىلگەن بىر پەيتتە، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇردى. ناۋايى ئۆزىنىڭ «لىسانۇت تەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىدا ئېيتقىنىدەك، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر". باروفكوفنىڭ بۇ باھاسىغا ناۋايىنىڭ توۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرىمۇ دەلىل بولالايدۇ.

تۈرك نەزمىدەچۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم.

ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەلىشىرناۋايىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنىمۇ خەلققە تونۇشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلغىنى ئۈچۈن، بۇ كىتاپتىن ئايرىم پارچىلەرنى نەشرگە تەييارلىدىم. بەزى ئابزاس ۋە قۇرلارنى ئۆز تېكىستى بويىچە، بەزى جايلىرىنىڭ مەزمۇنىنىلا نەقىل كەلتۈردۇم. جۈملىدىن، ناۋايىنىڭ ئۆز ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتىم. شېئىرلارنى بولسا، بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، تەرجىمە قىلىش ئورنىغا ئىزاھات بېرىش بىلەنلا چەكلەندىم.

Altun04

بۇ ئەمگىكىمدە ئۇرغۇزۇلغان خاتالىق ۋە نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىي. يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

...... سوز ئەھلى خامىنىنىڭ باشتەرگۈچىسى، سوز گوھەرلىرى غەزنىسىنىڭ ئىشەنچىلىك ئامانەت ساقلىغۇچىسى، شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خوشناۋا بۇلبۇلى، يەنى ئەلىشىرناۋايى شۇنداق دەيدۇ، سوز — بىر مەرۋايىتتۇر، ئۇنىڭ دەرياسى — كوڭۈلدۇر. كوڭۈل بىر روشەن ئىكران، ئۇ، پۈتۈن مەنىلەرنى توپلىغۇچىدۇر. ئانداقكى، گوھەر غەۋۋاسىنىڭ① ۋاستىسى بىلەن دەريادىن جىلۋە نامايىش قىلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى جوھىرىگە كورە زاھىر بولىدۇ. شۇنداقلا، كوڭۈلدىكى سوز گوھەرلىرىمۇ، نۇتۇق ماھارىتىدە ئىختىساس ئىگىسى شەرىپىگە نائىل بولغانلار ۋاستىسى بىلەن زىننەتلىنىپ چىقىدۇ. سوزنىڭ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى سوز ئىگىسىگە قاراپ بىلىنىدۇ ۋە شوھرەت تاپىدۇ. مەلۇمكى، گوھەرنىڭ قىممىتى مەرتىۋىسىگە قاراپ ئاشىدۇ، ھەتتاكى، بىر تەڭگىدىن يۈز تۈمەنگىچە دىسە بولىدۇ.

ئىنجۇنى ئالىسىلەر مۇفەردىھ ئۈچۈن،
مىڭ بولۇر بىر دەرەمغە بىر مىسقال.
بىر بولۇر ھەمكى، شەھ قولاقىغا سالۇر،
قىممىتى مۇلىك، ئىبرىسى ئەمۋال②

---

① غەۋۋاس — گوھەر ئېلىش ئۈچۈن دەريانىڭ تېگىگە چوكىدىغان كىشى.

② شۇنداق گوھەرلەر باركى، كوڭۈل خۇشلۇغى ئۈچۈن بولسا، بىر مىسقىلى بىر تەڭگىگە سېتىلىدۇ. ئەگەر شاھلارنىڭ قۇلىغىغا ئېسىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر مەملىكەتنىڭ قىممىتى باراۋىرىدە مال تولۇنىدۇ.

سوز گوھەرنىڭ پەرقى مۇندىنمۇ بىغايەتراق ۋە مەرتى-ۋىسى مۇندىنمۇ بىناھا يەتراقتۇر. ئانداقكى، ياخشى سوز بولسا، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئولۇك تەنگە پاك جان كىرىدۇ؛ يامان سوز بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھرى كىرىدۇ.

سوز گوھىرىدۇركى، رۇتبەسىنىڭ —
شەرھىدە دور ئەھلى نۇتۇق ئاجىز.
ئاندىنكى ئىرور خەسىس مۇھلىك،
كورگۇزگىچە دۇرۇر مەسھ مۇئجىز①.

...... ئەمدى سوز بايانى بىلەن گەپ داستانىغا كەلسەك، تۇرلۇك - تۇرلۇك شەھەر، يېزا - قىشلاق، تاغۇ - دەشت، قىر ۋە سەھرا، دەريا - دېڭىز خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى بىرەر ئۇقۇم ۋە مەنانى ئۇقتۇرۇشتا ئوز تىللىرىغا ئىگە ...... تۇركى سوزلەرنىڭ ئىگىلىرى، كوپ ھاللاردا، ئەڭ ئۇششاق ئۇقۇملار ئۇچۇنمۇ، مۇ-بالىغە يولى بىلەن مەخسۇس سوزلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن. بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ياكى ئالىملىرى چۇشەندۇرۇپ بەر-مىگىچە، باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، دۇمساي-ماق، ئۇمۇنماق، ئاۋسانماق، ئىگىرمەك، ئۇخرانماق، ئاۋۇنماق، قىستىماق، قىينىماق، سوۋۇرماق، چايقالماق، قىزغانماق، يېلىنماق، مۇڭلانماق، ئىندىمەك، تېرىكمەك، قىڭغايماق، سىپىماق، سۇركەنمەك، كۆيەنمەك، ئىگرىماق، بوخسىماق، تامشىماق، سىپقارماق، ئور-

---

① سوز گوھىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى شەرھلەشكە ناتىقلار ئاجىزلىق قىلىدۇ. سوزنىڭ يامىنى زىيان ۋە تەھلىكە كەلتۇرىدۇ. ياخشىسى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ موئجىزىسى بولىدۇ.

تەنمەك، سىڭدۈرمەك، كومۇرمەك، قىچىغلىماق، گاڭگىرىماق، يادىماق ...... ئاجايىپ نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئىنسان ئۆز ھاياتىدا دائىم مۇھتاج بولۇپ تۇرىدىغان بويۇز①سوزگە سارت②(پارس) تىلىدا لايىق ۋارىيانت تېپىلمايدۇ. پارسلار ھەتتا بۇ سوزلەرنىڭ كوپچىلىگىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئۇقۇملارنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىرقانچە سوزلەردىن تەركىپ تاپقان ئۇزۇن جۈملىلەرنى تۈزۈشكە ۋە ئۇ جۈملىلەردە ئەرەپچە سوزلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئومۇمەن، پارسچىدا ۋارىيانتى تېپىلمايدىغان مۇنداق سوزلەر تۈركى تىلىدا ناھايىتى كوپ. مىسال ئۈچۈن يۇقۇرىدىكى يۇز سوزنىڭ بىرنەچچىسىنى دەلىل قىلىپ ئوتسەك بولار. دۈشمەن قارشى چىققاندا، سوزدە يېڭىلىپ خىجالەتتە قالسۇن ۋە باشقىلارنىمۇ بۇنىڭغا قىياس قىلسۇن. ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ بەزىلىرى مەي تەرىپىدە مۇبالىغىلەر قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە بۇ ھال مەي ئىچىشتە رىيايە قىلىنىدىغان بىر قائىدە بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىرى "سىپقارماق" سوزىدۇر، بۇ باپتا مۇندىن ئارتۇق مۇبالىغە بولماس. تۈركى شېئىردا بۇ سوز مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ساقىيا تۇت بادەكىم③، بىرلەھزە④ئۇزۇمدىن باراي،
شەرت بۇ كىم، ھەرنىچە تۇتساڭ لەبالەپ سىپقىراي.

---

① ناۋايى بۇ ئورۇندا نەق يۈز سوزنى مىسال كەلتۈرگەن. بۇ يەردە قىسقارتىلدى.

② سارت — ئەسلى پارس بولۇپ، تۈركى خەلقلەر ياشىغان جايلاردا ماكانلىشىپ قالغان قەبىلىلەر. بەزىدە "تات" ۋە "تاجىك" دەپ ئاتىلىدۇ.

③ بادە — ئىچىملىك، مەي.

④ لەھزە — بىر تىنىق، كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان بىردەم.

بۇ "سىپقاراي" سۆزىدىن ئاڭلىنىدىغان ئۇقۇمنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئىپادىلەشكە پارىسچە شېئىردا نىمە ئىلاج قىلىش مۇمكىن؟ مەينى چۈچۈك ۋە شىرىنلىكىدىن بىر يولى ئىچىپ تاشلىماي، لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، تامشىپ-تامشىپ ئىچىشكە تۈركى تىلدا "تامشىماق" سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نازۇك مەنا تۈركى شېئىردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ساقى چۇ ئىچىپ، ماڭا تۇتار قوش،
تامشى-تامشى ئۇنى قىلاي نوش①.

"بۇخساماق" دېگەن سۆز تۈركى شېئىردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ھىجرى ئەندوھىدە بۇخساپمەن، بىلە ئالمان نىتەي،
مەي ئىلاجىمدۇر قوپۇپ دەيرى پاناغا②ئەزىم ئىتەي.

پارىسگوي تۈرك بەگلەر ۋە مىرزازادىلەر بۇ "بۇخساماق" سۆزىنى پارىس تىلى بىلەن ئىپادە قىلماقچى بولسا، بەلكى بۇنىڭ تەبىرىنىمۇ تاپار. لېكىن، شېئىرنىڭ بىناسى (ئاساسى) ۋە كۆچى-ماغدۇرى ئىشق-مۇھەببەتكە تەئەللۇق بولغاچقا ئاشىقلىقتا يىغلىماقتىن تولاراق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھالەت يوق. ھال-بۇكى، تۈركى تىلدا "يىغلىماق" نىڭمۇ بىر مۇنچە خىللىرى بار. مەسىلەن، "يىغلامسىماق" (يىغلامسىرىماق) دېگەن سۆزنى ئالساق، تۈركى شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

① نوش قىلماق — ئىچمەك.

② دەيرى پانا — پانىي بولغانلار دۇنياسى (سوپىلىقتا).

زاھد ئىشقىن دىسەگى، قىلغاي پاش،
يىغلامسىنۇر ۋە كوزىگە كەلمەس ياش.

"ئىگىرىماق" ۋە "سىگىرمەك" سوزلىرىنى ئالساق، بۇ-
دەرت بىلەن يوشۇرۇن ۋە ئاستا يىغلىماق دىمەكتۇر. بۇ ئىككى
سوزنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بەك ئاز. لېكىن، تۈركى شېئىردا
بۇ سوزلەر ئۆز ئىپادىسىنى شۇنداق تاپقانكى، مەسىلەن:

ئىستەسەم دەۋر ئەھلىدىن ئىشقىڭنى پىنھان ئەيلىمەك،
كېچىلەر گاھ ئىڭىرماقتۇر ئادىتىم، گاھ سىگرىمەك.

پارىس تىلىدا بۇ سوزلەرگە لايىق سوز يوق. ئۇ ھالدا
شائىر نىمە قىلالىسۇن! "يىغلاماق" نىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇبالىغىسى
"سىقتاماق" دىگەن سوز بولۇپ، بۇ سوز تۈركى شېئىردا مۇنداق
ئىپادە تاپقان:

ئۇل ئايىكى، كۈلە-كۈلە قاراغلاتتى مېنى،
يىغلاتتى مېنى دىمەيكى، سىقتاتتى مېنى.

يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلىماققا "ئۇكۇرمەك"
(ھوڭگۇرمەك) دىيىلىدۇ. تۈركى شېئىردا بۇ سوزنىڭ مۇنداق مىسالى بار:

ئىشىم تاغ ئۇزرە ھەريان
ئەشىك ① سىلابىنى② سۇرمەكتۇر،
پىراق ئاشۇبىدىن③ھەردەم،
بۇلۇت ياڭلىغ ئۇكۇرمەكتۇر.

"ئۇكۇرمەك" سوزىگە پارىس تىلىدا مۇۋاپىق بىر ۋارىيانت

① ئەشىك — كوز-يېشى.
② سىلاب — سەل، تاشقىن، كەلكۈن.
③ ئاشۇب — غەۋغا، ھاياجان.

بولمىغانلىقتىن، پارىسگويى شائىرلار بۇ ئاجايىپ مەزمۇننى ئىپادىلەشتىن مەھرۇم. يەنە، "يىغلىماق" نىڭ "ئوكۇرمەك" مەنىسىدىن باشقىچىرەك بىر ئۇقۇمنى بىرىدىغان "ئىنچىكىرمەك" دىگەن سوزمۇ باركى، ئىنچىكە ئۈن بىلەن يىغلاشقا شۇنداق دىيىلىدۇ. بۇ سوز تۈركى تىلدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

چەرخ زۇلمىدا كىم، بوغزۇمنى قىرىپ يىغلارمەن،
ئىگىرۇر چەرخ ئۇرار ئىنچىكىرىپ يىغلارمەن.

پارىسگويلار "يىغلاماق" نىڭ بىر خىلى بولغان "هاي - هاي"① دىگەن سوز ئىپادىسىدە ئۇزلىرىنى تۈركىگوي شائىرلارغا شىرىك قىلىدۇ. هالبۇكى، بۇ سوزمۇ، ئەسلىدە تۈركى ئۇسلۇپتۇر. پەرقىرنىڭ بۇ سوز ئىشلىتىلگەن بىر مەقتەئى② مەشھۇر:

ناۋايى ئول گۈل ئۈچۈن هاي - هاي يىغلىما كوپ،
كى هە دىگۈنچە نە گۈلبۈن③، نە غۇنچە، نە گۈل بار!

يەنە تۈركى تىلدا "قىمسانماق" ۋە "قىزغانماق" دىگەن ئاجايىپ مەنالىق ئىككى سوز باركى، بۇ سوزلەر شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئۇزاردىكىنى④ ئاچارغا قىمسانۇرمەن،
لىكىن ئەل كورمەگىگە قىزغانۇرمەن.

---

① هاي - هاي — "ۋاي - ۋاي"، "ۋاي دات" دىگەندەك ئاۋازلار بىلەن يىغلىماق.

② مەقتە — شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بېيتى. چۇشۇرگۈسى.

③ گۈلبۈن — گۈل دەرىخى.

④ ئۇزار — يۈز - چىراي.

پارسگوي شائىرلار مۇنداق نازۇك ۋە كېلىشكەن مەزمۇن-لارنى ئىپادىلەشتىن مەھرۇم. ئاشىقنىڭ پۇتىغا تىكەن سانچىلىشىنى ئىپتىشتا، ئۇلار "خار" سۆزى بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. لېكىن، "چوكۇر" (چېقىر) تىكەن ھەممىدىن تولاراق ئاغرىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆز ئۇلاردا يوق. تۈركى شېئىردا بولسا، بۇ سۆز مۇنداق كەلگەن:

چۇكۇرلەركىم، سېنىڭ يولۇڭدا تىۋرەلمىش ئاياغىمغا.
چىكىپ ئول كوي گەردىن سۈرمە تارتارمەن قاراغىمغا①.

ئىشق تەرىقىدە مەھبۇبىنىڭ نەزىرى مۇيەسسەر بولسا، ئاشىقنىڭ ئۈمىت بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈشى ناھايىتى مۇناسىپ بىر ھال. لېكىن، پارسلاردا بۇ ئۇقۇمنى بېرىدىغان سۆز يوق. تۈركى شېئىردا بولسا، بۇ سۆزلەر مۇنداق كەلگەن:

تۈركەدۇر قانىمنى ھەر دەم كوزلىرىڭ باقىپ تۈرۈپ،
كىم نىچە يۈزۈمگە باقاي سەن يىراقتىن تەلمۈرۈپ.

تۈركى تىلىدىكى "ياسانماق" دىگەن سۆزگە پارس تىلىدا "ئاراستە" ۋە "ئارايىش" دىگەن ۋاريانتلار تېپىلىسىمۇ. لېكىن "بېزەنمەك" سۆزىگە لايىق تەبىرى يوق. ھالبۇكى، "بېزەنمەك" سۆزى "ياسانماق"نىڭ مۇبالىغىسىدۇر. تۈركى تىلىدا بۇ سۆز مۇنداق ئىپادە تاپقان:

---

① سېنىڭ يولۇڭدا پۇتۇمغا كىرگەن چېقىر تىكەنلەرنى چىقىرىپ، ئۇنى توپىغا سۈرۈش بىلەن كوزۇمگە سۈرمە قىلىپ تارتىمەن.

ئېرۇر بەس چۇھوسنۇ مەلاھەت ①ساڭا،
ياسانماق، بېزەنمەك نە ھاجەت ساڭا.

گۈزەللەرنىڭ كوزلىرى بىلەن قاشلىرىنىڭ ئارىلىغى "قاباغ" (قاپاق) دىيىلىدۇ. پارسلاردا بۇنىڭغا ئات قويۇلمىغان. گۈزەللەر تەرىپىدىكى بىر تۇركى مەسنەۋىدە مۇنداق كەلگەن:

مىڭىزلىرى گۈل - گۈل، كىرپىكلەرى خار،
قاباغلىرى كەڭ - كەڭ، ئاغىزلىرى تار.

ئىشق يوسۇنىدا ئىسسىق كوز ياشلىرىنى توكۇپ يىغلىماقنىڭ جۇملىسىدىن ئاھ ئۇرۇپ پەريات چەكمەك مۇھىم بىر ھال. تۇركى شائىرلار مۇشۇنداق يالقۇنلۇق ئاھ چېكىشتە ئۇرغۇپ چىققان دەم (تىنىق)نى چاقماققا، ئاھ ئۇرۇشنى گۈلدۇرماماغا ئوخشىتىدۇ. بۇ باپتا مۇنداق شېىر بار:

پىراقىڭ ئىچرە ئۇلۇس ئورتمەككە، ئەي ماھىم②.
چاقىن③ دۇرۇر دېمىم ۋە ئىلدىرىم④ دۇرۇر ئاھىم.

① مەلاھەت — گۈزەللىك، يېقىملىق.
② ماھ — ئاي.
③ چاقىن — چېقىن، چاقماق.
④ ئىلدىرىم — چاقماق (بۇ سوزدە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار. ئەسلىدە ئىلدىرىم بىلەن چاقماق بىر نەرسە ئىدى. بۇ يەردە "گۈلدۇرماما" دىمەكچى بولسا كېرەك. شۇڭا "ئىلدىرىم" سوزى "گۈلدۇرماما" دەپ ئېلىنىدى).

ھالبۇكى، سارت (پارىس) تىلىدا چاقماق بىلەن گۈلدۈرما-مىدەك ئېنىق ۋە روشەن نەرسىلەرگە ئات قويۇلمىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەپ تىلىدىكى "بەرق" ۋە "سائىقە" سۆزلىرى ئىشلى-تىلىدۇ. ھۈسن-جامالىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولغان "خال"غا تۈركى تىلىدا "مەڭ" دىگەن سۆز بار. پارىسلاردا بۇنىڭغا ئات قويۇلمىغان. "مەڭ" سۆزى تۈركى شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئۇنىڭكىم، ئال ئېڭىگىدە ① مەڭ ياراتتى،
بوي بىرلە ساچىنى تەڭ ياراتتى.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، سارت (پارىس)لارنىڭ تىلىدىكى سۆز يېتىشمەسلىك ھادىسىسىنى بىر-بىردىن ئېيتىشقا توغرا كەلسە، گەپ ئۇزۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، مۇنداق ئەھۋال بەك كۆپتۇر. جۈملىدىن ھەممە شائىرلار ۋە سۆز سەنئەتكارلىرى نەزىرىدە روشەن ھەم ئېنىق بولغان تەجنىس② بىلەن ئىھام③ پارىس تىلىدا يوق دىيەرلىك بولۇپ، تۈركى تىلىدا ناھايىتى كۆپتۇر. بۇنداق سۆزلەر شېئىرگە ئالاھىدە زىننەت ۋە سەنئەت بەخش ئېتىدۇ. مەسىلەن، "ئات" سۆزىنى ئالساق، بىر مەنىسى بىرەر نەرسىنىڭ ئېتى؛ يەنە بىر مەنىسى مىنىدىغان ئات؛ ئۈچىنچى مەنىسى بىرەر نەرسىنى ئاتماققا بۇيرۇش بولۇپ، بۇ تەجنىس تۈۋەندىكى شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

---

① ئېڭىگى — ئېڭىكى.

② تەجنىس — ئومۇنىم سۆزلەر.

③ ئىھام — شېئىر سەنئىتىدە ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىش.

چۈن پەرىيۇ ھۈردۇر ئاتىڭ، بېگىم،
سۈرئەت ئىچرە دۇۋدۇر ئاتىڭ، بېگىم،
ھەر خەدەنگىمكى①، ئولۇس ئاندىن قاچار،
نا تەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بېگىم.

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، پەقەت تۈرك شائىرلىرىغىلا خاستۇركى، سارتلاردا يوقتۇر ۋە بۇنى تۈرك شائىرلىرى «تويۇغ» (تۇيۇق) دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەقتە مەن «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزىنلەر مىزانى) ناملىق كىتاۋىمدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. جۈملىدىن "ئىت" دىگەن سۆزنىڭمۇ ئۈچ مەنىسى بار. بۇ سۆز بىلەن مۇنداق تۇيۇق يېزىلغان:

ئەي رەقىپ، ئۆزنى ئاگا تۇتساڭ ھەم ئىت
بىزگە رەھمى ئەيلەپ ئۇنىڭ كويىدىن ئىت②.
گەرچە بار دوزاخچە ئىشقىڭ شولىسى،
بىزنى ئۆز ئىلگىڭ③ بىلە ئول سارى ئىت.

......يەنە «تۈز» (tüz) دىگەن سۆزنىڭمۇ بىر نەچچە مەنىسى بار: بىرى، يايىنىڭ ئوقىدەك تۈز نەرسە؛ يەنە بىرى تۈپ-تۈز دالا دىگەندىكى تۈز؛ ئۈچىنچىسى "تۈز كىشى" دىگەندىكى تۈز؛ تۆتىنچىسى "سازنى تۈز" دىگەندىكى تۈز؛ بەشىنچىسى، ئىككى كىشى (ياكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سوھبەت

---

① خەدەنگ — ئوق (يانىڭ ئوقى)
② ئۇنىڭ كۆيىدىن ئىت — ئۇنىڭ كوچىسىدىن يوت (يوقال).
③ ئىلىگ ياكى ئىلىك — ئەسلى "ئەل" يەنى قول.

Altunoq

www.uyghurkitap.com

ياكى كېلىشىم "تۈزمەك" دېگەندىكى تۈز ۋەھاكازا ...... دېمەك ئۈچ، تۈت ۋە ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ مەنا بېرىدىغان سۆزلەر تۈركىي تىلدا ناھايىتى كۆپ، پارس تىلىدا يوق.

...... شۇنىڭدەك ھەر خىل غىزا-تاماقلار تۈركىي تىلدا "يېگۈلۈك" (يېمەكلىك) دېيىلىدۇ. سارتلارنىڭ كۆپچىلىگى، بەلكى ھەممىسى "يېمەك"نىمۇ "ئىچمەك" نىمۇ "خۇرد"دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار بىر تۇققان ئەركەك قېرىنداشلارنىڭ چوڭ-كىچىكىنى ئايرىماي، ھەممىسىنى "بۇرادەر" دەيدۇ. تۈركلەر چوڭىنى "ئاغا"، كىچىكىنى "ئىنى" دەيدۇ. پارسلار قىز قېرىن-داشلارنى ھەممىسىنى "خاھەر" دەيدۇ. تۈركلەر چوڭىنى "ئېگىچى" كىچىكىنى "سىڭىل" دەيدۇ. تۈركلەر يەنە ئاتىنىڭ قىز قېرىنداش-لىرىنى "ئاپاغا"، ئانىنىڭ ئاغا ئىنىسىنى "تاغا" دەيدۇ. پارس-لار بۇنىڭ ھېچقايسىسىغا ئات قويماي ئەرەپچىدىكى "ئەممە" ۋە "خالە" سۆزلىرىنى ئىشلىتىدۇ. جۈملىدىن "كۆكۈلداش" دې-گەن تۈركىي سۆزنى "ئىمىلداش" مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ-دەك ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي)گە "خەرگاھ"دەپ ئات قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈڭلۈك، ئۈزۈك، تورلۇق، باسرۇق، چىغ، قانات، كوزەك، ئوق، بېغىش، بوسۇق قاتارلىق بولەكلىرىنى تۈركچە ئېيتىدۇ. تۈركلەر كېيىكنىڭ ئەركىكىنى ھۇنە، چىشىسىنى قىلچاقچى، سويقۇنىنىڭ ئەركىكىنى بۇغا، چىشىسىنى مارال دېسە، سارتلار بۇلارغا "ئاھۇ" ۋە "كوزەن"دىن باشقا سۆز تاپالمايدۇ. تۈركلەر ياۋا توڭگۇزنىڭ ئەركىكىنى قاۋان، چىشىسىنى مېكىچىن، كۈچۈك-لىرىنى چورپە دېسە، سارتلار ھەممىسىنى "خوك" ۋە "گوراز" دەي-دۇ ...... تۈركلەر ئۇدەكنىڭ ئەركىكىنى سۇنە، چىشىسىنى بۇرچىن دېسە، سارتلار بۇنىڭغا ئات قويالماي، ھەممىسىنى مۇرغابى دەيدۇ.

تۆركلەر ئۆيدەكىنىڭ ھەممە خىللىرىغا ئات قويغان. مەسىلەن، چۆركە، ئېركە، ئالما باش (ئالمىۋاش)، چىغىر قانات، تومۇر قانات، باغچال ۋە باشقىلار. سارتلار بۆلارنىڭ ھەممىسىنى يەنىلا مۇرغابى دەيدۇ. ئەگەر پەرقلەندۈرمەكچى بولسا، تۆركى سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ...... شۇنىڭدەك ئاتنىڭ توپۇچاق (توپچاق)، ئارغىماق قاتارلىق خىللىرىنى ۋە ئات ياشلىرىنى بىلدۈرىدىغان تاي، غۇنان، دونەن، تولان، چىرغا، لانغا دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتى تۆركچە ئېيتىدۇ. ئاتنىڭ ئىگىرىنى ”زىن“ دەپ ئاتىسىمۇ، توقۇم، ئۇلاڭ، غانجۇغا، چىلۋۇر، قۇشقۇن، قانتار قاتارلىق ئىگەر-جابدۇق بولەكلىرىنىڭ كوپ قىسمىنى تۆركچە پېتى ئاتايدۇ...... قوينىڭ بەزى ئەزالىرىغا ئات قويغان بولسىمۇ، ئارقا، ئوشۇقلۇق ئىلىك، يان سوڭەك، قوۋۇرغا، ئىلىك، ئوتتۇرا ئىلىك، بوغوزلاق قاتارلىق تۆركى سۆزلەرنى ئۆز پېتى ئىشلىتىدۇ. قايماق، قۇرۇت، قاتلىما، بۇلماق، مانتا، قۇيماق، بوزا، قىمىز، تاتماچ (ئاتىلا) ئۇماچ، كومەچ، تالقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە يېمەكلىكلەرنىمۇ شۇ پېتى تۆركچە ئاتايدۇ.

...... تۆركى تىلدا سۆز ياساش ئۇسۇلى جەھەتتىن شۇنداق بىر ماھارەت باركى، سۆزنىڭ ئاخىرىغا ”چى“ قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن بىرەر ھۇنەر، ئىش ياكى نەرسىنىڭ ماھىرى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. مەسىلەن، نەيزىچى، سۇچى، تامغىچى، قوشچى، قويچى ۋە باشقىلار. ئىش-ھەركەتنىڭ چوقۇم بولماي، گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا توغرا كەلسە، پېئىل يىلتىزىغا ”غۇ، قۇ، گۇ، كۇ“ ۋە ئاندىن ”دەك“ ئۇلاش بىلەن مەقسەت ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بارغۇدەك، قايتقۇدەك، كەلگۇدەك ۋە باشقىلار. پېئىل يىلتىزىغا ”غاچ، قاچ، گەچ، كەچ“ قوشۇمچىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلىنىش بىلەن ئىش ھەركەتنىڭ سۈرئىتى ئىپادىلىنىدۇ. مەسى‑
لەن، يارغاچ، تاپقاچ، بەرگەچ، يەتكەچ ۋە باشقىلار...... سۇ‑
پەتلەرنىڭ ئالدىغا بىر "پ" ياكى "م" ئۇلىنىش بىلەن
ئاشۇرما سۈپەت ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئاپ ـ ئاق، قاپ ـ قارا، قىپ‑
قىزىل، ساپ ـ سېرىق، يۇپ ـ يۇمۇلاق، ئوپ ـ ئوچۇق، كوپ ـ كوك،
بوم ـ بوز ۋە باشقىلار ...... بەزى سوزلەرگە ۋاۋ (و) بىلەن
"ل" ھەرپى ئۇلىنىپ ھەربى ـ مەمۇرى مەنسەپ ناملىرى ئىپا‑
دىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھىراۋۇل (سەر ئەسكەر) قاراۋۇل، ياساۋۇل،
بىكاۋۇل (دىۋان بېگى) توسقاۋۇل (پاسىبان)، شىغاۋۇل (تەشرىد‑
پاتچى)، بوكاۋۇل (ئاشخانا مەمۇرى) ۋە باشقىلار. مۇنداق سوز
ياساش ئۇسۇللىرى پارسلاردا يوق. ئۇلار مۇنداق سوزلەرنىڭ
بەزىلىرىنى تۈركچە پېتى ئىشلىتىدۇ......

...... يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركى تىلدا مۇنداق ئىنچىكىلىك
ۋە نەپىسلىك ناھايىتى كوپ. بۈگۈنكىچە ھېچ كىشى ئۇنى چىن
ماھىيىتى بىلەن مۇلاھىزە قىلمىغىنى ئۈچۈن ئاشكارا بولماي كەل‑
مەكتە. بىزنىڭ تەييارغا ئاشىق بىلىمسىز ياشلىرىمىز ھە دېسىلا
ئىشنىڭ ئوڭىينى كوزلەپ، پارىس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا
قىزىقماقتا ۋە شۇغۇللانماقتا. ۋاھالەنكى، ئەگەر كىشى ياخشىلاپ
مۇلاھىزە ۋە تەھلىل قىلىدىغان بولسا، تۈركى سوزلەرنىڭ مەنا
جەھەتتىن نەقەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇغىنى ، ئۇسلۇپ جەھەتتىن
نە قاتارلىق پەسھە ئىكەنلىگىنى، بۇ تىلدا مەنانى راۋان، ئېنىق،
ئوچۇق ئىپادىلەشنىڭ ئاسانلىغىنى بىلگەن بولاتتى. تۈركى تىل‑
نىڭ كەڭ مەنىلىكلىگى ياكى ھەر تەرەپلىمىلىگى شۇنچە دەلىللەر
بىلەن ئىسپاتلانغان ھالدا، ئەمدى بۇ تىلدا سوزلەشكۈچى خەلق‑
لەر ئارىسىدىكى شائىرلار ئۆزىنىڭ شۇنداق گۈزەل ۋە باي

تىلى تۈرۈقلۇق ئۇز قابىلىيەت ۋە ماھارىتىنى باشقا تىل بىلەن كورسىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسا ئىدى. ئەگەر ئىككى تىلدا يېزىش ئىقتىدارى بولسا، ئۇز تىلىدا كوپرەك يازسا ئىدى......

...... بۇ سوزلىرىمدىن دۇشمەنلەر بىلەن مۇخالىپلىرىم مېنى ئۇزىنىڭ تەبىئىي تۈركى تىلغا مايىل بولغىنى ئۈچۈن بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغە قىلىۋاتىدۇ ۋە پارس تىلى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا ئۇنى رەت قىلىشتىمۇ گەپنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، دەپ گۇمان قىلىشمىسۇن. ھالبۇكى، پارس تىلى تەتقىقاتىدا ۋە پارسچە سوزلەردىن پايدىلىنىشتا ھېچكىم تېخى مەنچىلىك ئىش قىلالىغىنى يوق. بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ئارتۇقراق بىلمەس①......

نەشرگە تەييارلاشتا پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. «ئەلىشىرناۋايى» — بېلىن ماقالىسى، 1861 - يىل نەجىپ ئاسىم تەرجىمىسى.

2. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» — تۈركچە، مۇھەممەت ۋەلىد

---

① شۇنىڭدىن كېيىن، ناۋايىنىڭ ئۇز ئانا تىلى — تۈركى تىلدا «چاھاردىۋان» (توت شېئىرىي توپلام)، «خەمسە» (بەش داستان) قاتارلىق بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى ياراتقانلىغى؛ خىسراۋ دەھلىۋى، ئابدۇراخمان جامى، نىزامى گەنجىۋى، خوجا ھاپىز شيرازى، شەيخ سەئىدىگە ئوخشاش ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئەڭ ئىسىل ۋە مۇرەككەپ ئەسەرلىرىگە تۈركى تىلدا نەزىرە ھەم مۇشائىرىلەر يازغانلىغى، پارس تىلىدىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن غەزەل ۋە قەسىدىلەر ياراتقانلىغى مىسال كەلتۈرۈلۈپ، تۈركى تىلنىڭ پارس تىلىدىن باي، گۈزەل ۋە راۋان ئىكەنلىگى ئىسپات قىلىنغان.

تەرجىمىسى. 1897 - يىلى نەشرى.

3. «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (ئانتولوگىيە) 2 - توم، 1959 - يىلى، تاشكەنت نەشرى.

4. «لۇغات چىغاتايى» (ئابوشقا لۇغەت).

5. «ئۆزبېك كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن قىسقىچە لۇغەت» — 1953 - يىلى، تاشكەنت نەشرى.



Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەخمەتشا قارىقاش ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر مۇخەممەسى

## تۇردى سامساق

زامان ۋە تارىخ ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەملەرنى ھەرقاچان ئۆزى يارىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىش - پائالىيەت ۋە ئىجادىيەتلىرى ئامىمىنىڭ كۆڭلىگە ياقسىلا، ئۇنى كىشىلەر قەغەزگىلا ئەمەس، ھەتتاكى يۈرەكلىرىگىمۇ كۆچۈرۈۋالىدۇ. شۇندىلا ئۇ جەمىيەتنىڭ قەدىرلىك مەنىۋى مۈلكىگە ئايلىنىدۇ - دە، ئەۋلادلار بىلەن ئۇ- زۇن يىللار بىللە ياشايدۇ. ناۋادا ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇنداق "ئىجادىيەت" ئاپتورنىڭ كىم بولۇشى ياكى ئەسەر قانداق چوڭ، قانداق دەبدەبىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەركى خۇددى يالتىراپ تۇرغان، ئەمما قول ئىسسىتىشقىمۇ يارىماستىن ئۆچۈپ قالغان سامان چوغىدەك ئۆچۈپ ۋە ئۇنتۇلۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەدەبىي تىل بىلەن ئېيتقاندا بۇ: ئاپتوردىن بالدۇر ئەسىرى ئۆلدى دېگەن- لىكتۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئەسەر ئۈچۈنمۇ، ئاپتور ئۈچۈنمۇ بەختسىزلىكتۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا ئەسەرنىڭ قەدرى - قىممىتى، كۈچ ۋە

www.uyghurkitap.com

قۇدرىتىنى ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ياكى باشقا جەھەتلىرى
ئەمەس، پەقەت مەنىۋى مەزمۇنى بىلەن بەدىي سەنئىتى بەل-
گىلەيدۇ. قىسقىسى، شائىر تەسۋىرلەيدۇ، خەلق تەستىقلايدۇ. گور-
كىينىڭ مۇنداق مەشھۇر بىر سۆزىنى ھەرقاچان ئەستە چىڭ
ساقلاش زۆرۈر، ئۇ: "قەلەم بىلەن يېزىلغان نەرسىنى پالتا بىلەن
چېپىپمۇ ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ" دېگەن ئىدى.

«سالامنامە» نىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە
ئىپتىدائى قەدەمدىكى بەزى مەلۇماتلارغىلا ئىگىمىز.

1948 - يىلى غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمى باش مۇھەررىر-
لىكىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىغا «يامان ئات توغرى-
سىدا مۇخەممەس» ناملىق ئاجايىپ بىر شېئىر بېسىلىپ چىقتى.
ئۇنى نەشرگە بەرگەن يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ قىسقىچە ئىزا-
ھىدا: شېئىر خوتەن قارىقاشلىق ئەخمەتشا ئاخۇن تەرىپىدىن
يېزىلغان بولۇپ، ئەسلى تېكستى 25 كۇبلېت ئىكەنلىكى، ئەل
ئارىسىغا كەڭ تارقالغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇ "ئون ئۈچ كۇبلېت" نى
شىخودا بىر كىشىدىن يېزىۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان ئىدى.

1955 - 1956 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھوكۈمى-
تىنىڭ "خىزمەت تەكشۈرۈش ئەترىدى" قاتارىدا خوتەننىڭ كوپ-
لىگەن شەھەر ۋە يېزىلىرىدا (جۈملىدىن ئىككى يېرىم ئاي قارى-
قاشتا) بولۇشۇم مېنىڭ شۇ چاغدا، ئۇ شېئىرنىڭ تولۇق تېكستىگە
بولغان ئارزۇ - ئىستەكلىرىم كويىدا ئىز - دىرەكلەشكە ئوبدان پۇر-
سەت بولدى.

ئىلچى (خوتەن شەھىرى) ۋە لوپ، چىرىيە، كېرىيە ناھە-
يىلىرىدىكى ئىزلىنىشلەردىمۇ خېلى ئۇنۇم چىقتى. چىرىيە ئەل-
نەغمىچىلىرى بىلەن بولغان ئۇلتۇرۇشىمىزدا ئۇنىڭ ئاپتوبىئوگراپە-

يىسى ھەققىدە دەسلەپكى بەزى مەلۇماتلار ھاسىل بولدى.

ئەلنەغمىچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپ قائىدىسى بويىچە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى تەخ قىلىپ، ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇرۇ-شاتتى. باش نەغمىچى رىۋايەت سوزلەيتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە: خوتەن قارىقاشلىق ئەخمەتشا ئاخۇن تەلەبە (ئىلىم تەلەپ قىلى-غۇچى) بولۇپ "قەشقەر خانلىق مەدرىس"كە (يەنە بىر رىۋايەتتە بۇخاراغا) ئوقۇشقا بارىدىكەن. ئۇ يەردە ئاقسۇلۇق نەزەرئاخۇن دىگەن تالىپ بىلەن ھوجرىداش بولۇپ ئوقۇپ قايتقانلىرىدىن كېيىن ئاۋۇ ئاقسۇغا مۇپتى، ئەخمەتشا ئاخۇن خوتەنگە مۇدەررىس بولىدىكەن. ئۇ، ئاتخۇمار ۋە ئاقسۇ ئېتىنىڭ داڭقىدىن خەۋەردار كىشى بولغىنى ئۈچۈن قەدىناس ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىغا 50 تەنگە ھاۋالە قىلىدىكەن. مۇپتى ئاتنى ئەۋەتىپ بەرمىگىنى ئۈ-چۈن ئۇ ئۇنىڭغا بىر خەت يازىدىكەن. شۇندىن بىر يىل كېيىن: كارۋان ئارقىلىق ئات ئەۋەتىلگەنلىگى ھەققىدە نەزەر مۇپتىدىن خەۋەر كېلىدىكەن. ئات قارىقاشقا كەلگەندە ئالدى بىلەن بىر كىشى "خۇش خەۋەر" ئېيتىپ "سۆيۈنچە" سوراپ كېلىدىكەن ۋە ئاندىن بىر كىشى ئاتنى سورەپ، يەنە كالتەك تۇتقان ئىككى كىشى ئارقىسىدىن ھەيدەپ ھويلىغا كىرىپ كېلىدىكەن. قارىسا "ئاجايىپ بىر ئات" كۆلكە، پىچىڭلەر كوپپىيدىكەن. ئىزاغا قالغان ئەخمەتشا ئاخۇن بۇ ئات توغرىسىدا بىر نەزمە يېزىپ، ئۇنى ئوقۇپ بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ماھىر ئىككى شاگىرتىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىدىكەن (بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشۇنداق ھەزىل - چاخچاقلار بولسا كېرەك). نەزەر مۇپتى خوتەندىن كەلگەن مېھمانلار شەرد-پىگە "باغ زىياپىتى" ئوتكۈزىدىكەن. شۇ سورۇندا شېئىر ئوقۇلىد-كەن. باشتا "ئۈنلۈك ئوقۇ"شنى تەلەپ قىلغان مۇپتى، شېئىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىر يەرلىرىگە بارغاندا "توختا، ئوقۇما، بەش سەر بىرەي، خۇدا ھەققى ئوقۇما......" دەپ توۋلايدىكەن. ئامىمىنىڭ تەلىۋى بويىچە شېئىر تولۇق ئوقۇلىدىكەن. جامائەت قاقاقلاپ كۈلۈپ چاۋاك چالىدىكەن. بۇ چاغدا سەپراسى ئۆرلىگەن نەزەر مۆپتى جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى كاچاتلاپ، ساقىلىنى يۇلۇپ، قاتتىق بىر ۋاقىراپ جاق ئوڭدىسىغا چۈشىدىكەن. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ، پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىلغان ئىكەن. نەزەر مۆپتۈمنى رەھمەتلىك قىلىۋەتكەن نەزمە ماۋۇ ئىكەن......دەپ نەغمىنى — يېقىملىق ئاھاڭغا سېلىنغان «سالامنامە»نى باشلايتتى.

«سالامنامە»نى كىرىيىلىك ھەسەن تەمبۇر دىگەن كىشى ئاھاڭغا سالغان ئىكەن. مەن يوقلاپ بارغاندا ھەسەن ئاكا ئاغرىق ئىكەن. ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىق ئۈستىگە، سۆگەت سايىسىگە قويۇلغان كارۋاتتا يانتۇ ئولتۇرۇپ ئۇ كىشىمۇ خېلى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەلىدى (ئەپسۇسكى بۇ شېئىر خوتەندە "نەزەر موپتۈمنىڭ نەزمى" نامىدا تارقالغان).

نەغمىچىلەردىن چىرىيىنىڭ بىر يېزىسىدا قۇربان قارىقاش ئىسىملىك بىر كىشى بارلىقىنى ئاڭلاپ بىر كادىر يولداشنىڭ باشلامچىلىقىدا بارسام، ئۇ ئادەم ئېغىر گاس ئىكەن. ئۇنىڭ سېرىق ساقال ئوغلى ئاغزىغا قولىنى كاناي قىلىپ قاتتىق ۋاقىراش ئارقىلىق ۋاستىچىلىك قىلدى. قۇناخۇن ئاكا بالىلىق كۈنلىرىدە ئەلنەغمىچىلەردىن "ئاشۇ نەزمىنى ئاڭلىغان"لىقىنى ئېيتىپ بەردى. قاۋۇل، قامەتلىك، قويۇق ساقاللىق 96 ياشلىق قۇربان بوۋاينىڭ بالىلىق كۈنلىرىدە ئاڭلىغىنىغا ئاساسلانغاندا «سالامنامە» يېزىلغانغا 70 - 80 يىللار، بەلكى بىر ئەسىرچە بولغان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

دىمەككى، يارالغىنىدىن ھازىرغىچە ھېچقانداق بىرەر مەت-بۇئات يۈزى كۆرمىگەن بۇ «سالامنامە» يۈز يىللار مابەينىدە ئەل ئارىلاپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا قولدىن - قولغا كۆچۈپ ۋە كۆچۈ-رۈلۈپ ھەم "ئۆچۈرۈلۈپ" تۇرغۇن مەركەز، مەشرەپلەرنى ۋە شىد-دەتلىك بوران - چاپقۇن، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت، ئېغىر ئوقۇبەت-لەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا قەدرى - قىم-مىتىنى يوقاتماي ئەل ئارىسىغا خۇددى گۆزەل پولكلوردەك سىڭ-گىپ، بىزنىڭ مەرىپەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ ئەتىۋالىق ئامانى مۈلكى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

بۇ شېئىرنىڭ مەن ئۇچراتقان يەتتە خىل ۋارىيانتىدا كۆپلىگەن ۋە مىسرالار، مۇقەددەم، ئاخىر بولۇپ قېلىش ياكى قوشۇلۇپ ۋە چۈشۈپ قېلىشتەك ھادىسىلەر خېلى دەرىجىدە كۆرۈلدى، شۇنداق-تىمۇ شېئىر ئۆز گۈزەللىكى ۋە قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئۇمۇمەن بۇ شېئىر ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ بۈيۈك تالانت ئىگىسى ۋە قەلىمى پىشقان شائىر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شائىر ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىزلىنىشلەرنىڭ يەنە داۋام قىلىنىشىدىن ئۈمىتۋارمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# سالامنامه

## ئەخمەتشا قارىئاش

دۇئايى بىئەدەت خوجام نەزەر مۇپتۇمغا ئەلۋەتتە،
تەھەييياتۇ سالامىم ئانچىنان ئاھۇ ـ نادامەتتە،
دۇئا بىر لەۋسال ئولغاي سالامىم ياخشى سائەتتە.
سىنى ياد ئەيلىگۈم ھەركۈن سەھەر ۋاقتىدا تائەتتە،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.

ساڭا مەن نامە يازدىم، نامۇناسىپ لەۋزىدىن ئەي يار،
بىھەمدۇللا تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلىدىم ئىزھار.
بىلىشنى ئىستىسەڭ مۇندا شۈكۈركىم بىز ئەمەس بىمار،
تىنىڭ ساقمۇ بۇ كۈنلەردە سىنىڭ ئاندا نەھالىڭ بار.
مۇشەققەتلىكتىمۇ، يا ئوتتىمۇ ئومرۈڭ پاراغەتتە؟!

قېرىلىق ھالىدىن سورىسام يېتىشتى نەچچىگە ياشىڭ،
سىنىڭ ھالا بۇ كۈنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ.
ئايال، ئۆششاقلىرىڭ ساقمۇ جىمى قەۋمۇ ـ قېرىنداشىڭ،

سىڭەمدۇ ئىشتىھا قانداقكى ھەر ۋاقتى يېگەن ئاشىڭ،
ئۇزەڭ ئوبدان، چىرايىڭ تازىمۇ ھوسنى مالاھەتتە.

ئىشتىكىل ئەي رەيھا سوزنى ئەخمەتشا قاراقاشتىن،
ساڭا ئەمدى بايان ئەيلەي بۇ ئەھۋالنى يېڭى باشتىن.
ئەقىدەم بار ئىدى سىزگە يېقىن تۇققان قېرىنداشتىن،
نىتەي كوڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قاراتاشتىن.
كۆلۈپسەن، بىلگىنىم يوق مەن ئۇنى ئەينى زۇرۇرەتتە.

سىنى مەن دوست - يارىم دەپ، كوڭۇلدە ئىتقات ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتىسىدىن ھەر زامان كوڭلۈمنى شاد ئەتكەچ.
سۇپاتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىگە يات ئەتكەچ.
ئەۋەتىپ سىزگە ئەللىك تەڭگە پۇلنى ئىتماد ئەتكەچ،
كى ياخشى ئات يۇ بەرگەي دەپ ھامان ئۇشبۇ خىيالەتتە.

پۇلۇمنى، تۇختىتىپ بىرىيىل، ئەۋەتىپسىز ماڭا بىر ئات.
ئىشەكچە يوقتۇر رەپتارى ئەنىڭكى ھەر نە پەيلى يات.
كى يولدا توختىۋالدى قامچى بىرلەن ئۇرمىسام پات - پات
كۆلا، ئاغامچىنى ئۇزدى قوزۇقلاپ باغلىسام قات - قات،
ئۇلاپ ئاغامچىنى ھەر كۈنلىگى قالدىم ھىلاكەتتە.

بايان ئەيلەي ساڭا ئەمدى بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلا،
قىڭا قۇيرۇق، سىڭا سوڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا.
بىرى تەپكەك، بىرى ھوركەك، بۇ ئەيىبلەر ئۇستىگە ماڭقا.

سامانىنى بەش كوشۇك يەپ ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
بۇ ياڭلىغ ئات يەنە ھەرگىز تېپىلماس ھېچ ۋىلايەتتە.

مىنىپ چىقسام ئېلىپ ئۇردى، يىقىلدىم نەچچە كۈن ياتتىم،
قوپۇپ بەرسەم بۇزۇپ باغنى ھەمىشە ئەلنى قاخشاتتىم،
سۇغاغاندا قېچىپ سورەپ ئاران ھارغاندا توختاتتىم.
تېگىشتىم ئۇي بىلەن بەش، ئالتە نوۋەت، ئون قېتىم ساتتىم.
قىلىپ دەئۋا كېلىشۈەدى ماڭا ياندى شەرىئەتتە.

زورۇرەتتىن مىنىپ ئېردىم، يېرىم مەنزىل بېرىپ ھادى،
كېيىن قالدى ئىشەكتىن ناگىھان ئۇي بىرلەتەڭ باردى.
سوۋۇتقاندا دەرەخكە كوپ ئۇرۇپ كوكسىنى ھەم ياردى.
پېتىقتا بىر يېتىپ ئالسا، كوتەرسەم قوپمىغاي زادى.
بۇ ئات بىرلەن قايان بارسام قېلىپتۇرمەن پالاكەتتە.

ئېردىنى كورسە ياندى ئارقىسىغا، ئوتمىدى ئاتلاپ،
ئەگەر يولغا كېرىپ بىر قاتىرىۋالسا ھارمىدى قاتراپ.
گاھى بوينىغا چۇشتۇم قاتىرىغانىنىڭ زەپتىدىن چاچراپ،
ئىچىم سانجىققا تولدى ھەر قوۋۇرغام بەنتىدىن ئاجراپ،
ساقايدىم ھەر قېتىم پارىپى يالاپ مەئجۇنى شەرۋەتتە.

ئەۋەتىپسىز بۇ ئاتنى ھېچ كىشى بىر يول قاراپ باقماس،
قەلەندەر بىرلە ھابدالدىن بولەكلەرگە غۇلى ياقماس.
كى ھەرقانچە بۇغۇز يىسە خۇنۇك بەستىگە نەپ يۇقماس،

كىشىنىڭ يامبىشىنى ئات بالاسى مۇنچىلىك چاقماس.
ئوتەر بولدۇم بۇ ئات بىرلەن ھامانەم قايغۇ - ھەسرەتتە.

جاھان بازارىدا ھېچكىم بۇ ئاتقا تەڭنى تاپماسلەر،
سوكۇلداش ئادىتى، ئۇرساڭ چىچاڭلاپ زادى چاپماسلەر،
يىقىلسا ناگىھان مۇدرەپ تېخى تەپسەڭمۇ قوپماسلەر.
سالاملاشقان مەھەل توختاپ تاياقسىز زادى ماڭماسلەر،
ئوسال ئات كوپ قېتىم قويدى مېنى ئانچەن خىجالەتتە.

ئۇرۇق، توققانلىرىم مەندىن قاچانكى ئات سوراپ كەلدى،
بۇ ئاتنىڭ خۇلقى، خۇي - پەيلى مېنى غەمگە ئوراپ كەلدى.
بېرەر بولسام نېدا ئەيلەپ، نىتەي ھالى خاراپ كەلدى،
ئاياغى، يا ئېغىز، باشى ۋە يا بۇرنى قاناپ كەلدى.
خەتەردىن ئوزگە خىسلەت يوق بۇ ئات ياڭلىغ كاساپەتتە.

ئېغىلدا توختىماي ھەردەم، ئىشىكنى كوپ قېتىم چاقتى،
بوغۇپ خودەكنى ئولتۇردى، موزاينىڭ ھەم خۇنى ئاقتى.
قېچىپ كەتسە تۇتۇق بەرمەي، تالاي تۇن باشقىلار باقتى،
تولەپ ھەق ھارمىدىم مەنمۇ، ھايان ھەر كىمگە خۇشياقتى.
بۇ ئات بىرلەن قېلىپتۇرمەن ھەمىشە كوپ مالامەتتە.

بوغۇز بەرسەم ئۇنى يىدى راسا ئىخلاس بىلەن چايناپ.
خورازدىن قىزغىنىپ پۇرقۇپ، تېپىشلەپ پۇتلىرى ئويناپ،
سوۋۇتقاندا تۇرار مۇگدەپ كوزىدىن كوك چاپاق قايناپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

كى باشى ساڭگىلاپ يەرگە چىۋىنلەر جىسمىنى قاپلاپ،
قايۇجانغا ياقار بۇ ئات سىياقى بۇ قىياپەتتە.

بوشاپ چىقسا تالاغا توختىماي سەكرەپ چىچاڭلايدۇ،
كىرەر بولسا چۆمەننى چەيلىبان بوستاننى چاڭلايدۇ.
كىشىنى كورسە كىشنەپ، كەلسە چىشلەپ تېخى قوغلايدۇ،
قاپاقۇ - كوزا كورسە سۇنى سەلپىپ ئۆرە قويمايدۇ.
خالايىق بۇ كاساپەت ئات بىلەن ھەردەم ئاداۋەتتە.

قۇتۇلسام ئۇشبۇ ئاتتىن دەپ خېرىدارىنى ئاختاردىم.
بېدىكنى ھەرقاچان كورسەم سۈچۈك تىل بىرلە يالۋەدىم،
ئويىگە تولا قاتراپ، قېرىغاى چاغدا مىڭىپ ھاردىم،
يېيىشلىك، كۆچى بار...... دەپ، تەرىپىنى ئانچە تولتادىم
باھادا يەتمىدى ئالغان پۇلۇمغا بۇ سالاھەتتە.

ساتاي دەپ ئانچىنان قىلدىم سىلىپ ھەر ھەپتە بازارى،
بۇ ئاتنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ يېقىن كەلمەس خېرىدارى.
يامانلىق شوھرىتى بولدى خوتەن بازارىدا جارى.
كىشىكىم قاچتى كورگەندە ئېلىپ بارغىل دىبان نارى،
قېلىپتۇرمەن بۇ ئات بىرلەن تېخى شۇنچە زالالەتتە.

بىزار بولدۇم بۇ ئاتتىن ھەر كۈنى بازارغا ئەپچىقتىم،
ئىلگەنگە ساتاي دەپ مەن بۇ سوزنى ئويدە دەپ چىقتىم.
يېيىپ جۇل ئۇستىگە ئويدان ئىگەرنى تېخى سىپ چىقتىم،


AltunOq

سېتىلماي قالمىسىدى...... دەپ تۈمەن مىڭ غەمنى يەپ چىقتىم.
قاراپمۇ قويمىدىڭكى ئاتقا ھېچكىم بۇ سالاپەتتە.

كى ئاندىن ئىككى ئاي باقتىم پىچەنگە روزى شەپ باغلاپ،
قوتۇر جىسمىنى كۈنجۈت يېغىدا ھەر كۈنلۈگى ياغلاپ.
بوغۇز بەرسەم قاچانكى قاينىتىپ، يىدى ئۆزى چاغلاپ
بىدىكلەر ئولۇشۇپ يالغاننى ئېيتىپ ئانچىنان داڭلاپ،
ئەخىر تەرساغا ساتتىم ھەققىنى بەرمەككە موھلەتتە.

مەگەر ھەرقانچە قىممەت بولسا، ئوتتۇز تەڭگە مىڭادى،
مىنىپ چىقسام بولالماي ئاشۋاقتىلىق يەردىلا ھادى.
كېيىن قالدى كالانىڭ ھارۋىسىدىن كۈن پاتار بادى،
كورۇڭكى، ئۇشبۇ ئاتتۇرھالى، شۇنچە نەرخىمۇ زادى؟!
ئېلىپتۇرسىز يىگىرمە تەڭگىگە، يا بولسا ئون يەتتە.

چۈشۈپتۇر ئاسماندىن ئون تولۇمدا لاپ بىلەن يالغان.
بىرى ئالەمگە تارقاپ، توققۇزى مۇپتۇمغىلا قالغان،
دەرىخ...... يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئەللىك تەڭگىگە ئالغان.
كىكىردەككە ئاشۇنچە تەڭگىنى يالغانمىكەن سالغان.
بىرەرسىز پۇلنى تەخسىر بىر كۈنى ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە.

شىكايەتكە ئېغىز ئاچسام ئارام ئالماي قىلارمەن دات،
قۇتۇلدۇم ئۇشبۇ ئاتتىن بولدى كوڭلۇم قايغۇدىن ئازات.
سۇنۇپ پۇت قولنى ياتقۇم ئەمدى راست روھى راۋانىم شات،

نەزەرلەردىن ھەزەرلەر ئەيلىمەككە مىڭ قەسەملەر يات،
كى ئومرۇم ئۆتكۈسىدۇر دوست ـ يارەنگە سادائەتتە.

ئۆزەڭ موللا بۇرادەر بىنھايەت نەپىسكىز غالىپ،
سىياقىڭ خوپ سالاپەتلىك، بىلۇرمەنكىم دىلىڭ قالىپ،
بولۇپتۇرسەن بىرىپ ئاندا كىشىنىڭ ھەققىغە تالىپ.
كۆڭلۈڭ ئوبدانىمدۇر ئەي يار مېنىڭ ھەققىمنى ئېيپ قالىپ،
كوچۇرۇپ روزى غارىڭنى يۇرۇپسەنمۇ پاراغەتتە.

نومۇس قىل خەلقى ئالەمدىن كى سالمىسەن ئېمەس بىمار،
خىيانەتلىك قىلىپ شۇنچە خىجىللىك ئەيلىمەك دەركار.
مېنىڭ ھەققىمنى يەپسەن، ئۆزگىنىڭ ھەققىنى يىمە زىنھار،
كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ، مىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭ بىكار،
كى كۈن، تۈن ئۇخلىماستىن سەئىلە تۇرساڭمۇ تائەتتە.

ماڭا ئول ئات ئۈچۈن دائىم ئويۇمدە كوپ مالامەتتۇر،
يېقىنلاشقاچ قىيامەت، بەددىيانەتلىك ئالامەتتۇر.
يىمەك بىر ئاتتا ئوتتۇز تەڭگىنى قانداق خىيانەتتۇر.
مېنىڭ قالغان پۇلۇم بىرنەچچە كۈن سىزدە ئامانەتتۇر.
بېرۇرسىز پۇلنى تاڭلا ۋاقتىدا روزى قىيامەتتە.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «ئىرق پۈتۈك»

## ئىبراھىم مۇتىئى

قىسقىچە ئىزاھات

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدىكى (يەنى ئورخون يېزىقىدىكى) يادىكارلىقلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. «ئىرق پۈتۈك» (پال كىتاۋى، ياكى تەبىرنامە) شۇلارنىڭ بىرقەدەر چوڭ ھەجىمدىكىلىرىنىڭ بىرى.

«ئىرق پۈتۈك» نىڭ بىرقانچە نۇسخىسى تېپىلغان. ئۇنىڭ بىرى ئا. ستەيىن تەرىپىدىن دوڭخاڭدىكى بىزەكلىك (مىڭ ئۆي) دىن تېپىلغان نۇسخا. بۇ نۇسخا جەمى 104 بەتلىك بولۇپ، ھەر بېتىدە 40 تىن 70 كىچە رونا (ھەرپ) بار.

يەنە بىرى، ئا. لىكوك تەرىپىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇقتىن تېپىلغان نۇسخا (ھەر بەتتە 31 قۇر).

بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەر ئىككىسى دانىيەلىك تۈركولوگ ۋ. تومسېن تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان.

يۇقۇرقى نۇسخىلار تەخمىنەن 9 - ئەسىرگە ئائىت بولۇپ،

بۇلاردا ئىشلىتىلگەن ئۇرخۇن يېزىغى ۋە تىلى ئۆزىگە خاس بولغان بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

«ئىرق پۈتۈك» نىڭ بۇنىڭدىن باشقا نۇسخىلىرىمۇ تېپىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار.

بىز بۇ يەردە قەدىمقى ئۇيغۇر رونىك يېزىغىدا يېزىلغان نۇسخىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇق. ئەسلىدە بۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىمۇ بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن مەتبەدە تەييار ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى بولمىغاچقا، ھازىرچە پەقەت تەرجىمىسىنىلا ئېلان قىلدۇق.

«ئىرق پۈتۈك» قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، دۇنيا قارىشى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەك زور قىممەتكە ئىگە. «ئىرق پۈتۈك» تە بايان قىلىنغان "ياخشىلىق" (ئەزگۇلۇك) ۋە يامانلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، چۈشىدە پادىشانى كۆرسە بەخت-سائادەتكە ئىگە بولىدۇ، چۈشىدە قارا قۇش كۆرسە، ئامىتى كېلىدۇ. چۈشىدە ئورۇق ياكى ئاغرىق ئات مىنسە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، چۈشىدە سېمىز ئات مىنسە ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ، سېمىز توگە مىنسە مۇرادىغا يېتىدۇ، چۈشىدە قوي پادىسى كۆرسە باي بولىدۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ چۈش كۆرسە پايدا ئالىدۇ. چۈشىدە يامغۇر كۆرسە تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ، چۈشىدە بۇغا كۆرسە بالا-قازادىن قۇتۇلىدۇ، دېگەندەك ئېتىقادلار ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ پاكىتلار «ئىرق پۈتۈك» تىكى كۆزقاراشلار ئۇيغۇر خەلقى ھاياتىدا مىڭلارچە

يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىك كوزقاراشلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىرق پۈتۈك» نى ھازىر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىزچە تەبىرنامىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھايات تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياقاراشلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشتە بۇ خىل تەتقىقات زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

(بۇنىڭدىكى نومۇرلار ئەسلى تېكىستىنىڭ قۇر تەرتىۋىنى بىلدۈرىدۇ.)

## «ئىرق پۈتۈك» تەرجىمىسى

1. تەنشىمەن (يەنى جۇڭگو پادىشاسىمەن). ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى (ياكى كېچە-كۈندۈز) ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كوگۈل ئاچقۇدەكمەن. بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۈ (ياخشىلىق ئالامىتى).

2-، 3. ئالا ئاتلىق يول تەڭرىسىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن) ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن. ئۇتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى. ئادەم قورققان ئىدى. "قورقما، قۇت، (بەخت) بەرگەيمەن" دەپتۇدەكمەن. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ (ياخشىلىق).

4-، 5. ئالتۇن قاناتلىق يىرتقۇچ قارا قۇشمەن، تېنىمنىڭ ئوزۇغىمۇ تۆگۈمەسكەن. دېڭىزدا تۇرۇپ تاپقانلا نەرسىلەرنى تۇتىمەن، ياراتقان نەرسەمنى يەيمەن، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

6. ئالا تاغىل لاچىن قۇشمەن، چىنتەن (سەندەل) دەرەخىدە ئولتۇرۇپ كوكۇل ئاچقىدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلەر!

7، 8، 9. باتۇر بەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ. ئاق بايتالى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىر لىققا يارىغىدەك؛ توگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ، ئالتۇن پۈتلۈق بۇغرا لىققا يارىغىدەك؛ ئويىگە كېلىپتۇ، ئۇچىنچى قونچويى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە يارىغىدەك. خوشال - خورام بەگ ئەر (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

10. ئېيىق بىلەن توڭغۇز ئارت (داۋان) ئۈستىدە سوقۇشۇپتۇ. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ، توڭغۇزنىڭ سۆيۈ چىشى سۇنۇپتۇ. بىلىڭىنكى، بۇ يامانلىق.

11. ئەر ئىلدام كېلۈۋېتىپ، ياخشى سوزلەرنى قىلغىدەك. بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۈ.

12، 13. ئالتۇن باشلىق ئىلانمەن. ئالتۇن قوسىغىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ، بەدىنىمنى يول ياقىسىغا، بېشىمنى ئوينىڭ تېشىغا تاشلاپ قويۇپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

14. چوڭ ئوي (گە) ئوت كېتىپتۇ، ئۆلمۇ، ئوگزىسىمۇ قالماپتۇ دەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق!

15 - ئەسنىگەن يولۋاسمەن، بېشىم قومۇش ئارىسىدا كورۈنگۈدەك، مەن شۇنداق باتۇرمەن، ئەدەپ - ئەردەملىكمەن. شۇنى بىلىڭلەركى!

16. سېرىق ئاتلىق ساۋچى، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سوز (خەۋەر) ئېلىپ كەپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

17. ئادەم ئوۋغا بېرىپتۇ. تاغدا ئۇ ھەممىگە قادىر تەڭ-

رىگە ئىبادەت قىلىپتۇدەك. بىلگىنكى بۇ يامانلىق.

18. تەڭرىلىك (يەنى ئۆلۈمى يېقىنلاشقان) ھوماي ئۆيىدە
قالغان (ئىكەن)، ياغلىق قاچىنىڭ چېتىنى يالاپ تىرىلىپتۇدەك،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر!

19. قوزغۇننى ياغاچقا باغلاپتۇ، قاتتىق باغلاڭلار، ياخشى
باغلاڭلار دەپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر!

20-، 21-، 22. يوقۇرىدا تۇمان تۇرۇپتۇ (پەيدا بولۇپتۇ)،
تۆۋەندە توزاڭ تۇرۇپتۇ (كۆتىرىلىپتۇ)، ئۇچار قاناتلار ئۇچقان
ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىيىك ئەۋلادى (ياۋا ھايۋانلار) يۈگۈر-
گەن ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىشى ئوغلى (ئادەمزات) يۈرگەن
ئىكەن يولدىن ئېزىپتۇ. يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچ
يىلدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان-ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ. خوشال
بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

23-، 24. ئېچىرقىغان ئات ئوزى سەمىرگەن يەرنى
كۆرۈپ (شۇ يەرگە) يۈگۈرۈپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ئوغرى ئۇچراپ
تۇتۇۋېلىپ مىنىۋاپتۇ. (بۇ ئات) يايلىدىن تاكى قۇيرۇغىچە يې-
غىر بولۇپ، يۈرەلمەي تۇرغىدەك، شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ
يامانلىق.

25-، 26. مىنىش ئېتى شەرق تەرەپتە ھېرىپ-ئېچىپ
تۇرۇپ قاپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۈستىدە ئېقىن
سۇ كۆرۈنۈپتۇ، دەرەخزارلىقتا يېشىل ئوت كۆرۈنۈپتۇ، ئات شۇ
يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپتۇ، ئوت يەپتۇ. (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈم-
دىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

27-، 28. (كېگىز) ئۆينىڭ ئىچى قانداق-ئۇ؟ تۈڭ-
نۈگى قانداق-ئۇ؟ دەرىزىسى قانداق كۆرۈملۈك، ئۇ! ئۈگزىسى

قانداق - ئۇ؟ ئاغامچىسى قانداق - ئۇ؟ ئۇلار باغلاۋاتقىدەك. بىلىڭ-لەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

29. ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۇز قارىشىسىنى تاللى-ۋېلىپ، ئەپۇ - ئوتۇنۇشكە بېرىپتۇدەك. قىرقما، ياخشى ئوتۇن. ئا-يانماي ياخشى دە، يالۋۇر؛ دىگۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

30 -، 31. تېتىر (ئىسىل نەسىللىك) بوغرامەن، ئاق كۆۋۈك چاچقۇدەكمەن، (كۆۋۈكلىرىم؟) يۇقۇرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ، يۈرگىدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكدەكمەن. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

32. قارا ئوپگوك (ھۆپۈپ؟) يىل بويى (ئۆگەتسىمۇ) كارغا كەلمەس. "ئۆگەتمەك"، "كورمەك" (قارىماك) "ئۆركۈتتۈك" دەر. شۇنداق بىلىڭ!

33 -، 34. ئۆزۈن تونلۇق (يەنى ئايال) كوزگۈسىنى (ئەينىكىنى) كولگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى يىغلىغۇدەك. كېچىسى ھۆكۈرىگۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، مۈشلۇق ئۇ، بۇ ئېنىق يامانلىق.

35. ئوغلان كاككۇك پىيىنى تېپىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن ئوكە تاقىقان كېلىنچەك قۇتلۇق بولسۇن، دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

36. قارغۇ قۇلۇن ئايغىرلار ئارىسىغا كىرىپ ئەتىدىن - كەچكىچە ئەمچەك ئىزلەپ ھېرىپ - ئېچىپ كېتىپتۇ. بىچارە قاند-داقمۇ قىلار. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

37. ئىككى ھوكۇزنى بىر بوقۇسىغا قېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ماڭالماي تۇرغىدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ يامانلىق.

38 ـ 39. تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ يەر ـ جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۇ.

40. بايىنىڭ قويى ئۈركۈپ كېتىپ، بۆرىگە ئۇچراپتۇ، بۆرى ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئېمىپ كېتىپتۇ. ھەممە قوي ئامان قاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

41 ـ، 42. خان تەختكە ئولتۇرۇپ ئوردا ـ ساراي ساپ ـ تۇ، ئەل ـ يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇدەك، يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلغىدەك. شۇنداق بىلىڭ ـ لەركى، بۇ ئەزگۇ.

43 ـ، 44. قىمارۋاز بىر ئادەم بالىسىنى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ، ئۇستا قىمارۋازنىڭكىگە (قىمار ئوينىغىلى) بېرىپتۇ. بال ـ سىنىمۇ، خوتۇنىنىمۇ ئۇتقۇزماستىن يەنە توقسەن باش قوي ئۇ ـ تۇپتۇدەك، بالىسى بىلەن خوتۇنى بەك خوشال بوپتۇدەك، شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

45. كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ. سە ـ پىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خوشال ـ خورام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

46 ــ، 47. يىرتقۇچ ھايۋان ــ يولۋاس يەم ئىزلەپ ئوۋغا چىقىپتۇ، ئوۋى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نۇرغۇن يەمەكلىك تېپىلاپ، خوشال ـ خورام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى؛ بۇ ئەزگۇ.

48 ـ، 49. بىر تېۋىلغا يۈز بولۇپتۇ يۈز تېۋىلغا مىڭ بولۇپتۇ. مىڭ تېۋىلغا تۈمەن بولۇپتۇدەك، شۇنداق بىلىڭلەركى بۇنىڭدا پايدا بار، بۇ ئەزگۇ.

50. كېگىزنى سۇغا سېلىپ، يەنە ئۇر، قاتتىق پىشۇر دېگىدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

51. خان سوقۇشقا بېرىپتۇ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ، سۈرگۈن قىلىپتۇ، كوچۇرۇۋېتىپتۇ، ئۆزى ۋە قوشۇنى خوشال-خورام ئور-دىسىغا (پايتەختىگە) قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

52-، 53-، 54. ئەر (ئادەم) سوقۇشقا بېرىپتۇ، يولدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا تۇرنا قۇش ئۇچراپتۇ. تۇرنا ئۇنى قا-نىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇقۇرى كوتىرىلىپ ئۇزاق يول يۇرۇپتۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئاتا-ئانىسى بەك خوشال بولۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

55. كۆپ ئاتقا ئىگە بولغاندەك خوشاللىقىڭ يوق. ئېتىم ئاز قالدى دەيدىغان قورقۇنچۇڭمۇ يوق، ئۇچىغا چىققان بەخت-سائادىتىڭمۇ يوقتەك، شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئېنىق يامانلىق.

56. بىر قېرى ئۆكۈزنىڭ بېلىنى قورقاق چۈمۈلىلەر يەۋاتقىدەك، ئۆكۈز قىمىرلاشقا مادارى يەتمەي جىم تۇرغىدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

57. (ئايال) قومۇش ئارىسىدا تۇرغىدەك (ياشىغىدەك)، تەڭرى ئۇنىمىغانلىقتىن (رەھىم قىلمىغانلىقتىن) مەلىكە-خانىم ئۇنىڭ ئاۋۇنچۇغى (تەسەللى بەرگۈچىسى) بولسۇن، دىگۈدەك. بىلگىنكى، بۇ ئەزگۈ.

58. ئاتنى تەتۈر كىشەنلەپ قويۇپتۇ، ئۇ مىدىرلىيالماي جىم تۇرغىدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

59-، 60. باتۇر بالا تازا ياراملىق ئوق-ياسىنىڭ ئوقىنى تىلەك يارىنىڭ دۇقمۇشىغا ئۇرۇپ، يالغۇز كېتىپ بارغىدەك. شۇنداق باتۇردەك، بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.


AltunOq

61. قارا ـ ئالا ئىنەك مۇزايلىماقچى بولۇپ، ئۇلىدىغان بولدۇم دىگۈدەك. قارا ـ ئالا ئەركەك مۇزاي تۇغۇلغان ئىكەن. قۇربانلىققا يارىغاي، دەپتۇدەك، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلۇمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بىلىڭكى، بۇ ئەزگۇ.

62. ئۈزۈن تونلۇق (يەنى ئايال) ئىدىشىنى، ئايىغىنى (قاچىسىنى) قويۇپ (سەپەرگە) چىقىپتۇدەك، (كېيىن) ئوبدان ئويلىنىپ كورۇپ: ئىدىشىمنى، ئايىغىمنى قويۇپ نەگىمۇ بارارمەن، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك، ئىدىشى، ئايىغى ساق تۇرغىدەك. ئۇ (بۇنى كورۇپ) خوشال بولۇپتۇدەك، بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

64 ـ، 65. دەريا لاچىنى ئۇۋغا چىققان ئىكەن، قارشىسىدىن يىرتقۇچ قارا قۇش كوتىرىلىپ چىقىپتۇ دەك، بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

66 ـ 67. لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىغى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ، لاچىن تىرنىغىنى كىرىشتۈرۈپ يۇقۇرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تېرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇ ـ دەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

68. كىيىك بالىسى، مەن ئوتسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلارمەن؟ دىگۈدەك، بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

69 ـ 70. توگە پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئوز بېشىنى ئوزى يەپتۇدەك، ئاندىن ئۇنى تۈلكە يەپتۇدەك بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

71. ئەر ئومىلەپ بېرىپ، تەڭرىگە دۇچكېلىپ، بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت بەخت ـ سائادەت بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئوزەڭ ئۈزۈن ئومۇرلۇك بول، دەپ ـ

www.uyghurkitap.com

تۇدەك، بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۇ.

72-73. قارا يول (تەقدىر) تەگرىسىمەن، سىنىغىڭنى تۇزىتىمەن. ئۆزۈڭگۈڭنى ئۇلايمەن، ئەلنى يارىتىمەن (بەرپا قىلىمەن). بۇنىڭ ئەزگۇلىگى بولسۇن. بۇنى بىلگەيسىلەر!

74-75. يىرتقۇچ يولۋاس ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ ئىلانغا دۇچكېلىپتۇ. ئالا ئىلان تىك قىيا تاشقا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (يولۋاس) ئولۇمدىن قۇتۇلۇپ، خوشال-خورام يۈرگۈدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

76-77. توغ ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى تۈگۈپ تىك قىل، ھورۇن ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى قويۇپ بېرىپ، توققۇز قات تەرلىك ياپ، ياخشىلاپ تەرلىسۇن دىگۈدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

78. توم (يىرتقۇچ) قارا قۇشمەن، يېشىل قىيا مېنىڭ يايلىغىم، قىزىل قىيا مېنىڭ قىشلىغىم، مەن شۇ تاغدا تۇرۇپ خوشال بولغىدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلەركى!

79-80. ئەر پۇشۇغلىق (غەمكىن)، ئاسمان بوۋاۇتلۇق بولدى. شۇ ئارىدا كۈن چىقىپ، ئىچ پۇشۇغى ئارىسىدا خوشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك، بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

81-82. بوز بۇلۇت پەيدا بولۇپ، كىشىلەر ئۈستىگە (يېغىن) ياغدى. قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ھەممە ئۈستىگە (يېغىن) ياغدى. ئاشلىق پىشتى، ئوت ئۈندى، يىلقىغا، كىشىگە ياخشى بولۇپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

83-84. قۇل سۆزى بەككە يېتىپتۇدەك، قۇزغۇن سۆزى تەگرىگە يېتىپۇدەك، يۇقۇرىدا تەگرى ئاڭلاپتۇ، تۆۋەندە كىشى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۇ.

85. باتۇر ئەر ئوغلى سوقۇشقا بېرىپتۇدەك، جەڭ مەيدا-

ندا سوزمەنلەر ئۇنىڭغا: ئۇيۇڭگە قايتساڭ ئوزەڭ زور ئاتاق كوتىرسەن، ئىپتىڭنى كىشىلەر يىتىلەپ كېلىدۇ، دەپتۇدەك. بىلىڭ-لەركى، بۇ ئىنىق ئەزگۇ.

86. ئۇيۇرۇم (بايتاللار تۆپى) ئۇچۇن قۇتلۇق ئايغىرمەن. ياڭاقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىغىم، قۇشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىغىم، شۇ يەردە تۇرۇپ خوشال بولىمەن، دىگۇدەك. بىلىڭ-لەركى، بۇ ئەزگۇ.

87 - 88. كولچەك (؟) قۇرۇپتۇدەك، چىلەك توڭلاپتۇ-دەك. كولچەك بەگنىڭ تۇرسا، ئۇ قانداق قۇرۇيدۇ؟ چىلەك كۇنگەيدە تۇرسا ئۇ نىمىشقا توڭلايدۇ؟ بىلىڭلەركى، بۇ پال بىر ئىشنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ئاقىۋەتتى ياخشى بول-دىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

89 - 90. (بىراۋنىڭ) ئوغلى ئاتا - ئانىسىغا ئۆپكىلەپ كېتىپ قاپتۇدەك، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ (ئويلىنىپ) ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاي، ئاتامنىڭ سوزىنى تىڭشاي، دەپ قايتىپ كەپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

91. يىلىغا توشقاننى (چوڭلارنى) يۇدەتمەي (جوۋۇتماي) ئايغا توشقاننى (ياشلارنى) ئازاپلىماي، ھەممىسى ياخشى بولسۇن دىگۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

92 - 93. توققۇز ئارىلىق بوغا كىيىكمەن، چىرايلىق تىزلىنىپ، مىگرىغىدەكمەن (ۋاقىرىغىدەكمەن)، يۇقۇرىدا تەگرى (ئاسمان)، توۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۇچلۇكمەن، بىلىڭ-لەركى، بۇ ئەزگۇ.

94 - 95. تورغاي قۇش ھەمرالىرى يېنىغا قونىمەن،

www.uyghurkitap.com

دەپ، سەزمەستىن توزاققا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇچالماي تۇرغىدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

96. يارغۇن (ياۋا) كېيىكمەن، يازلىغى تاقىقا چىقىپ يايلايمەن. خۇشالمەن، دىگۈدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

97. خان قوشۇنى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ، دائىرە ئىچىگە كېيىكلەر كىرىپتۇ، خان كېيىكلەرنى تۇتۇپتۇ، قارا (خەلق) ۋە قوشۇنىنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپتۇ، بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

98 - 99. كوك بوز توغان قۇشمەن، كوركەم قىيادا ئولتۇرۇپ (ئەتراپنى) كۈزىتىمەن، ياڭاقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ، يايلايمەن، دىگۈدەك، بىلىڭلەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

100. سىمىز ئات (نىڭ) ئاغزى قاتتىق بولۇپتۇ، ئىگىسى (ئۇنى) ئاچالماپتۇدەك، بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

101 - 102. ئەمدى، ئامراق ئوغلانىم، بىلىڭلەركى، بۇ ئىرق پۈتۈك (پال كىتاۋى) ياخشى (كىتاپ)، ھەر بىر نەرسىنىڭ تەقدىرى (ئۈلۈشى) ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ۋە ھەر خىل بولىدۇ.

103. پارىس يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 15 - كۈنى تەيگۈنتەن بۇتخانىسىدىكى كىچىك دىندارلارنىڭ (ئىلتىماسى بىلەن؟) ئاڭلىغۇچىمىز ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتەچۇك ئۈچۈن پۈتىدىم.

# ئەپسانە ۋە رىۋايەت

## تۇرغۇن ئالماس

### ئەپسانە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ماركسنىڭ ئەپسانە ھەققىدە بەرگەن تەرىپى بويىچە ئېيت-قاندا: "ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا، بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر-نىڭ قەدىمقى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئومۇلۇك ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيىتى. ئۇ قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى چۈشەندۈرۈشى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى شۇنىڭدەك ئۇ ئىج-تىمائىي ئىدىئولوگىيە ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت" («سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر»گە قارالسۇن).

"...... ئەپسانىلەردىكى خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئالساق، مەسىلەن، «شەنخەيجىڭ» دېگەن كىتاپتىكى 3 كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى" دېگەن ئەپسانىدە، «خۇەي نەنزى» دېگەن كىتاپتىكى «پالۋان يىنىڭ 9 قۇياشنى ئوق-يا بىلەن ئېتىشى»،

Altun0q

«غەرپكە ساياھەت» دىگەن كىتاپتىكى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ 72 خىل ئۆزگىرىشى ۋە «لياۋجەي ھىكايىلىرى» دىگەن كىتاپتىكى بىر-مۇنچە روھلارنىڭ، جىنلارنىڭ ئادەمگە ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە ۋە باشقىلاردا بايان قىلىنغان خىلمۇ - خىل ئۆزگىرىش-لەرنى ئالساق — بۇ ئەپسانىلەردە ئېيتىلغان زىددىيەتلەرنىڭ بىر بىرىگە ئۆزگىرىشى ئەسلا كونكىرىت زىددىيەتلەر بىلەن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئەمەس، بەلكى ساددا ۋە خىيالى ئۆزگىرىش-لەردۇر، ھىساپسىز ۋە خىلمۇ - خىل رىيال زىددىيەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىنىڭ سەمەرىسىدۇر." (ماۋزېدۇڭ «ئەدىبىيات - سەنئەت توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە 4 - بەتكە قارالسۇن.)

ماركس يەنە مۇنداق دىگەن ئىدى: "ھەرقانداق ئەپسانىلەر تەسەۋۋۇر بىلەن ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ، دىمەك، تەبىئەت كۈچلىرى ھەقىقى بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەنلا ئەپسانىلەرمۇ يوققا چىقىدۇ" (ماركس، «سىياسى - ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىرە»گە قارالسۇن).

قەدىمقى زامانلاردا يارالغان ئەپسانىلەردە يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك خىيالى موجىزىلىك ۋە غەيرى تەبىي ۋەقەلەر كوپ بولىدۇ. ئەپسانىلەردە جادىگەرلەر، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار قاتنىشىدۇ، ئادەملەر ھايۋان قىياپىتىگە كىرىدۇ. ھايۋانلار، قۇشلار بولسا تىلغا كىرىپ ئىنسانلارغا ئوخشاش سوزلەيدۇ، مەسىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر داستانلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇزنامە»دىكى بورىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سوزلەشلىرى ۋە باشقىلار.

لېكىن شۇنىڭغا قارىماي ئەپسانىلەر تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئەپسانىۋى، خىيالى ۋەقەلەر ۋاستىسى



www.uyghurkitap.com

بىلەن كوپۇنچە خەلقنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختلىك ھايات ھەق-
قىدىكى ئارزۇ ۋە ئۇمىتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.
خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن
بىرى بولغان «تۇتىملار» ئەڭ قەدىمقى ئەپسانىلەر تۈرىگە
كىرىدۇ.

## تۇتىم ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

"تۇتىم" سوزى، ھازىرقى ئاۋىستىرالىيىدە ياشايدىغان
پاپائوسلار (ياۋروپالىقلار ھىندىسان دەپ ئاتىشىدۇ)نىڭ تىلىدىكى
"ئۇنىڭ ئۇرۇغى" دىگەن بولىدۇ.
"تۇتىم"نى ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمىيەتتە بىرەر ھايۋان
ياكى دەرەخنى نەسىل ياكى ئۇرۇغ، قان سىستىمىسىنى پەرقلەن-
دۇرۇشنىڭ بەلگىسى قىلغان، شۇنداق نەرسىلەرنى ئوزلىرىنىڭ
ئاتا - بوۋىسى ھىساپلاپ، ئۇلارغا چوقۇنغان. مانا شۇنداق چوقۇ-
نىدىغان نىشان ياكى بەلگە "تۇتىم" دەپ ئاتالغان.
قەدىمقى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان
كۈرەشلەردە توپلىغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىگە بولغان بىلىم
سەۋىيىسىمۇ ناھايىتى توۋەن بولغىنى ئۈچۈن، ئەتراپىنى قورشاپ
تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن، كۈننىڭ چىقىشى، پېتىشى، كۈن
ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، كېچە ۋە كۈندۈز،
بوران ۋە يامغۇر، مولدۇر ۋە قار، دەريا تاشقىنلىرى، يەر تەۋ-
رەش، قىش ۋە باھار، ياز ۋە كۈزگە ئوخشاش تەبىئەت ھادى-
سىلىرىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان. شۇڭا، قەدىمقى زاماندا

ياشىغان ئىنسانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ، بىرەر نەرسىگە ئىشىنىدىغان ۋەقەلەر كېلىپ چىققان.

تۇتىم ئەڭ بۇرۇنقى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقاتلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەبىئى شارائىتى خىلمۇ - خىل بولغان جايلاردا ياشىغان ئادەملەر، خىلمۇ - خىل نەرسىگە چوقۇنىدىغان، تۇتىمىزىم كېلىپ چىققان. مەسىلەن، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمقى زامانلاردا بۆرىنى، ھىندىلار كالىنى، خەنزۇلار ئەجدىھانى تۇتىم قىلغانغا ئوخشاش.

## بۆرى تۇتىمى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر

قەدىمقى زامانلاردا، دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئى شارائىتلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن تەبىئى، ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە قاراپ، خىلمۇ - خىل نەرسىلەرنى (ھايۋانات، دەرەخ، كۈن، ئاي ۋەھاكازالارنى) تۇتىم قىلغانغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ، قەدىمقى زامانلاردا بۆرىنى تۇتىم قىلىشقان ئىكەن، ئەمدى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بۆرىنى تۇتىم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن.

«ئوغۇزنامە» دە ئۇيغۇر خاقانى ئوغۇزخاننىڭ ھەربى يۈرۈشلىرىدە يول باشلىغان، ئوغۇزخان بىلەن ئادەمچە ئوخشاش سۆزلەشكەن كۆك يايلىلىق بۆرى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.

ئەبۇلغازىينىڭ «شەجەرەئى تۈركى» ناملىق ئەسىرىدە: ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا، دۈشمەندىن يېڭىلىپ، بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ، ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە

ئۇچراپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرى، ناھايىتى چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرى كىرىپ كەتكەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ، بۆرىگە ئەگىشىپ، قاپ-قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە، بىر ئۇچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرى، تۈيۈق بولمىغان ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ توشۇكتىن، ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپ-سۈزۈك سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان ياپ-يېشىل بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس، ئىلاھى مەخلۇق ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمقى يىلنامىلىرىدە، تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، «ئوغۇزنامە» بىلەن «شەجەرەئى تۈركى» دە ئېيتىلغان بۆرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار. بۇ مۇنداق:

شىمالىي جۇ خانىدانلىقى (مىلادىنىڭ 557 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 581 - يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن) نىڭ، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدا مۇنداق دېيىلگەن: ”تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇغى، يەمىلىسى ئاشىنا بولۇپ ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر بىر زامانلاردا خوشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان ئىكەن. غالىب ئەلنىڭ جەڭچىلىرى

www.uyghurkitap.com

بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۆرە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپ ئوزۇقلاندۇرۇشقا كىرىشىپ ھەم بالىغا يېقىنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بۆرە قوساق كۆتىرىپ قالغان. لېكىن ھېلىقى غالىپ ئەلنىڭ خانى تۈركلەر نەسلىدىن بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خان دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرگۈزگەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر، بىر ئۇرغاچى بۆرىنىڭ چەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە تۇرپان خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ ئۆڭكۈر ئىچىدە ياپ-يېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز پول ميڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۆرە شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىپ، ئۆيلىنىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلىدار بولۇپ، بالا تۇغۇشۇپتۇ. ھەر بىرىنىڭ ئايرىم پەمىلىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ پەمىلىسى ئاشىنا ئىكەن. مانا شۇ پەمىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى ئاۋۇپ تەدرىجى ھالدا بىرنەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقىشىپتۇ. ئاۋارلارغا بېقىندى بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشىپتۇ".



AltunOq

شۇ يىلنامىنىڭ شۇ بابىدا يەنە باشقىچىرەك بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا بۇنداق دېيىلگەن، "تۈركلەرنىڭ ئاتا بوۋىلىرى سۇ، دەپ ئاتالغان ئەلدىن كېلىپ چىققان، بۇ ئەل ھۇنلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگىنىڭ نامى ئاپاگبو بولۇپ، ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا 17 قېرىنداش ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئىل كىنىشتۇ بولۇپ بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئاپاگبو قاتارلىقلارنىڭ مىجەزى غەلىتى بولۇپ، دۆت ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئېلى ھالاك بولۇپتۇ. ئىل كىنىشتۇ، ئالاھىدە سەگەك، ئۆتكۈر بولۇپ، شامال بىلەن يامغۇرنى چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەن، بۇ قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى بولۇپ، بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇ ئىككى قىز ھامىلدار بولۇپ تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق ھاگغۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئوغۇللارنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئېلى ئاباقان دەرياسى بىلەن قاما دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇلارنى قىرغىز دەپ ئاتىغان. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى دىزياگىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى شەن چۇجىي تېغىدا تۇرىدىكەن. بۇ تۆت ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. مانا شۇ تاغدا ئاپاگبونىڭمۇ ئەۋلاتلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئۇچۇقچىلىقتا مۇزلاپ قىينىلىپ قالغاندا، تۇنجى ئوغۇل ئوت چىقىرىپ، ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ ئاسراپ قاپتۇ. ئۇلار ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنى ھۆرمەتلەپ ئۆزلىرىگە باش قىلىپ بوي سۇنۇپتۇ. ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپتۇ".

«ئوغۇزنامە»، «شەجەرەئى تۈركى»، «شىمالىي جۇ خاندانلىقى يىلنامىسى» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابى قاتارلىق تارىخىي يىلنامىلەردە يېزىلغان ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

بورىنى تۆتېم قىلغانلىقى ھەققىدىكى خىيالى ھەم رىۋايەت بولغان ئەپسانىلەردىن قارىغاندا ئۇيغۇر، تۈرك خەلقلىرى باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق باسقۇچىدا ياشىغان چاغلاردا، ئاشۇنداق ئەپسانىلەرنى توقۇغان. چۈنكى ئاشىنا ئاتلىق بىر ئانىنىڭ نامىنى تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە ياملە قىلغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا تۈركلەر، ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان دەۋردە خاقانلىقنىڭ تۇغلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرى بېشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. تۈركلەر، ئۇيغۇرلار خاقان ئوردىسىنى ساقلايدىغان قاراۋۇللارنى "بۆرى" دەپ ئاتاشقان.

يۇقۇرىدىكى تارىخىي يىلنامىلەردىكى مەلۇماتقا قارىغاندا تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىققان جايى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدا ئىكەنلىكى، تۈركلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ قېرىنداشلىقىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىققان جايى بىلەن باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندىمۇ، قىرغىزلارنىڭ تۇرا قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، تۈركلەرنىڭمۇ تۇرا قەبىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرك كول تېكىن يادىكارلىقىدا بۇنداق دېيىلگەن: "توققۇز ئوغۇزلا مەن بىلەن ئۇرۇقداش ئىدى." 'توققۇز ئوغۇز'، 'توققۇز تۇرا' نىڭ ئۆزى بولۇپ، ئوغۇزلارمۇ سۇي يىلنامىسى، تۇرالار ھەققىدە قىسسەدە تىلغا ئېلىنغان ئوخشاش بولۇپ، شۇنىڭغا قارىغاندا تۈركلەر بىلەن تۇرالار (ئۇيغۇرلار) نىڭ كېلىپ چىقىشى بىر ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق. (ماچاڭشۇ، «تۈركلەر ۋە تۈرك خاقانلىقى» خەنزۇچە 5 ـ بەتكە قارالسۇن).

بۆرى تۆتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر توغرىسىدا يەنە

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھايۋانات بىلەن ئىنساننىڭ قوشۇلۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن ئىنساننىڭ تۈزۈلۈشى زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەپسانىلەرنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغان قىسمى ناھايىتى كوپ.

بورى تۇتىمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بەدى جەھەتتىن خېلى ئۈستۈن بولۇپ، ئەپسانىدىكى ۋەقەلەرنى ئادەم خۇددى ئۆڭىدا كورگەندەك بولىدۇ.

## رىۋايەتلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

قەدىمقى تارىخ، مەدەنىيەت، ئورپ-ئادەت، ئاتاقلىق شەخسلەرگە دائىر ۋەقەلەرنى قىسقا ۋە ئېنىق بەدى ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى "رىۋايەت" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇرۇقچىلىق جەمىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن، بىلىمۇ ناھايىتى ئاجىز بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە خىيالى تەسەۋۋۇرلاردا بولغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن تەبىئى ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائى ھادىسىلەرنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى، ھاياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئىزلىگەن. رىۋايەت مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

لېكىن رىۋايەتلەردە ئەپسانە ئېلېمېنتلىرى بولمايدۇ دېيىلسە، بۇ ئەمەلىيەتكە زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا رىۋايەت بىلەن

ئەپسانىنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش كېرەك. رىۋايەتتە خىيالى ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان توقۇلمىلار ئازىراق بولۇپ، رىيال ۋەقەلەر ئاساس قىلىنىدۇ. ئەپسانىدە بولسا، خىيالى ۋە توقۇلمىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغان رىۋايەتلەر ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردا يارىتىلغان بولۇپ، بىر زامانلاردا نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن توقۇلغان. رىۋايەتلەر نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتۈپ تارقىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن.

رىۋايەتلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگىنى ئۈچۈن دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بېرىپ كەلگەن.

ئەمدى تۆۋەندە بوكوخان ھەققىدە توقۇلغان رىۋايەتنى بايان قىلىمەن.

## بوكوخان ھەققىدىكى رىۋايەت

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر — ئورخون خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 835 - يىلىغىچە) 840 - يىللىرىغا كەلگەندە ئىچكى ئۇرۇش (خاقانلىق تالىشىش)، ئىچكى ئىسيان (يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ئىسيانى)، خائىنلىق ھەركەتلەر (ھەربى ۋەزىر قۇۋلۇق باغانىڭ قىرغىزلارغا قېچىپ بېرىپ، خاقانلىقنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتىرىشكە قۇترىتىشى) تەبى ئاپەتلەر (قارنىڭ قېلىن يېغىپ چارۋا ماللارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى، دىخانچىلىقنىڭ ۋەيران بولۇشى، ۋابا كېسىلى تارقىلىپ ئادەملەر-

نىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى) قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى ھالاك بولدى. شۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلار (بايقال بويلىرى، تاشقى موڭغۇلىستاندا ياشىغان ئۇيغۇرلار) نىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى قان قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي جەنۇبىي (شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى) ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كېلىشكەن.

9 - ئەسىردە جۇڭغار دالىسى، تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 1210 - يىلىغىچە) نى قۇرغان. مانا شۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بوكوخان ھەققىدە ئاجايىپ بىر رىۋايەتنى توقۇغان. بۇ رىۋايەتنى فرانسۇز تارىخچىسى دوسان «موڭغۇل تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەپ يازغان. دوسان ئۆزىنىڭ رىۋايەت پەيدا بولغان جايىنى كورگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ رىۋايەت قاچان پەيدا بولۇپ، قاچان تارقالغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ.

دوساننىڭ «موڭغۇل تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن بوكوخان ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق:

"......قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان، تۇغلا سېلىنغا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا، "قوملانجو" دېگەن جاي بار ئىكەن. شۇ جايدا بىر بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنىڭ نامى فىستۇق ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرقى قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئارچىدەك ھەمىشە كۆكىرىپ تۇرىدىكەن، قارىغايدەك پۇختا ئىكەن. دەرەخنىڭ يەنە بىرى ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىچىك

AltunOq

دولـ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ دولـ كۆن ئوتكەنسېرى ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. دوڭنىڭ ئۈستىدە تالـ ئاتقىچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار دوڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىكەن. دوڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچىدە ئەھۋال شۇنداق بولۇپ تۇرىدىكەن. دوڭنىڭ ئۈستىدىكى شام بارغانسېرى چاقناپ دوڭدىن ئوتتۇز قەدەمچە كېلىدىغان ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دوڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. شۇ ئىشىكتىن دوڭنىڭ ئىچىگە قارىغاندا، دوڭنىڭ ئىچىدە خۇددى ئوتاۋ (كىگىز ئۆي) غا ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي بولۇپ، ھەر بىر ئۆيگە كۈمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن بوۋاق ئوغۇل بالا ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگى بار ئىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، بوۋاقلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەن. شۇ بەش بوۋاق ئوغۇل باللار ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان زامان ھەركەتلىنىپ، ئۆيدىن چىقىشقان. ئۇيغۇرلار ئىنىگە ئانىلارنى تەيىنلەپ بوۋاقلارنى ئېمىتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ تىلى چىققاندا، ئۇزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەن. كىشىلەر ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىشكەن. بەش ئوغۇل دەرەخكە چوقۇنۇشقان. دەرەخ ئادەمدەك تىلغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسۈشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى قۇتلىغان ئىكەن. شۇ يەردە كىشىلەر شۇ بەش ئوغۇلغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك بوي سۇنۇشقان. شۇ بەش ئوغۇللار- نىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقارتېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى

قوتچۇر تېگىن، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بوقا تېگىن، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئۆر تېگىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بوكۇ تېگىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ ئوغۇللارنى تەڭرى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خاقان قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە بوكۇ تېگىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانتلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بوكۇتېگىننى خاقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقان ئىكەن. مانا شۇ بوكۇ تېگىن خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان، دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئاۋۇپ كۆپەيگەن. تەڭرى بوكۇخانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغان ئىكەن. بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، بوكۇخاقان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ تۆرلۈك تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى بوكۇخاقان چېدىر ئىچىدە ياتقاندا، بىر ئىلاھى جاننى كۆرۈپتۇ. ئىلاھى جان گۈدەك قىز قىياپىتىدە كۆرۈنۈپتۇ. خاقان قورقۇپ، يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېچىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كېچىسى بوكۇخان بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرگە ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى پەرى قىزغا ئەگىشىپ "قۇت تاغ" (بەخت تېغى مەنىسىدە) دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەر كېچە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ، مۇنداق ئەھۋال يەتتە يىل 6 ئاي 22 كۈنگىچە داۋام قىلىپ، بوكۇخاقان پەرى قىز بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، قىز مۇنداق دەپتۇ: "كۈنچىقىشتىن كۈنپاتاغىچە پۈتۈن دۇنيا ساڭا بوي سۇنىدۇ، سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ،

ئەلنى ياخشى باشقۇرغىن.» پەرى قىز بۇ گەپنى قىلىپ بولغان-
دىن كېيىن غايىپ بوپتۇ. بوكوخاقان قوشۇن توپلاپ، چوڭ ئاكى-
سى شۈكقارتېكىنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى 300 مىڭ قوشۇن
بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى
قۇتچۇرتېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلا ئۈستىگە
ماڭغۇزۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بوقاتېكىننى 100 مىڭ قوشۇن
بىلەن جۇڭگوغا ماڭغۇزۇپتۇ. تۆتىنچى ئاكىسى ئورتېكىننى ئۆز
ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە ماڭغان قوشۇنلار، نۇرغۇن
ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىر ۋە ئولجىلارنى
ئېلىپ ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ. شۇ يەردە
«ئوردۇ بالىق» دىگەن بىر شەھەر بىنا قىلىنىپتۇ. شۇ چاغدا
كۈنچىقىش تەرەپتىكى دولەتلەر پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلۇپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوكوخاقان بىر كېچىسى ئاجايىپ بىر
چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپپاق چاپان كىيگەن، ئاق ھاسا
تۇتقان بىر ئەر كىشىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر پارچە قاش تېشىنى
بوكوخاقانغا بېرىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «سەن مۇشۇ تاشنى
مەڭگۈ ساقلىيالىساڭ، پۈتۈن جاھان ساڭا باش ئېگىدۇ». بوكو-
خاقاننىڭ باش ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ.
ئەتىسى بوكوخاقان ھەربى ھازىرلىققا كىرىشىپ، كۈنپېتىش
تەرەپكە قوشۇن باشلاپ مېڭىپتۇ. بۇ قوشۇنلار تۈركىستانغا يېتىپ
كەلگەندە، تۆپ-تۈزلەڭ، بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ
تۇرغان، سېمىز ماللار سەكرىشىپ ئويناپ تۇرغان بىر يايلاقنى
كۆرۈشۈپتۇ. قوشۇن شۇ يەردە توختاپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە بالا
ساغۇن دىگەن شەھەرنى بىنا قىپتۇ. قوشۇنلار بولۇنۇپ جاي-
جايلارغا بېرىپتۇ، ئۇن ئىككى يىل ئىچىدە كوپ ئەللەرنى ئېلىپ،



www.uyghurkitap.com

ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ......نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى بوكۇخاقان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇلار بوكۇخاقانغا سوغىلار تەقدىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ...... بوكۇخاقان ئۇلارنى ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن بوكۇخاقان بالا ساغۇنىدىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ.“ [40]

بۇ رىۋايەتنىڭ سيۇژىت تۈزۈلۈشى، رىۋايەت، ئەپسانىگە خاس پانتازىيە (خىيالى) خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، قەھرىمان ئىلاھلاشتۇرۇلغان. رىۋايەتتىكى ۋەقەلەر كىشىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىدىغان بەدىئى شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. رىۋايەت نەسرى تىل بىلەن ۋەقەلىكنى سيۇژىت بويىلاپ ئوچۇق، ئىزچىل بايان قىلىدۇ. قىسقىغىنا بۇ رىۋايەت شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭگىۋار تارىخىدىن بىر دەۋرنى بەدىئى شەكىل بىلەن، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«تاڭ خاندانلىقى يىلنامىسى» نىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بوكۇخاقان ھەققىدىكى رىۋايەت ھەقىقى، رېئال تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا توقۇلغان. شۇ يىلنامىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 845 - يىلىغىچە) دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئىچىدە بوكۇخان ئاتلىق خاقان ئۆتكەن. ئۇ، ئۇيغۇر — ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك دەۋرىدىكى (مىلادىنىڭ 745 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 815 - يىلىغىچە) خاقانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خاقان بايانچۇرنىڭ (مىلادىنىڭ 747 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 759 - يىلىغىچە خاقان بولغان) كىچىك ئوغلى. بوكۇخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى ئىدىقۇن بولۇپ،

ئاتىسى بايانچور ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىغا خاقان بولغان. بوكوخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە، ئۇ "پەرى قىز بىلەن 7 يىل 6 ئاي 22 كۈن سوزلەشكەن......"، "بالا ساغۇن شەھرىنى بىنا قىلىپ، 12 يىل ئىچىدە كوپ ئەللەرنى ئېلىپ......"دېگەن سوزلەر بار. رىۋايەتتىكى يىللارنى ھىساپلىغاندا، 20 يىل بولىدۇ. «تاڭ خاندانلىقى يىلنامىسى» نىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بوكون 20 يىل خاقان بولۇپ (مىلادىنىڭ 760 - يىلىدىن 780 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر - ئورخون خاقانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان، رىۋايەتتە بوكوخان بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ھەربى يۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان. بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان تاڭ يىلنامىسىدە، بايانچورنىڭ ھەققەتەن يابغۇ تېكىن، كۇل چورتېكىن، ياغلا قارتېكىن، تون باغا، بوكوتېكىنلەردىن ئىبارەت بەش ئوغلى بولغان.

ئۇلارنىڭ ھەربى يۇرۇشلىرىنى تاڭ يىلنامىسىدىكى ھەققى پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورگەندە، رىۋايەتنىڭ ھەققەتەن تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

تاڭ پادىشاسى تاڭ شەنزۇڭ (مىلادىنىڭ 712 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 756 - يىلىغىچە پادىشا بولغان) نىڭ خىيىي ئەتراپلىرىدا تۇرىدىغان ھەربى - مەمۇرى ۋالىسى ئەنلوسەن (ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۈرك بولۇپ، ئىسمى بىلىك — ئا) ئىسيان كوتىرىپ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شىئەنگە قاراپ بېسىپ كېلىدۇ. توڭگۋەندە بولغان قاتتىق جەڭدە تاڭ پادىشالىقىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئەنلوسەن پايتەخت شىئەننى بېسىۋا-

لىدۇ، ئەنلۇسەن ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالايدۇ. تاڭ شەنزۇڭ سىچۈەنگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنداق جىددى پەيتتە تاڭ شاھزادىسى، تاڭ شاۋزۇڭ گەنسۇ ئەتراپىدا تۇرىدىغان تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گوزىيىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى تاڭ پادىشاسى، دەپ جاكالايدۇ ۋە دەرھال ئۇيغۇر — ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى بايانچۇرنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەنلۇسەن ئىسيانىنى بېستىقتۇرۇشنى ئۆتۈنىدۇ، ئۇيغۇر خاقانلىقى تاڭ پادىشاسىنى ناھايىتى ئېغىر شەرتلەرگە كوندۇرگەندىن كېيىنلا، قوشۇن ئەۋەتىپ ئەنلۇسەن ئىسيانىنى بېستىقتۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ.

تۈزۈلگەن توختامغا ئاساسەن مىلادىنىڭ 756 - يىلى ئەنلۇسەن ئىسيانىنى بېستىقتۇرۇش ئۈچۈن بايانچۇرنىڭ چوڭ ئوغلى يابغۇتېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ جۇڭگوغا كەلگەن بولسا، 761 - يىلى توپىلاڭنى ئۈزۈل - كېسىل بېستىقتۇرۇش ئۈچۈن بۆكۈتېكىن ئۆزى جۇڭگوغا كېلىپ، بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان ئىسيانىنى بېستىقتۇرۇپ ئورخۇن بويىغا قايتقىنى ئۈچۈن تاڭ پادىشاسى ئۇنىڭغا ”قەيسەر، ھەققانىيەت، تۆھپىلەر خاقانى“ دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن.

765 - يىلى بۆكۈتېكىننىڭ يەنە بىر ئاكىسى ياغلا قارتېكىن تاڭ پادىشالىقىغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىغان يۈز مىڭ كىشىلىك تىبەت (رىۋايەتتە تاڭغۇت دەپ ئېيتىلغان) قوشۇنلىرىنى ھازىرقى نىڭشيا ئەتراپىدا تارمار كەلتۈرۈپ، شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ شەرىپىگە تاڭ پادىشالىقى ئۇيغۇرلارغا يۈز مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن ھەدىيە قىلغان ئىكەن. بۆكۈخان زامانىسىدا (مىلادىنىڭ 760 - يىلىدىن مىلادىنىڭ

www.uyghurkitap.com

780 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر — ئورخون خاقانلىقىنىڭ تەركىبىدىكى قىرغىزلار (يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا ياشىغان) بىلەن ئۇرۇشلار بولغان. بوكوخاننىڭ بالا ساغون ئەتراپىغىچە يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر — ئورخون خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگى خاقان (جۇڭگو تارىخىدا بويى خان دەپ ئاتالغان) زامانىسىدا (مىلادىنىڭ 808 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 821 - يىلىغىچە) شۇ خاقاننىڭ 815 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا (ھازىرقى قىرغىزىستان ئەتراپلىرىغىچە) يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدا: ”توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىقى يادىكارلىقى“ دا ھەقىقى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار. ئېھتىمال، رىۋايەتتىكى بوكوخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈش- لىرى، ئاي تەڭرىداقۇت بولمىش ئالىپ بىلگى خاقاننىڭ ئوتتۇ- را ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

رىۋايەتتە: ”تەڭرى بوكوخانغا ئۈچ قۇش ئاتا قىلغان ئىكەن، بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدى- كەن......“ دېگەن سۆزلەر بار. بۇ ئۇيغۇر — ئورخون خاقانلىقى- نىڭ تاشقى دىپلوماتىيىسىدە ئىشلەتكەن، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان دىپلوماتلارنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇيغۇر — ئورخون خاقانلىقىدا، تاشقى ئىشلارغا ئۈچ ۋەزىر قويۇلغان.

بوكوخان ھەققىدىكى رىۋايەت ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى نەسرى ئەدەبىي يادىكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە تېپىلمايدىغان قىممەتلىك ھۆججەت.

ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر خەلقنىڭ قەدىمقى زاماندا بېشىدىن

كەچۈرگەن تارىخىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، دىنىي ئېتىقاتلىرىنى بىلىشتە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش زورۇر.

قەدىمقى زامانلاردا تۇغۇلغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر كېيىنكى زامانلاردىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، چۈنكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر رومانتىزىمنىڭ بۇلىقى. كېيىنكى زامانلاردىكى ئاكتىپ رومانتىك شائىرلارنىڭ ھەممىسى قەدىمقى زامانلاردىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن نۇرغۇن ئىلھاملارنى ئالغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شائىر، يازغۇچىلىرى ئۆز ئىجادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، ئۆز خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىشى لازىم.

## «راك» مۇقامىغا سېلىنغان كىلاسسىك شېئىرلار-دىن تاللانمىلار

### ناۋايى شېئىرلىرىدىن*

1. ئەشرە قەتىمىن ئەكس شەمسۇلكەئىس ئەنۋارىلھودا.
"يار ئەكسىن مەيدە كور" دەپ جامدىن چىقتى سادا.

2. غەير نەقشىدە كوڭۇل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر ئەي ساقى مەيى ۋەھدەت موسەللىك غەمزىدا.

3. ئەي خوش ئول مەيكىم ئاڭا زەرپ ئولسا بىر سۇنغان ساپال
جام، ئولۇر گىتى ناما جەمشىد ئانى ئىچكەن گادا.

4. جام، مەي گەر بۇيلەدۇر ئول جام ئۈچۈن قىلسا بولۇر،
يۈز جاھان ھەردەم نىسار ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان پىدا.

5. دەير ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغىلى ئەي مۇغبەچە
جام مەي تۇتساڭ مېنى دىۋانىدىن قىل ئىپتىدا.

---

* بۇ شېئىر — ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خازائىنۇلمائانى — غارائىبۇس-سىغار» قىسمىنىڭ بىرىنچى مەتلە شېئىردىن ئېلىنغان (3 - بەت).

1. قۇياش نۇرى ئەكس ئەتكەن قاچىدىن توغرا يولنىڭ نۇرى يورىدى. يار جامالىنىڭ ئەكسىنى كورەي دېسەڭ مەيگە قارا دەپ جامدىن سادا چىقتى.

2. كوڭۈل جامىدا غەير بىر نەققاش تەرىپىدىن چېكىلگەن غەم دېغى بولسا ئەي ساقى، ۋەھدەت شارابىغا ئوخشاش بۇ غەم دېغىنى يۇيىدىغان نەرسە يوق.

3. ئەي خوش كىشى، ئاشۇ ۋەھدەت مېيىگە ساپالنىڭ سۇنغىمۇ قەدەھ قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ خۇددى جەمشىتنىڭ جاھاننامە ئەينىكىدەك يار ئەكسىنى كورسىتىدۇ. بۇ مەينى ئىچكەن كىشىمۇ جەمشىتتەك گارالەرچە چىقىپ كېتىدۇ.

4. ”قەدەھ“ بىلە ”مەي“ شۇنداق خىسلەتلىك بولسا، ”قەدەھ“ ئۇچۇن يۇز جاھاننى ”مەي“ ئۇچۇن مىڭ جاننى پىدا قىلسا بولىدۇ.

5. ئەي، مەيچى يىگىت، مەيخانىغا ھوشيار كىشىلەر ئەقلىدىن ئېزىپ رەسۋا بولغىلى كەپتۇ. قەدەھ بىلە مەي تۇتقاندا مەن دىۋانە — ساراڭدىن باشلاپ تۇتقىن.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

6. تاكى ئۇل مەيدىن كوكۆل جامدا بولغاچ جىلۋىگەر.
چېھرەئى مەقسۇد مەھۋ ئۇلغاي ھەم ئۇلدەم مائەدا.

7. تەشنەلەب ئۇلمە ناۋايى تائەزەل ساقىسىدىن
”ئۇشرە بو يا ئەييۇ ھەل ئەتشان“ كىلور ھەردەم نىدا.

1. باغ ئىچرە ساقا ساچتى گۈل ئاقۇ يېشىل ياپراق،
شاھ باشىغا ئانداقكىم ئەل ئاخو - سېرىق يارماق.

2. نى يارلىغ ئۇلغايكىم ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە
سەن ئەيشى ئىلە راھەتتە مەن رەنجى ئىلە ئويغاق.

3. جان نەقدىن ئەجەل بىرلە ھىجرىڭ ئىككى بولمىشتۇر،
ئۇل نەۋئى تاپىپ سودى ئايرىلغان ئىككى ئورتاق.

## لۇتفى شېئىرلىرىدىن*

1. سۈرىتىڭنى كىمكى كوردى قىلدى جانان جان پىدا،
سىرەتىڭگە خۇر قىلۇر ئالىپ پەرىشتە ئىقتىدا.

2. ئىنتىھا يوقمۇ دىسەم ھوسنۇڭگە ئەيتۇر كوزلىرىڭ
قايدا سەن مەن خودبالانى قىلدىم ئەمدى ئىپتىدا.

3. سېھىر ئىش كەشمىر ئىلى غەمزەڭدىن ئۇرگەنسە كېرەك
كىم جاھان ئىچرە بولۇپتۇر ئۇل بۇ پەندە مۇقتىدا.

*«دىۋان لۇپتى» شېئىرلار توپلىمى. 9- بېتىدىن.

6. تاكى ئاشۇ مەي بىلەن كۆڭۈل قاچىسى جىلۋە قىلسا،
مەقسەتنىڭ چىرايى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ.

7. "ۋەھدەت" كە "مەي" بىلەن "قەدەھ" ئارقىلىقلا مۇيەسسەر
بولۇش مۇمكىن، شۇڭا "مەي" بىلەن "قەدەھ" دىگەن ئىككى
ئىبارىنى بىرگە قوشۇپ "مەي قەدەھ" دىگەن بىر ئىسىم
بىلەن ئاتاش كېرەك.

1. كىشىلەر خۇددى پادىشالارنىڭ بېشىدىن ئالتۇن - كۈمۈش
پۇللارنى مۇبارەكلەپ چاچقاندەك، سەن يارىم باققا كىرسەڭ
ئاق گۈللەرنى، يېشىل ياپراقلىرىنى بېشىڭدىن چاچىدۇ.

2. ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە سەن ئەيش راھەتتە ئۆتىسەن،
مەن بىچارە "نىمە بۇيرۇق بېرىدىكىن؟" دەپ بوسۇغاڭدا
جاپا بىلەن ئويغاق تۇرىمەن.

3. گويا، شىرىكلەشكەن ئىككى تىجارەتچى پايدىنى تەڭ بولۇ-
شۇۋېلىپ ئايرىلىپ كەتكەندەك، جان سەرمايەمنى
ھىجرىنىڭ بىلەن ئەجەل ئىككىسى بولۇۋالدى.

1. ئەي جانانىم، كىمكى سۈرىتىڭنى كۆرسە جېنىنى پىدا قىلىدۇ،
ئىچكى كۆرۈنۈشۈڭگە ھەتتا ئۇلۇغ پەرىشتىمۇ باش قويىدۇ.

2. ھوشنۇڭدىن: "ماڭا سالىدىغان بالالىرىڭنىڭ ئاخىرى يوقمۇ؟"
دەپ سورىغىنىمدا، كۆزلىرىڭ: "نىمە دەۋاتىسەن، مەن بۇ
بالالىرىمنى ئەمدى باشلىدىم" — دەيدۇ.

3. كەشمىرلىكلەر سېھىرگەرلىكنى غەمزەڭدىن ئۆگەنگەنلىككە ئوخشايدۇ.
شۇڭا ئۇلار بۇ ھۈنەردە جاھاننىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىكەن - دە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4. سەن سىزنى قىلماي تەھەممۇل نالە قىلسام يوق ئەيىپ
گەر بۈيۈك يۈكلەنسە تاقىقا كەلگەي ئاندىن يۈز سادا.

5. ئىتىلىرىڭنىڭ مەنسۇس لۇتپىغا تەيىن ئەيلەكىم،
دولىتىڭدە قىلسا سۇلتانلىق نە بولغاي بىر گادا.

## مەشرەپ شېئىرلىرىدىن*

1. بۇ تەنى خاكىنىۇ روھى راۋاننى نە قىلاي
بولمىسا قاشىمدا جانانە بۇ جاننى نە قىلاي.

2. يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي.

3. ئورايىنىمۇ باشىمە سەككىز بېھىشتۇ ـ دەۋزەخىن،
بولمىسا ۋەسلى ماڭا ئىككى جاھاننى نە قىلاي.

## ھوۋەيدا شېئىرلىرىدىن**

1. ئەي دىلا گۈل ۋاقتىدۇر گۈلزارىدىن ئەندىشە قىل
ئوزمىگىل بىھۇدە گۈلنى كارىدىن ئەندىشە قىل.

* بابارەھىم مەشرەپنىڭ «دىۋان مەشرەپ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا.

** ھوۋەيدا چىمياني: «شېئىرلار توپلىمى» دىن «دىۋان ھوۋەيدا» ناملىق.

4· سەنسىز سەۋرى - تاقەت قىلالمىغىنىمنى ئەيىپ قىلما، ئەگەر مۇنداق ئېغىر يۈك، تاقىقا يۈكلەنگەن بولسا، ئۇنىڭدىن يۈزلەرچە نالە - سادا كېلەتتى·

5· ئىتلىرىڭنىڭ مەنسۇدىگە لۇتپىنى تەيىن قىلغىن،
دولىتىڭدە مەندەك بىر گاداي سۇلتان بولسا نىمە بوپتۇ·

1· قېشىمدا جانانىم بولمىسا، تۇپراقتىن يارالغان تەننى، يۈرۈپ كېتىدىغان روھنى نىمە قىلىمەن، ھەتتا بۇ جاننىمۇ نىمە قىلىمەن·

2· يار بىلەن مەي بولمىغان مەككىگە بېرىشنىڭ نىمە كېرىگى بار،
ئىبراھىم پەيغەمبەر ياسىغان ئۇ كونا دۇكاننى نىمە قىلىمەن①·

3· سەككىز جەننەت، دوزاقلارنى دەپ ئوز ئۆزەمنى كاچاتلايمۇ؟
ماڭا يار ۋەسلى مۇيەسسەر بولمىسا ئىككى جاھاننىڭ كېرىگى يوق·

1· ئەي كوڭۈل، گۈل چېغى بۇ، گۈلزارلىقنىڭ غېمىنى ئويلىغىن،
سەۋەپسىز گۈلنى ئۈزمە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىل·

---

① ئەسكى دۇكان — ھازىرقى كەئبىنى دىمەكچى·

2. كىمكى كىردى بۇ چۇمەنگە گۈل ئۈزمەيىن ياتمىدى،
ئارى - ئارى گۈل ئۈزەرسەن خارىدىن ئەندىشە قىل.

3. راست سۆزۈڭنى ئەيمەنغىل ھەركىمنى سەن مەھرەم بىلىپ
ئاقىل ئېرسەڭ مەھرەمى ئەسرارىدىن ئەندىشە قىل.

4. پاشا كىم بىدارلىقتىن ئىچتى ئادەم قېنىنى
بەزى - بەزى مەردۇمى بىدارىدىن ئەندىشە قىل.

5. ئەي ھۇۋەيدا ئەيمەنگىل مەنسۇرىدەك سىرىڭنى پاش
ئەيلىسەڭ "ھويى ئەنەل ھەق" دارىدىن ئەندىشە قىل.

## زەلىلى شېئىرلىرىدىن*

1. بويى زۇلپۈڭدىن جۇنۇنلۇقتىن بولەك ھاسىل ئەمەس،
كەلتۈرۈپ بوينۇمغا باغلاڭلار جۇنۇن تۇمارىدىن.

2. مەرپەت تاجىنى قەدرىن ئەھلى تائەت بىلمەگەچ
خاتىرى خۇشتۇر ھەمىشە جوپپە ھەم داستارىدىن.

3. دەردى سەر بەردى زەلىلى تەلبىگە سەۋدايى ئىشق
سەندىلى خۇشبويى كەلتۈر ئىشقىنىڭ ئەتتارىدىن.

* مەھەممەت سىدىق زەلىلى: «دىۋان زەلىلى» ناملىق شېئىرى توپلىمىدىن (......غەزەل......بەت)

2. باققا كىرگەن كىشى گۈلنى ئۈزمەي قالمايدۇ، گۈلزارنى ئارىلاپ گۈل ئۈزمەكچى بولساڭ، ئۈنىڭ تىكىنى بارلىغىنى ئويلا.

3. ھەركىمنى ئۆزەڭگە مەھرەم بىلىپ راست گېپىڭنى سۆزلەۋەمە ئەقىللىق كىشى بولساڭ سىرىڭنى ئېيتقان يېقىن كىشىڭدىنمۇ ئەندىشە قىل.

4. پاشمۇ كېچىسى ئۇخلىماي ئادەم قېنىنى ئىچىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش تاڭغىچە ئۇخلىمايدىغان ئادەملەرنىمۇ ئويلانغىن.

5. ئەي ھۆۋەيدا، مەنسۇرھەللاجدەك سىرىڭنى پاش قىلىپ قويما. ئەگەر "مەنمۇ ھەق" دەپ ھور تارتىدىغان بولساڭ دارغا ئېسىلىشىڭدىن خىيال قىل.

1. قارا چېچىڭنىڭ خۇش پۇرىغى ماڭا ساراڭلىقتىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيدۇ، شۇڭا، بويىنۇمغا ساراڭلىق تۇمارىنى باغلاپ قويۇڭلار.

2. ئىلىم - مەرىپەت تاجىنىڭ قەدرىنى ئىبادەتگۇي موللىلار بىلمىگەنلىكتىن ھەمىشە بېشىدىكى سەللىسى، ياخشى كىمدىن كۆڭلىنى خۇش تۇتۇپ يۈرىدۇ.

3. ئىشق سەۋداسى، ساراڭ زەلىلگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. (ئەي دوستۇم) ئىشقىنىڭ دۇكاندىرىدىن خۇش پۇراقلىق سەندەل ياغىچى ئېلىپ كەلگىن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت روزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى توغرىسىدا

## غوجەخمەت يۈنۇس

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىزنى ياۋۇزلۇققا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشقا، قارا كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك تۇزاق ئىسكەنجىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز بەخت-سائادىتىگە يول ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى.

مەسەل — كۆپىنچە شېئىرىي يول بىلەن يېزىلىپ، تەلىم-تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلغان ساتىرىك-كىنايىلىك كىچىك ئەسەر. مەسەللەردە ئۆي ھايۋانلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار، ھاشارەتلەر خۇددى ئادەملەردەك سۆزلەيدۇ، ئويلايدۇ، خۇشال بولىدۇ ۋە خاپا بولىدۇ، بىر بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلار، قارىماققا، ھايۋان، قۇش، ئۆسۈملۈك، ھاشارەت بولسىمۇ، ئۇنىڭدا سۆزلىنىۋاتقان تۇرمۇش ئەنە شۇلارنىڭ تۇرمۇشى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، يازغۇچىلار ئادەملەرنى ۋە ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەسەللەردە ھايۋان، قۇش، ھاشارەتلەر ئارقىلىق

بەزىدە پۈتۈن بىر ئىجتىمائى گۇرۇھ تەسۋىرلىنىدۇ، بەزىدە شۇ ئىجتىمائى گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى تەسۋىرلىنىدۇ. مەسەلىنىڭ بېشىدا ياكى ئايىغىدا كۆپىنچە ئەخلاقىي دائىر نەسىھەت قىلىنىپ، خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئاپتور ئەمەس، بەلكى مەسەلىنىڭ ئۆزى خۇلاسە چىقىرىپ بېرىدۇ.

دۇنيادا مەسەل 17 - 18 - ئەسىرلەردە كەڭ تەرەققى قىلغان. بۇ چاغلاردا كونا قالاق تۈزۈمگە قارشى ئاشكارا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرىدىن - توغرا پاش قىلىش قىيىن بولغاچقا، تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچى — شائىرلار ئۆز پىكىر - كۆزقاراشلىرىنى بىر خىل پەردە ئاستىغا ئېلىپ بايان قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەدىبىي ئەسەرلەرنىڭ مەسەل دىگەن تۈرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەپ ئەنە شۇ. ئۇلار مەسەلدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ئارقىلىق زومىگەرلىك، ياۋۇزلۇقنى، ھىلىگەرلىك ۋە قۇۋلۇق - شۇملۇقنى پاش قىلىپ، قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ، ئاق كۆڭۈللۈك - سەمىمىيەتلىكنى، ئاجىزلارنى ياقلايدۇ، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىدۇ ھەم ئېزىلگۈچى، خارلانغۇچى خەلقلەرنى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. سىنىپىي كۈرەش ئانچە كەسكىن بولمىغان پەيتلەردىكى مەسەللەردە بىرلىسا، كۆپرەك ئادالەتلىك بىلەن ئادالەتسىزلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كىشىلەر ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان. شۇڭا تارىختا مەسەللەر ”ئەخلاق ئۆگەتكۈچى ئەسەر“ دەپمۇ قارالغان.

تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى خەلق ئارىسىدا چۆچەك شەكلى بىلەن كۆپرەك تارقالغان، شۇڭا

ئۇ كوپ هالاردا خەلق چوچەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدىغان بىراق ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى، ۋەقەلىكى. قاتناشقۇچىلىرى، ئاپتورنىڭ كىتاپخانغا ئۇقتۇرماقچى بولغان مەقسىدى ۋە بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن مەسەلىنىڭ ئادەتتىكى خەلق چوچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدە توشقان، ئاككۇك، كەپتەر، چۇمۇلە، توگە، ئېشەك، پاقا قاتارلىق هايۋان، قۇش - جانىۋارلار ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر، ۋاپادار قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، ئەمگەكچى خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجابى پېرسوناژلار سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار زالىم هوكۇمرانلارنىڭ قارانىيەت ياۋۇزلۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان يولۋاس - شىر، بورىگە، ساختىپەزلىك - هىلىگەرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان تۈلكىگە، تۈرلۈك ئەكسىلكىلەرنى قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋولى بولغان چاشقان، قاغا - قۇزغۇنلارغا قارشى زېرەكلىك هەم باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنى هالاك قىلىدۇ، مەسەل هەجمى ئىخچام، تىلى ئوتكۈر، هەجۋى ۋە يۇمۇرلۇق، قىزىق ۋە كۈلكىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئېسىدە ساقلاپ، بىر بىرىگە ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل، پەم، ئىلهام ئالىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ چوچەك شەكلىدە تارقىلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئوتۇپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر مۇهىم سەۋەبى.

توۋەندە مەن مىسال تەرىقىسىدە بىرنەچچە مەسەلنى هورمەتلىك كىتاپخانلارغا تەقدىم قىلىمەن.

## تۈلكىنىڭ هىلىسى

يولۋاس بىر كۈنى ئوزۇق ئىزلەپ چىقىپ، بىر تۈلكىنى كورۇپ قاپتۇ، خېلىدىن بېرى تۈزۈكرەك بىر نەرسە تېپىپ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېيەلمىگەن يولۋاس تۈلكىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا خىرىس قىپتۇ. يولۋاسنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن تۈلكىمۇ لىللىغىنى ئىشقا سېلىپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

— ئى، جانىۋارلارنىڭ ئاتىسى، جاڭگاللارنىڭ غوجىسى، — دەپتۇ تۈلكە كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مەن ھوزۇرلىرىغا شىكايەت بىلەن ماڭغان ئىدىم، ئۆزلىرى يولۇقۇپ قالدىلا......

تۈلكىنىڭ ياغلىما سۆزىدىن مەغرۇرلانغان يولۋاس "بۇ ھەرقاچان تىرناقلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى تەييار ئولجا، ئاۋال بۇنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ باقايمۇ، ئېھتىمال، ئۇنىڭدىن بىرەر پايدىلىق ئىش چىقىپ قالار" دېگەن ئويغا كېلىپ:

— قۇلىغىم سەندە، — دەپتۇ.

— ھەي، كېرەملىك شاھىم، — دەپتۇ تۈلكە ئۆزىنى ئويدىنىپ، — مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمنى جاناپلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزەي دېگەن نىيەتتە چۆلنى ئارىلاپ جاناپلىرىغا ئاتاپ راسا بىر سېمىز كىيىكنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم، ئالدىمدىن بىر بۆرە چىقىپ كىيىكنى تارتىپ ئەكەتتى. يالۋۇردۇم، يىلىندىم، زادى گېپىمنى ئاڭلىماي، كىيىكنى پارچىلاپ يېيىشكە باشلىدى، مەن: "ھەي بىەدەپ، سەن قانداق قىلىپ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ رىسقىغا چاڭگال سالىسەن؟" دېسەم، "ھاي ئەخمەق تۈلكە، بۇ ئەتراپتا مېنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق ھايۋاننىڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسەن!" دەپ جاناپلىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەسلىكىمگە كۆزۈم يېتىپ، جاناپلىرىغا شىكايەت قىلغىلى كېلىۋاتاتتىم، ئەمدى مىرادىمغا يەتتىم، قالغان ئىختىيار ئۆزلىرىدە.

تۈلكىدىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان يولۋاس غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ:
— مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارالامسەن؟ — دەپتۇ.
— جېنىم بىلەن! — دەپتۇ تۈلكە ۋە يولۋاسنى ئۈۋىچىلار قاپقانغا چىشلىتىپ قويغان كىيىك گوشىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەپتۇ.
— ئۇ هارامزادە ھىلىراقتا مۇشۇ يەردە قىلىۋىدى، ئەنە كىيىك گوشلىرى تۇرىدۇ، جاناپلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ تىكى- ۋەتكەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ تۈلكە قاپقاندىكى گوشنى كورسىتىپ.
گوشنى كورگەن يولۋاس: ”ئاۋال بۇ گوشنى يەپ ئوزەمگە ئاز - تولا ماغدۇر توپلاي، ئاندىن بورىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، ئوزەمنىڭ كىملىگىنى تونۇتۇپ قوياي“ دىگەن خىيال بىلەن ئوزىنى گوشكە ئۇرۇپتۇ - دە، شۇ هامان قاپقانغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كورگەن تۈلكە:
— سەن ھەمىشە ئوزەڭنى ھەممىدىن ئۇستۈن چاغلاپ، باشقىلارغا ئارام بەرمەيتتىڭ، ساڭمۇ ئارام بەرمىگۈچى، سېنىڭمۇ جېنىڭنى قىينىغۇچى چىقىدۇ، بىلىپ قوي، — دەپ قۇيرۇغىنى ئوينىتىپ، ئوز يولىغا كېتىپتۇ.

## كەپتەر بىلەن چۈمۈلە

بىر كۈنى بىر كەپتەر ئۈۋچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۈۋچى ئۇنى دەررۇ تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بىر چۈمۈ- لە كورۇپ قىلىپ، چاققانلىق بىلەن ئۈۋچىنىڭ كوينىگىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ - دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ناهايىتى ئاچچىق چېقىپتۇ. ئۈۋچى چىدىماي، ئىختىيارسىز تورنى تاشلىۋېتىپتۇ. كەپتەر پەيتتىن پايدىلىنىپ، توردىن چىقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى چۈمۈلە سۇ ئىچمەكچى بولۇپ، ئېرىقنىڭ لېۋىگە بارغان ئىكەن، سۇنىڭ دولقۇنى چۈمۈلىنى تارتىپلا ئاقتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كورۇپ قالغان كەپتەر دەرھال بىر تال چۆپنى ئېپكىلىپ ئېرىققا تاشلاپتۇ. چۈمۈلە چوپ ئارقىلىق ئاستا سۇدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## قۇشقاچنىڭ قويغا شىكار قىلىشى

بىر بۈركۈت قوي پادىسىغا شىكار قىلىپ بىر قوينى ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇنى يىراقتىن كورۇپ قالغان قۇشقاچ ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ كېتىپتۇ: "ۋاھ! قانات دېسە قانىتىم ئوخشاش، تۇمشۇغۇممۇ بار، پۇت ۋە تىرنىغىممۇ كەملىك قىلمايدۇ. بۈركۈت قوينى شىكار قىلىدۇ - يۇ، مەن تېزەك چوقۇلاپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمدىمەن! ئىست، مۇنداق جانىنى! قوينى ئەمەس، توگىنى شىكار قىلالايدىغان كۈچۈم بار مېنىڭ!"

قورام تاشقا يانپاشلاپ يېتىپ، پادىلارنىڭ ئوتلاۋاتقىنىنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىۋاتقان پادىچى، ئاسماندىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، يۇڭلۇق بىر قويغا شىكار قىلغان قۇشقاچنى كورۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پۇتى پاخماق يۇڭغا ئېلىنىپ قېلىپ، قانچە ئۇرۇنسىمۇ ئاجرىتالماپتۇ، ئوزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ پالاقشىپ، ئاخىرى مادارسىزلىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يېتىپ قاپتۇ.

پادىچى قۇشقاچنىڭ بۇ ھالىغا كۈلۈپ قويۇپتۇ - دە، ئۇنى قويدىن ئاجرىتىۋېلىپ "جېنىڭغا قاراپ ئىش قىل" — دەپ قويۇپ بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئىشەك بىلەن توگە

يېغىر بولۇپ ئۇلەر هالغا كېلىپ قالغاندىن كېيىن كارۋان داۋانغا تاشلىۋەتكەن ئىشەك بىلەن توگە يېرىم كۈنگىچە ئورۇنلىرىد-دىن قوپالماي يېتىپتۇ. ئەمما ھەرخىل ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەن تاغ ھاۋاسى ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگۈچى دورا بوپتۇ. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، يېڭى چىققان ئوتلارنىڭ ئۇچىدىن يەپ، بىر ئاز ماغدۇر يىغقاندىن كېيىن، داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىدىكى سۇلار شاقىراپ ئېقىۋاتقان كەڭ يايلاقنى كۆرۈپ ئېيتقۇسىز خوشاللىقتا چوموپتۇ. ئۇلار يول-دىن يىراق بىر جاينى ماكان قىلىپ، ئوتلاپ يۈرۈپ بىر ئايدىن كېيىنلا سەمرىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى شۇ يەردىكى تاغنىڭ ئارقىسىدا ياشايدىغان تۈلكە "ئوۋ" غا چىقىپ، ئىشەكنىڭ هاڭرىغان ئۈنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، ئۈن چىققان تەرەپكە مېڭىپ، يايلاقتا ئوتلاپ - ئويناپ يۈرگەن توگە بىلەن ئىشەكلى كۆرۈپ قاپتۇ. تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئېقىپتۇ، "ئامال قانچە؟ كۈچۈم يەتمەيدۇ" دەپ ئويلاپتۇ. تۈلكە بۇ خەۋەرنى شۇ تاغدا ياشايدىغان بۆرىگە ئېيتماقچى بوپتۇ. تۇرۇپ بۆرىنىڭ يەپ تاشلىغان ئۇستىخانلارنى يىرىدىغانلىغىنى ئويلاپ ئېيتمايدىغانمۇ بوپتۇ. ئەمما ئېيتماي دىسە يېيىشكە ھېچنەرسە يوق. "يوق گۆشتىن كۆرە ئۇستىخانمۇ ياخشى" دەپ ئاخىرى بۆرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

— ئۇلارغا قانداق گۈنا قويىمىز؟ گەپ - سۆز يوقلا بىرىپ يېيىش قىيىنغۇ؟ — دەپتۇ بۆرە.

— ئانداق بولسا، — دەپتۇ تۇلكە، — "بۇ يەر مېنىڭ يېرىم، سىلەر بۇ يەرنىڭ ئوتىنى رۇخسەتسىز يەپسىلەر. ئەمدى بۇنىڭ بەدىلىگە سىلەرنى يەيمەن" دىگىن. مەن "بورە جاناپلىرىنىڭ ئېيتقىنى راست" دەپ گۇۋاچىلىق بولىمەن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاچ يۈرگەن بورە تۇلكىنى ئەگەشتۈرۈپ يايلاققا كەپتۇ. تۇگە بىلەن ئىشەك بولارنى يىراقتىن كورۈپلا: "ماغدىرىمىزمۇ، كۈچىمىزمۇ بار، ئۇلسەكمۇ ئېلىشىپ ئولەيلى" دەپ مەسلىھەتلىشىۋاپتۇ. بورە كېلىپلا:

— ھەي ئۇزۇن بويۇن، ئۇزۇن قۇلاق! ئىككىڭ كىمنىڭ رۇخستى بىلەن بۇ يەرلەردە ئوتلاپ يۈرۈيسەن؟ — دەپتۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نىمە ئىشىڭ! — دەپتۇ تۈگە.

— ھەي ئۇزۇن ئەخمەق! بۇ يەر مېنىڭ يېرىم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن تېخى! — دەپتۇ بورە.

— قايسى يەر سېنىڭ؟ — دەپتۇ توگە. بورە تۇلكىنىڭ پىچىرلىشىغىمۇ قۇلاق سالماي:

— سەن تۇرغان يەر، — دەپتۇ.

— مەن گۇۋا، راست دەپتۇ، — دەپتۇ تۇلكە تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ.

شۇ چاغدا تۇلكە بورىنىڭ قۇلىغىغا بىر نىمىلەرنى پىچىرلاپتۇ.

بورە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ:

— سەنلەرنىڭ بۇ يەردىكى ئوتنى يىگەن - يىمىگىنىڭلارنى ئاسانلا بىلىمەن، — دەپتۇ.

— قانداق قىلىپ بىلىسەن؟ — دەپتۇ توگە.

— تىلىڭنى چىقىرىسەن، مەن پۇراپ باقىمەن، — دەپتۇ

بورە، تۆگە بىلەن ئىشەك بۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كۈچى يەتمەي، تىللىرىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئوت يېيەلمەس قىلىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ يەمەكچى بولغانلىغىنى پەملەپتۇ. تۆگە ئىشەككە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— ماقۇل، يۇراپ باق، — دەپ تىلىنى چىقىرىپتۇ. بورە تۆگىگە يېقىن كېلىشىگە تۆگە كۆكرىگى بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتىكى، بورىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، موللاق ئېتىپ يىقىلىپتۇ. بورە ئۆزىنى ئوڭلاپ ئورنىدىن تۇرغىچە ئىشەك كېلىپ، بىقىنلىرىغا كېلىشتۇرۇپ نەچچىنى تېپىپتىكەن، بورە تىنىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە تاققا قاراپ قېچىپتۇ.

ئىشەك بورىنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭراپ مۇنداق دەپتۇ:

"يەر ئىگىسى" نى كۆرۈڭ ئۆلۈك ياتقىنىنى،
"گۇۋاچىسى" نى كۆرۈڭ قورقۇپ قاچقىنىنى.
بۇ كۈرگىنىڭدىن ساۋاق ئالمساڭ،
باشلاپ كەل يەنە بورىنىڭ باشقىسىنى.

# موللا زەيدىن گەپچى

## مەخمۇت زەيدى

موللا زەيدىن 1815 - يىلى لۈكچۈندىكى باغرا يېزىسىدا نامرات دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئاتاقلىق قوغۇنچى ئىدى، موللا زەيدىن ئالتە يېشىدىلا مەھەللى - خۇسۇسى مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت - ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 11 يېشىدا مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىپ 17 ياشقىچە پۈتۈن قارى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى ياخشى بولغاچقا، بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىدىن كۆپ ئىلگىرىلەپ، ئەرەپچە كىتاپ، قۇرئانلارغا مەنا ئېيتالايدىغان بولغان. ئۇ 17 يېشىغىچە كافىيىدىن باشلاپ، شەرھى موللاغىچە ئوقۇغان، شۇنداقلا ناۋايى، سوپى ئاللايار، خوجە ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ مۇناجات، قەسىدە كىتاپلىرىنى؛ قول خوجائەخمەت، شامەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ "موللا زەيدىن" دەپ نام ئالغان.

موللا زەيدىن دەسلەپتە زالىم قازىلاردىن تارتىپ خۇراپىي بۈۋىلەرگىچە ئۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپلىكلىرىنى سۆككەن، پاش قىلغان.

مۇشۇ توغرىدىن يۇرتىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، زاھىر قازاجى تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم جازاغا تارتىلغان، قازى ئۇنىڭ گەپچىلىك قىلىشىنى، قوشاق-نەزمە يېزىشىنى چەكلىگەن ئىكەن.

مولla زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان قوشاقلار — بېيىت-نەزمىلەر، ساتىرا-شاڭخو پاراڭلار مەھەللىدىن-مەھەللىگە، يۇرتتىن-يۇرتقا تارقاپ كېڭەيگەن. مولla زەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئىخچاملىغى، ئېيتىشقا ۋە ئەستە قالدۇرۇشقا ئوڭايلىغى، قىزىقارلىقلىغى، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا ئومۇمىي يۈزلۈك تارقىلىشىغا سەۋەپ بولغان. مولla زەيدىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، تىل-قائىدىلىرىنى ئۆز لەتىپىلىرىگە سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ تېمىلىرى ھەر تەرەپلىمە، چوڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ «بايىنىڭ كوز ئاغرىغى»، «سۇتچى»، «قازىخانىدىكى سوراق» ۋە «ئولۇم» قاتارلىق لەتىپىلىرىدە ئاچچىق ھەجۋى، چوڭقۇر مەسخىرە، ئۆتكۈر كۈلكە بار. ئۇ ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنى ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى پاش قىلغان، جەمئىيەتتىكى زالىملىق، ئادالەتسىزلىك، پارىخورلۇق، چېقىمچىلىق ئوخشاش ئەھۋاللاردىن نەپرەتلەنگەن، شۇڭا مولla زەيدىننىڭ لەتىپىلىرى خەلقنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغان. جامائەتچىلىك لۈكچۈندىكى ئەپرىدۇن ۋاڭنىڭ شۇنداق بىرەر پاراڭچى ئىزلەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە، يەنى ۋاڭنىڭ گەپچىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

مولla زەيدىننىڭ ۋاڭنىڭ ۋە ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان ۋاقتى ئۇنىڭ 20 ياشلارغا كىرگەن چېغى ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا جەمئىيەتتىكى بولۇۋاتقان تەڭسىزلىكلەرگە



www.uyghurkitap.com

قارىتا غەزەپ - نەپرىتىنى بوشاشتۇرماي، تۇرلۇك قىزىقچىلىق گەپ-سۆز ھەم قوشاقلىرى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. موللا زەيدىن مۇشۇنداق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ، ۋاڭ ئوردىسىدىن 8 قېتىم قوغلىنىپ، 9 - قېتىم يەنە چاقىرتىۋېلىنغان. ۋاڭ موللا زەيدىنگە "شىرىن دۈشمىنىم" دەپ ناممۇ بېرىپتىكەن.

ئەپرىدۇن ۋاڭ بېيجىڭغا بارغاندىمۇ، كېيىن مەنسۇر ئوسۇپ، قەشقەرگە ۋاڭ بولۇپ بارغاندىمۇ، موللا زەيدىننى ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرگەن. شۇ تۈپەيلىدىن موللا زەيدىنگە ئۆز سۆيگۈنى بىلەن بالدۇرراق توي قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغان. ئۇ پەقەت 30 ياشقا كىرگەندىلا ئالمىخان بىلەن توي قىلغان. توي قىلماستىن بۇرۇن:

ئالمىخاننىڭ بېغى بار،
گۈل تۈۋىدە چېكى① بار.
ئالمىخانغا سەپ سېلىڭلار
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.

دىگەندەك قوشاقلار موللا زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان. ئۇنىڭ ئالمىخان ھەققىدە توقىغان نۇرغۇن قوشاقلىرى بار.

ۋاڭ موللا زەيدىن بىلەن قەشقەردە 9 يىل بىللە بولغان. ئۇ ۋاڭنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتى ھەققىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. 1860 - يىللىرى ئىستىپا سوراپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

---

① چاك — تۇرپاندا "كات" نى شۇنداق دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

موللا زەيدىن 1880 ـ يىللىرى (ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاز ئىلگىرى) ئۆز قەۋرىسىنى لۈكچۈن شەھەر شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى ئاچا يولغا چاپتۇرۇپ، گۈمبەز ياساتتىپ، ئىشىك بېشىغا بىر تاختا بېكىتىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە مىسرا ھەجۋى نەزمە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ خەلقنىڭ روھىي بايلىقى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## موللا زەيدىن موللىدا

موللا زەيدىن كىچىك ۋاقتىدا مەدرىسە ھويلىسىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن چاخچاق قىلىشىپ تۇرغاندا، خەلپەت كېلىپ ناماز ئوتەشكە قوغلاپتۇ. بالىلار خەلپەتنىڭ گېپىگە سوغاق مۇناسىۋەتتە بولغان ئىكەن، كېلىپ كالا شىرىسىدە ياسالغان دەرە (پالاق) بىلەن بالىلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، ھەممىسىنى ھەيدەپ تارقىتىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى پالاق ياش موللا زەيدىنگىمۇ تېگىپتۇ. بۇنداق ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلىغان موللىسى ئۆيدىن چىقىپ:

يىغلىماڭلار بالىلىرىم، پالاق تەككەن يەردىن قىيامەت كۈنى گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ دەپتۇ. موللا زەيدىن تۇرگۇن ھالەتتە سوزلەپتۇ: ”گۈل ئۈنىدىغان ئىش بولسا، خەلپىتىمنى بىزمۇ ئۇرۇپ قويايلى، قىيامەت بولغاندا خەلپىتىم گۈلسىز خەلپەت بولۇپ قالمىسۇن.“ دەپتۇ. شۇ چاغدا قارى موللام بالىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ: ”ئۇنداق قىلماڭلار، مەن سىلەر خالىغان باشقا بىرسىنى خەلپەتلىككە بەلگىلەپ بېرەي“ دەپ تىنچىتىۋاپتۇ.

## پەيشەنبىلىك

موللا زەيدىنىڭ موللىسى ئوقۇغۇچىلىرىدىن ياخشىراق پەيشەنبىلىك ئېلىش كويىدا بالىلارغا مۇنداق قاپىيىلىك جۈملە-لەرنى ئۈگىتىدىكەن:

ئېلىپقا لام - ئېلىپنى قوشسا ئاللا بولۇر،
ئۇستازىدىن دۇئا ئالسا موللا بولۇر.

شاگىرتلار ئۈگەنگەنلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا دەپ بېرىدىكەن، ئاتا - ئانىلار موللامنىڭ تاماگەر مىجەزىنى پەملەپ، پەرزەنتلىرىگە پۇل ياكى نان، پوشكال ۋە بەزىلىرى يەل - يېمىش، ئوتۇن - كومۇر قاتارلىق نەرسىلەرنى پەيشەنبىلىككە ئاتاپ بېرىدىكەن.

پەيشەنبىلىك ئەكەلمىگەنلەرنى باي بالىلىرى "تىكا - تىكا - ياڭ، ئۈزۈم پىشىياڭ......" قىلىپ، چىقىرتىپ يىغلىتىپ ئوينايدىكەن. موللا زەيدىنمۇ شۇنداق ئازاپلىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگىنى ئۈچۈن يۇقۇرىدا ئۈگەنگەنلىرىگە قارىتا مۇنداق ئىككى قۇر جۈملىنى قوشۇپ خەلپىتىگە بېرىپتۇ:

باي بالىلىرىدىن ئالسا ئوبدان، هالال بولۇر،
نامراتلاردىن ئالسا بەكمۇ ئۇگال① بولۇر.

## سوراققا تارتىلىش

موللا زەيدىن مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەندە تاماكا چېكىپتۇ،

① تۇرپان سوزىدە "ئۇۋال" سوزى شۇنداق ئېيتىلىدۇ.

Altun0q

www.uyghurkitap.com

بۇنى بىلىپ قالغان خەلپىتى گۈنى قازىخانىغا چىقىپتۇ. موللا زەيدىنىنى قازى چاقىرتىپ سوراققا تارتىپتۇ:

— سەن هارام نەرسىلەرنى ئاغزىڭغا ئاپسەنغۇ؟

— خوش، قازاخۇنۇم، مېنىڭ ئاغزىمغا ئالغىنىم هارام ئەمەس، مەكرۇغۇ!

— هارام بولسۇن، مەكرۇ بولسۇن نەھى ئىش، گۇنا بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

— ئىمىلا بولسا يەۋېتىپ، ئارقىدىن "ئىستىغبار" ئوقۇۋەتسەكلا گۇنايىمىزدىن ساقىت بولۇپ، دوزاق ئازاۋى كۆرمىگۈدەكمىزغۇ؟ مۇپتاخۇنۇمنىڭ بىزگە نورۇز كۈنى ئېيتىپ بەرگەن پەتىۋاسى شۇ!

بۇ پەتىۋاغا گۇۋا بولغۇچىلار كۆپ بولغانلىقتىن قازى سوراقنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىپتۇ.

## خۇپتەنگە چىقماسلىق

مۇدەررىس ئاخۇنۇم دەرستىن كېيىن: "بۇ ئاي سەپەر ئاي، بۇ ئايدا ئاللاتائالا ھەممە ئىنسى جىن-ئالۋاستىلارنى يەر-يۈزىگە قويۇپ بېرىدۇ. ئۇن سەككىز مىڭ خىل بالا-قازانى ئەۋەتىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مۇنداق بالا-قازاغا ئۇچراپ كەتمەڭلار، دەپ ۋەز-نەسىھەت قىلىپتۇ.

موللا زەيدىن بىرقانچە كۈن خۇپتەن نامىزىغا چىقماپتۇ، بۇ هال بىلىنىپ قاپتۇ. بىر كەچلىگى ئاخۇن تالىپلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، موللا زەيدىنىنى چاقىرتىپتۇ. ئۇنىڭدىن:

— نىمىشقا خۇپتەن نامىزىغا چىقمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
موللا زەيدىن تۇرگۇن ھالەتتە تۇرۇپ مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:
— ئاخشام بولسىلا تالادا بالا - قازا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن.
ئاخۇنۇمنىڭ ۋەز - نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتقانلىقىمدىن، شامدىن كېيىنلا تالاغا چىقمايدىغان بولۇپ قالغانمەن.

## نەزىر - چىراق

ئاخۇنۇم ئاسماندا يېڭى ئاي كۆرۈنگەندە، سىپەر ئاي چىقىپ كېتىپ، مەۋلۇت ئاينىڭ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
مەۋلۇت ئاي پەيغەمبىرىمىزنىڭ روھىدىن شاپائەت تىلەپ، نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىدىغان ئاي ئىكەنلىكىنى جاكالاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان موللا زەيدىن دوستىغا:

قۇشقاچ دىگەن جانىگەر①،
دان بار يەردە توختايدۇ.
موللىلارنىڭ سوزلىرى،
پۇل ئۇستىدە توختايدۇ.

دەپ بىر كۇبلېت قوشاق ئېيتىپتۇ.
موللا زەيدىننىڭ دوستى ئۇنىڭ "پېتىر ناندىن قىل ئالماق، موللا ئادەمدىن پۇل ئالماق" دىگەندەك سوزلىرىنى ئەسلەپ، ئاچكوز موللىلارغا قارىتا ئېيتقان بۇ قوشىقىدىن تەسىرلىنىپ:
— ئاۋال چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۇڭگۇز ئوتۇپ كېتىپتۇ، دىگەن شۇدە، دەپتۇ.

① جانىگەر — جانىۋار، تۇرپاندىكى بىر خىل ۋارىيانت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى ئادرېسى

موللا زەيدىن ئۆز دوستىغا يەنە:

— ھەر ئايدا بىر خىل نەزىر جاكالايدىكەن، ئۆزلىرى يىلدا بىر نەزىر قىلمايدىكەن. يەنە، نەزىر-سەدىقە گۆنانى يۇيىدىغان سوپۇن دەيدىكەن. بۇنىڭدا نەزىرنىڭ تائامى گۆنانىڭ يۇندىسى بولۇپ قالامدۇ؟ نەزىرگە ئادەتلىنىپ قالغان ئاخۇنلار يۇندىخورلار بولۇپ قالامدۇ؟ — دەپتۇ.

## موللا زەيدىننىڭ يەنە سوراققا تارتىلىشى

موللا زەيدىن خۇراپى ئۆرپ-ئادەتلەرگە قارىتا نۇرغۇن قاپىيىلىك گەپ-سۆزلەرنى، بېيىت-قوشاقلارنى چىقارغانىدىن كېيىن، كونىلىق تەرەپدارلىرىدىن بولغان مۇتەئەسسىپلەر قازىخانىغا موللا زەيدىننى چېقىپتۇ.

بىر كۈنى قازى موللا زەيدىننى چاقىرتىپ كېلىپ قازىخانىدا سوراققا تارتىپتۇ:

— سەن كۇپرى سۆز-نەزمە-بېيىتلەرنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟

موللا زەيدىن: كۇپرى سۆزلەر چىقادۇر

كۇفرى ئادەمدىن.
ھەق سۆزلەر چىقادۇر
توغرا ئادەمدىن.

قازى: سېنىڭ بۇ ئېيتقان ھەم يازغانلىرىڭ كۇپرى تۇ-

رۇپتىغۇ! سەن كاپىرمۇ، نىمە؟

موللا زەيدىن: موللىنى كاپىر دىمىسىلە

مولا كاپىردىن يامان.
موللىنى كاپىر دىگەنلەر،
ھەممە كاپىردىن يامان.

قازى: ئۇلىمالارنىڭ ھەممىسىگە لەقەم قويۇشۇڭغا بائىسى نىمە؟

مولا زەيدىن: موللىلارنىڭ ئىشىدىن،

بايقاپ قىرى - يىشىدىن.
لەقەم چۈشەر قىلمىشىغا
ئۆتكۈزدىلەر بىشىدىن.

قازى: ھەي، خوتۇن تالاق، سەن نىمانچە قوشاقچى بولۇپ كەتتىڭ!؟

مولا زەيدىن: چىكىلىدىغان چوجەكىنىڭ

تۇخۇمى پالاق بولۇرمۇ؟
ئۇيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
خوتۇنى تالاق بولۇرمۇ؟
............................

ھەر بىر جاۋاپتىن كىيىن چوڭ - كىچىك موللىلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز كۈلۈپ تۇرغانلىقتىن، قازى بىر ئىززى ئاچچىغلىنىپ، ئاخىر ئۇمۇ كۈلۈپ تاشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قازى: سىنى بىز سوراق قىلىمىزمۇ، سەن بىزنى سوراق قىلامسەن؟ قايسى ھەق؟

موللا زەيدىن: ھەق - ناھەقنىڭ مۇساپىسى

كوز بىلەن قۇلاق ئارىسى.

كورمەي تۇرۇپ راست دىگەن،

ھاماقەتنىڭ چاي خالتىسى......

قازى: ئۇلىمالارنى تەسقىر قىلىپ قويغان لەقەملەرگە دەلىل - ئىسپات كورستىپ بىرەلەمسەن؟

موللا زەيدىن: دەلىل - ئىسپات تەييادۇر،

ئاسماندىن چۈشەر لەقەم.

مەرتلىك بىلەن چىددىسىلا،

ماڭا سالماي دەرت - ئەلەم.

قازى بۇنىڭ گەپچىلىگىنى ئاڭلىغۇسى كىلىپ، تاكى سوزى توگىگىچە شۇك تۇرۇشقا كىپىللىك قىپتۇ. شۇنىڭدىن كىيىن موللا زەيدىنمۇ قازىخانىغا بۇ تاماشانى كور - گىلى كەلگەن خەلققە قاراپ، مەغرۇرانە قىياپەت بىلەن مۇنداق مۇخەممەسلەرنى ئوقۇپتۇ:

مەدرىسىگە تەئەللۇق كوردۇم ۋەخپە بارلىغىن،

ئاخۇنۇملار تالاشىدۇر، كوردۇم ئىچى تارلىغىن،

ئەمما ئاخۇن هاكاۋۇر تۇتماس خۇدا يارلىغىن،

مۇپتى پەتىۋا ھەققى يەپ بىلمەس كوڭلى قارىلىغىن،

قارام، پىقىسىق نەپسىكەشلەر، كەلمەس ئاخىر زامانە.

AltunOq

قارى يادار① قۇرئاننى مەنىسىدىن بىخەۋەر،
خاتىپ ئوقۇر خۇتبىنى، ئۇلۇغ شاھنى مەدھىيىلەر،
موللا كۆپ، نەممام تولا قىلىپ بىر - بىر ھىلىلەر،
مۇرات - مەقسەت بۇلارنىڭ ئوز نەپسىنى شەرھىلەر،
پىتنە - پاسات، غەيۋەتلەر بولماس ئاخىر زامانە.

قىرىق تاشنى توققۇز تىزىپ كاھىن ئېيتۇر يالغاننى،
ساھىر ئالۇر جۇدە قىلدىم دەپ پال②دىن ئېشىپ قالغاننى،
ھوكما سۇپەت پىرىخون كېلىپ، كوردۇم داپنى چالغاننى،
ئاغزىدا لاپ، قولىدا داپ، بىلمەس قولى تالغاننى،
سېھىرگەرلىك، ئالدامچىلىق ئاقماس ئاخىر زامانە.

ئىشان ماڭۇر ئايلىدا③، تۇزەپ ساقال - بۇرۇتنى،
سوپىلار ماڭۇر پادا ياڭلىغ ئەگەشتۇرۇپ مۇرۇتنى،
غايىپ رىزقى تاماسىدا شەيىخلەر ئوقۇر دۇرۇتنى،
مەخسۇم نامىنى بۇلغاپ، كولار مەقەت قۇرۇتنى،
سالىھ سۇپەت، ھايۋان سۇرەت كەلمەس ئاخىر زامانە.

قۇشقاچ ئارا قۇرغۇي كەبى كەلسە خەلپەت موللىغا،
نەمرۇت ھەم شەددات كەبى ئالسا دەررە قولىغا،
قىيامەتتە گۇل ئۇنەرگە زەربە قىلۇر بالىغا،
ئاخۇنۇملار سۇكۇت قىلدى زالىملارنىڭ يولىغا،

---

① يادار — ياتلار دىگەن سوزنىڭ تۇرپانچە بىر خىل ئېيتىلىشى.
② پال — رەمال.
③ ئايلىدا — ئالدىدا دىگەن سوزنىڭ تۇرپانچە بىر خىل ۋاريانتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇنداق باغرو ـ كوڭلى قارا، كەلمەس ئاخىر زامانە.

..........................................................

موللا زەيدىن مۇشۇنداق نەزمىلەردىن خېلى كوپ ئوقۇپتۇ. ھەممەيلەن شۇك تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ. ئاخىردا ئۇ كوپچىلىككە سالام بېرىپ، ”تەتىل قىلىش“ قاتارلىق مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىغا دائىر يازغان شېئىرلىرىمۇ بارلىقىنى جاكالاپتۇ.

موللا زەيدىننى خەلق ئاممىسى ھورمەتلەپ قۇچاقلىشىۋاپتۇ. قازى، ئەلەم مۇپتى ...... لار خەلقنىڭ موللا زەيدىننى مۇنداق ھىمايە قىلغانلىقىدىن جازا بېرىشكە ئامالسىز قاپتۇ. پەقەت ”موشرىك“ ”جىددىت“ دەپ نام بېرىپتۇ.

## جازا

موللا زەيدىننىڭ ئەل ئىچىدىكى ياپتا گەپلىرى، شاڭخولىرى ۋاڭلارنىڭ ئار ـ نومۇس، ئابرويىنى توكۇشكە بېرىپ تاقىلىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ بىر كۇنى موللا زەيدىننى ئالدىغا چاقىرىپ قاتتىق ھاقارەتلەپتۇ. ئاندىن ئۇنى قەھرىدىن سوغاقتا ئوردىنىڭ ئەڭ يۇقۇرقى پەشتىقى ئۇستىدە يالاڭ ئەڭلى بىلەن تۇرغۇزۇپ جازالىماقچى بوپتۇ.

موللا زەيدىن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يېرىم تولۇقچە تاشنى كوتىرىپ چىقىپ، كىچىچە ئۇنى راۋاق ئۇستىدە قۇچاقلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ تەرلەپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ۋاڭ ئوزىنىڭ كارىغا: ”ھىلىقى نائەھلى

موللا زەيدىنگە سوغاق تۇتۇپ، ئەقلىگە كەلدىمۇ ـ يوق، قاراپباق" دەپ تاپشۇرۇپتۇ. ۋاڭنىڭ كارى راۋاقتىن يېنىپ چۈشۈپ:

— ۋاڭ بېگىم، مېللازەيدىن مۇزلاشنىڭ ئورنىغا قاتتىق تەرلەپ تۇرۇپتۇ"—دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن ۋاڭ، موللا زەيدىننى ئالدىغا چاقىرىپ، بۇنىڭ سىرىنى سوراپتۇ، موللا زەيدىن:

— تەقسىر، مەن راۋاقتا تۇرۇپ، جانابى ئالىلىرىنىڭ ماڭا بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنىڭ تەپتىدە تەرلەپ تۇرۇپتىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ سوزدىن مەغرۇرلانغان ۋاڭ خوشاللىغىدا:

— مەن سېنىڭكىگە بېرىپ، مېھمان بولىمەن، — دەپتۇ.

ۋاڭ موللا زەيدىننىڭ ئويىگە كەپتۇ. موللا زەيدىن ۋاڭنى ئوي ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇپ چوگۈننى دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئېسىپتۇ، ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن ئوت قالىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىر بىتاقەت بولغان ۋاڭ بۇ ئىشتىن ئەجەپلىنىپ:

— ھەي، ئەخمەق موللا زەيدىن، مۇنداقتا بۇ چوگۈن قانداق قاينايدۇ؟ — دەپ زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپتۇ. موللا زەيدىن ۋاڭنىڭ كۈلكىسىگە جاۋاۋەن:

— سىلىنىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىرىنىڭ تەپتىدە مەن 100 گەز ئېگىزلىكتىكى راۋاقتا تەرلەپ كەتكىنىمگە ئىشەنسىدىلا يۇ — بۇ چوگۈن بىلەن ئۇتىنىڭ ئارىسى ئون گەز كەلمەيدۇ، ئەجەبا، بۇنىڭ قايىنىشىغا قانداق ئىشەنمەيدىلا! — دەپ جاۋاپ بەردى.

## ئاي بىلەن كۈننىڭ موكۇۋىلىشى

بىر كۈنى ۋاڭ ئۇشتۇمتۇت موللا زەيدىندىن سوراپتۇ:

— ئاي بىلەن كۈن نىمە ئۇچۈن بۇلۇتىنىڭ ئارقىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

موكۇۋالىدۇ؟
مولla زەيدىن ئۇنىڭغا:
"ئاخشىمى جاپاكەشلەرنىڭ قوسىغى ئاچ، نانغا زار، پەريات چەككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، تەڭسىزلىككە چىدىماي بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ، كۈندۈزى بولسا قوياش نامراتلارنىڭ ئېتىز - ئېرىقلاردا ئىشلەپ، ئۇسساپ گېلى قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا رەھمى كېلىپ، ئۇمۇ بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالىدۇ، ئاي بىلەن كۈننىڭ دائىم بۇلۇتنىڭ كەينىگە موكۇۋېلىشىنىڭ سىرى شۇ يەردە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئوتتۇن تېرىش

مولla زەيدىننىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، بىر موللىنىڭ مەكتىۋىگە كىرىپ، شۇنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ. ئەمما بۇ مەكتەپنىڭ موللىسى مولla زەيدىننى تىنماي ئىشلىتىپ بىرئازمۇ بىكار قويمايدىكەن.
بىر كۈنى مولla زەيدىننى ئوتتۇن ئېپكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مولla زەيدىن ئوتتۇنغا بېرىش ئالدىدا مولla قايتا - قايتا جېكىلەپ:
— سەن هارۋىنىڭ ئارقا - ئالدىنى بوش قويماي ئوتتۇن بىلەن تولدۇرۇپ كەلگىن، — دەپتۇ.
مولla زەيدىن غىلىڭ - پىلىڭ قىلماي هارۋىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمما قايتىپ كېلەردە مولla قارىغۇدەك بولسا هارۋىنىڭ ئوتتۇرىسى قۇرۇق، پەقەت ئالدى، كەينىدە بىر باغلامدىن ئوتتۇن تېڭىقلىق تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن موللىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ،

— ھەي...... كىم سېنى ھارۋىنى قۇرۇق ئېپكەل، دىدى، — دەپتۇ. موللا زەيدىن ھارۋىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئوتۇننى كورسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن ماڭا ھارۋىنىڭ ئالدى - كەينىنى تولدۇرۇپ كەلگىن دىگەن ئەمەسمىدىڭ؟ بۇنىڭ ئوزى سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك ئەمەسمىكەن؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. موللا بىردەم تۇرۇپ كېتىپ جاۋاپ بېرىدىغان گەپ تاپالماي ئاچچىغى كەلگەنلىگىدىن كىرپىدەك تۇگۇلۇپ ئويىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

## باينىڭ كوز ئاغرىغى

بىر باينىڭ كوزى ئاغرىپ قېلىپ يىراق - يېقىندىكى دوختۇرلارنى چاقىرتىپ كوزىنى داۋالىتىپتۇ. لېكىن ھىچبىر ئۇنۇم بولماپتۇ. ئاخىرى موللا زەيدىننى چاقىرتىپ داۋالىنىشقا مۇھتاج بوپتۇ. موللا زەيدىنمۇ يېتىپ كەپتۇ.

موللا زەيدىن: سىزنىڭ كوزىڭىزنى ساقايتىشقا بولامدۇ؟ ياكى بولمامدۇ؟ بۇنى مەن خىزىردىن سوراپ باقاي دەپلا مېچىتكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، بايغا مۇنداق دەپتۇ:

— خىزىر سىزگە يەتكۇزۇپ قويۇشنى ئېيتتى — خىزىر ئەسلىدە كوزىڭىزگە زىيان سالماقچى ئەمەسكەندۇق، ئەمما نۇر - غۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئەرزىچە سىز دائىم كىشىلەرگە ئىككى خىل كوز بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز. خىزىر ئامالسىز سىزنىڭ بىر كوزىڭىزنى كورمەس قىلىپ ئاغرىتىپ قويۇپتۇ. شۇڭا مېنىڭچە سىز بۇندىن كېيىن كىشىلەرگە بىر خىل كوز بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئىمام

لەمجىندىكى① بىر مېچىتنىڭ جامائىتى زادىلا ئىمام ياراتمايتتۇ. بىرسىنى "ئاۋازى ياخشى ئەمەسكەن" دېسە، بىرسىنى "قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىكەن" دېيىشىپ ئاخىرى باغرىدىكى② مەدرىسىدىن بىر تالىپنى ئىمامەتچىلىك قىلىشقا ئېپچىقىپتۇ. ئۇ بىر سۈرىنىمۇ تولۇق بىلمەيدىغان تالىپ ئىكەن. ئىمامەتچىلىك قىلغان بىرىنچى نامىزىدىلا رۇكۇغا ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىدا: "ۋەتتىنى ۋەز زەيتۇنى ۋە تۇرى سىنىنى..." دەپ سۈرىنىڭ ئايىغىنى تاپالماي توختاپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئارقا قاتاردا تۇرغان موللا زەيدىن:

— يېڭى ئىماملار شۇنداق بولسا، ئاۋالقى ئىماملارنى ھېچنېمە دېمەيلى... دەپ لوقما ساپتۇ.

## ئىمامنى ئوغرى ئېپكېتىپتۇ

بىر نامازدا رۇكۇغا ئولتۇرۇۋاتقاندا ئىشتانبېغى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئىمام جامائەتكە چاندۇرماي غىپلا قىلىپ تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. جامائەت سەجدىدە خېلى ئۇزاق تۇرۇپتۇ.

لېكىن ئىمامدىن خەۋەر يوق، ئاخىرى تاقەت قىلالمىغان موللا زەيدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھرابقا قاراپ ۋاقىراپتۇ:

— جامائەت، ئىمامنى ئوغرى ئېپكېتىپتۇ!

---

① لەمجىن — پىچانغا قاراشلىق بىر يېزا.

② باغرى — تۇرپانغا قاراشلىق يېزا.

## گەپ ئۇينىتىش

— بىر كۈنى ۋاقى ئەترابىدىكىلەر بىلەن ئۇ ئىشلىرى ھەققىدە گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ مولla زەيدىنىدىن:

— قانچۇق ئوغا يارامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مولla زەيدىن:

— قانچۇق بېگىم، ئوغا يارايدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## زىياپەتتە

بىر كۈنى ۋاقىنىڭ ئوردىسىدا زىياپەت بوپتۇ. تاماقتىن كېيىن مولla زەيدىنىنىڭ مەڭزىگە بىر تال گۈرۈچ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ۋاقى ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ:

— ھە مولla زەيدىن ئاخۇن، ئىدىرغا كىمىك چىقىپۇ، — دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سوزنى تاپقانلىقىغا مەسلىگى كېلىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن بۇرنىنىڭ پوتلىسى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇنىڭغا سەپ سالغان مولla زەيدىن:

— ھە ۋاقى بېگىم، كامادىن ئېيىق چىقىپتۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## بىر ساپ يانتاق

بىر كۈنى ۋاقى مولla زەيدىننى چاقىرىپ:

— جاڭگالغا بېرىپ سورتىپ بىر ھارۋا يانتاق ئېلىپ

كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. موللا زەيدىن بىر هارۋىغا تۆت ئات قوشۇپ، بىرنەچچە يۈز غۇلاچ ئاغامچا ئېلىپ جاڭگالغا بېرىپتۇ ۋە بىر ساپ يانتاقنى ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا باغلاپ يەنە بىر ئۇچىنى هارۋىغا باغلاپ ئۆردىغا كەپتۇ. ئۆردىنىڭ ئىچىدە هار-ۋىنى راسا پېقىراتقىلى تۇرۇپتۇ، ۋاڭ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، يانتاق قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

موللا زەيدىن:

— سورىتىپ يانتاق ئېلىپ كەل دېۋىدىلە، يانتاق شەهەر-نىڭ تېشىدا سورىلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئاتلارنى قامچىلاپ هارۋىنى پېقىرىتىۋېرىپتۇ، بىر هازادىن كېيىن بىر ساپ يانتاق سورىلىپ دەرۋازا ئىچىگە كىرىپتۇ.

## قەرز تۆلەش

موللا زەيدىننىڭ دادىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇنى كومىگىلى ئېپچىقىپ، كېتىپ بارغاندا شۇ مەلىدىكى بىر جازانىخور:

— مېنىڭ 2 دادەن بۇغدىيىم بار ئىدى، شۇنى تۆلۈۋەتسۇن، بولمىسا قىيامەت قەرز بولۇپ قالىدۇ، — دەپ جىنازىنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. موللا زەيدىن جىنازە كەينىدىن كېتىۋاتقانلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن:

— دادامنىڭ قەرزىنى مەن تۆلەيمەن، — دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن جازانىخور جىنازىنى قويۇۋېتىپتۇ.

موللا زەيدىن ئىككى يىل 9 كۈردىن بۇغداينى تۆلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ توي قىلىشىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈۋېرىپتۇ. ئۇ بىر قىشلىقى ئوبدان ئوقەت قىلىپ خېلىلا جىق تەڭگە

تېپىپتۇ. بۇنى كورگەن جازانىخور قەرزدىنى تۇتۇپتۇ.
— مانا، قالغان ئىككى كۇرە بۇغدايلىرىڭنىڭ پۇلى، — دەپ
3 سەر تەڭگە بېرىپتىكەن، جازانىخور:
— ياق، سېنىڭدە مېنىڭ 2 دادەن بۇغدىيىم بار، ھەر بىر دادەن بۇغداي ھەر يىلى بىر ھەسسە كوپىيىدۇ. ئىككى يىلدىن بېرى مېنىڭ 2 دادەن بۇغدىيىم 4 دادەن بولاتتى. سېنىڭ بەرگىنىڭ 18 كۇرە، مەن تېخى 2 كۇرە بۇغداينى كېچەرىم قىلىشۋېتىپ 2 دادەن بۇغدىيىم بار دەۋاتىمەن، — دەپتۇ. موللا زەيدىن:
— بىر دادەن بۇغداينىڭ پۇلىنى بېرەي، تۇگىشەيلۇق، — دىسىمۇ ئۇنۇماپتۇ.
— ئۇنداق بولسا يۇر، مەن ساڭا 2 دادەن بۇغداي تېپىپ بېرەي، — دەپتۇ موللا زەيدىن. جازانىخور بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر چولگە چىقىپتۇ. موللا زەيدىن ھارۋىدىن چۇشۇپ ئۇ ئىدىرغا، بۇ ئىدىرغا چېپىپتۇ. جازانىخور يىراقتىن ۋاقىراپتۇ:
— ھاي، موللا زەيدىن، بېرىدىغان بۇغدىيىڭ نەدە؟
— ئالدىرىمىسىلا، ھازىر، — موللا زەيدىن بىر دوڭگە چىقىپ ئۇنى چاقىرىپتۇ، جازانىخور يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:
— مۇنۇ تۇزلەڭلىكنى كورۇۋاتامىلا؟ — دەپ سوراپتۇ، موللا زەيدىن.
— كورۇۋاتىمەن.
— بەللى، سىلى مېنىڭ توي قىلىشقا يىغىپ قويغان بۇغدايلىرىمنى ساپ قەرزگە دەپ ئېلىۋالدىلا، ئەگەر مەن توي قىلىپ ئوتتۇرا قولدەك 4 ئوغۇل تاپقان بولسام، ئوغۇللىرىم

ئەسقاتقىدەك بولغاندا مۇشۇ يەرنىڭ كۈنچىقىشىغا كارىزچا پاتتىم، كارىزدىن لەپپىدە سۇ چىقسا، كۈنپېتىش تەرىپىگە بۇغداي تېرىيتتىم. بۇغدايلار راسا ئوخشاپ كەتسە، 2 دادەن بۇغدايلىرىنى بېرىۋېتەتتىم، — دەپتۇ موللا زەيدىن. جازانىخور پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— قەرزىمنى نەق ئۈندۈرۈۋالىدىغان بولدۇم، دەپ خوشال بولۇۋاتىلا ـ ھە؟ — دەپتۇ موللا زەيدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
Altun0q

# ئاتا ۋەسىيىتى

(چۆچەك)

بۇرۇن بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئادىللىق بىلەن شەھەر سورايدىكەن، لېكىن، پادىشانىڭ ئالقىش دېگەن بىر زالىم ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ پادىشاغا خوشامەت قىلىدىغان، خەلققە ھەددى-ھېساپسىز زۇلۇم سالىدىغان زالىم بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئەل-يۇرتنى جاھالەتتە قالدۇرۇپتۇ. بۇ يۇرتتىكى ئىلمىي-ھېكمەت، مەرىپەتدارلارنىڭ ئالقىش ۋەزىرگە غەزەپ-نەپ-رىتى قوزغىلىپتۇ، لېكىن ئالقىشنىڭ باستۇرۇشىدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالماپتۇ. بۇ يۇرتتا خوجا بەختى دېگەن بىر ئىلمىي ھېكمەتلىك كىشى بار ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىلمىنى كېيىنكى ئەۋ-لادلارغا قالدۇرۇپ، زالىم-قانخورلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويى-لايدىكەن. بىراق، كىشىلەرنى ئوقۇتۇپ ئىلىم-بىلىملىك قىلىشقا زالىم ۋەزىر يول قويمايدىكەن. خوجا بەختىنى ئۆز پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقى تېخىمۇ ئازاپلايدىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ زالىم ۋەزىر خوجا بەختىنىڭ ئىز باسار يېتىشتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ

www.uyghurkitap.com

بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئازاپ ۋە زۇلۇم كۆچەيگەنسېرى ئالقىشقا بولغان قارشىلىق شۇنچە كۈچىيىپ كېتىپتۇ. خوجا بەختى ھەر دائىم بىر پەرزەنتىم بولسا، ئۆزەمنىڭ بىلىملىرىمنى ئۆگىتىپ ئالقىشتىن ئىنتىقام ئېلىشنى ۋەسىيەت قىلسام دەيدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ خوجا بەختىنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. خوجا بەختى بەك خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا: "خوتۇن، يۇرتىمىزدا ئالقىش دېگەن زالىمنىڭ زۇلمىدىن مەك- تەپلەر تاقىلىپ، ئىلىم-بىلىمنىڭ چىرىغى ئۆچتى. ئۆمرۈمنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. قوساقتىكى بالا خا ئوغۇل، خا قىز بولسۇن يەتتە ياشقا كىرگەن ھامان مېنىڭ سودى- گەر دوستۇمغا تاپىلاپ چەتئەلگە ئەۋەتىپ ئوقۇتقىن. ئىلىم- ھېكمەتلىك ئادەم بولۇپ كېلىپ ئالقىش ۋەزىردىن ئىنتىقام ئالسا، مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى" دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇ شۇندىن كېيىن يەنە ئالقىشنىڭ زۇلمىدىن ئازاپ چېكى- ۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، جەمىيەتتە بولۇۋاتقان، بولۇپ ئۆتكەن ۋە بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ بىر كىتاب يېزىپ چىقىپتۇ-دە، ئۆيىنىڭ تورۇسىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى ئايالى كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دورا ئالغۇدەك بىر نەرسىسى يوق ئىكەن. خوجا بەختى ئىلاجىسىزلىقتىن ئىش ئىزلەپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. خوجا بەختىنىڭ بەخ- تىگە شۇ كۈنى زالىم ئالقىش ۋەزىرگە مەدىكار لازىم بولۇپ قېلىپ مەدىكار بازىرىغا كىشى چىقىپتۇ.

خوجا بەختى مەدىكار ئالىدىغان مىرا قولغا ئۆزىنىڭ مەدىكار ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ماڭا ئالقىش ۋەزىر 40 مەدىكار ئېلىپ كەل دىگەن ئىدى، هازىر بازاردىن 40 مەدىكار چىقمايدىكەن، — دەپتۇ مىرا قۇل.

— 40 مەدىكارنىڭ ئىشىنى ماڭا بەر، ئەگەر مەن 40 ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر كۈندە قىلىپ بولالمىسام ماڭا ھەق بەرمە، — دەپ يىلىنىپتۇ خوجا بەختى.

ھىلىقى مىرا قۇل خوجا بەختىنى زالىم ۋەزىر ئالقىشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر تاغدەك بىر دوۋە قومنى كۆرسىتىپ:

— مانا مۇشۇ دوڭنى تۈزلەپ قورۇلۇش قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

خوجا بەختى ”ئىنشائاللا“ دەپتۇ. ئالقىش كەتمەن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتىكەن، بەش ئادەم ئىنجىقلىشىپ بىر دانە كەتمەن ئېلىپ چىقىپتۇ. خوجا كەتمەننى دەسسەپ كۆرۈپ، بۇنىڭدىنمۇ يوغانراق كەتمەن تەلەپ قىپتۇ. ئالقىش ۋەزىرنىڭ يەتتە ئەۋلادىدىن قالغان، قىرىق پاتمان تۇپا چىقىدىغان بىر كەتمىنى بار ئىكەن. ئۇنى 40 ئادەم كۆتىرەلمەي ئاخىر خوجا بەختىنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. خوجا بەختى كەتمەننى دەس كۆتىرىپ دوڭنى گۇپپۇلدىتىپ چېپىشقا باشلاپتۇ، ئالقىش ۋەزىر خوجا بەختىنىڭ بۇ كۈچتۈگۈرلۈكىگە ھەيران بولۇپ: ”مۇشۇنداق بىر باتۇر تۇرغان يەردە مەن ئەجەپ تىنچلىق بىلەن شەھەر سوراپتىمەن. بۇ قارا باتۇرنى يوقاتمىسام ئاخىرى مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىدۇ“ دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ.

خوجا بەختى كۆز قايرىلغىچە بۇ دوڭنى تۈزلەپ بولۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا كەتمەن جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ بىر نەرسىگە

ئۇرۇلۇپتۇ. سىنچىلاپ قارىسا يوغان بىر كۆپتا ئالتۇن - تىللا تۇرغىدەك. ئاق كۆڭۈل خوجا بەختى سەممىلىك بىلەن شۇنداق ئويلاپتۇ. "مەن ئالقىش ۋەزىرگە بىر كۈنلۈك مېھنىتىمنى ساتتىم، ماڭا بىر كۈنلۈك مېھنەت ھەققىم ھالال. بۇ ئالتۇن - تىللا پادىشا - غا تەئەللۇق. ۋەزىرگە خەۋەر قىلىشىم لازىم". خوجا بەختى شۇنداق قارارغا كېلىپ ئالقىش ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر بۇ كۆپتىكى ئالتۇن - تىللانى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ شۇنداق ئويلاپتۇ. "بۇ ئالتۇن - تىللا پادى - شاغا تەئەللۇق. پادىشاغا خەۋەر قىلسام ھەممىنى ئېلىپ كېتىدۇ. خەۋەر قىلمىسام مانا بۇ مەدىكارچى پادىشاغا چېقىشتۇرۇپ قويسا پادىشا مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئالتۇن - تىللانىڭ يېرىمىنى بۇ مەدىكارغا بېرەي دىسەم كۆزۈم قىمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟" دەپ ئويلاپتۇ. ئويلا - ئويلا بىر ھىلە تېپىپتۇ - دە، خوجا بەختىگە:

— بۇ ئالتۇن - تىللا ئاتامدىن ماڭا مۇشۇ دوك بىلەن بىللە مىراس قالغان. يەنە مۇشۇ جايغا چوڭقۇر ئورا كولاپ، بۇ كۆپنى ئۇز جايىغا كۆمۈۋېتەيلى، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

خوجا بەختى بىردەمدە چوڭقۇر بىر ئورا كولاپتۇ ۋە ئالقىش ۋەزىرگە ئورا پۈتتى دەپ خەۋەر قىپتۇ. قانخور جال - لات قولتۇقىغا قىلىچتىن بىرنى تىقىپ چىقىپ ئۇنىڭغا كۆپنى ئەكەلدۈرۈپ بولۇپ، ئۇ ئىڭىشىپ كۆپنى جايلاشتۇرۇۋاتقان ۋاق - تىدا شارتتىدا كاللىسىنى ئاپتۇ - دە، ئالتۇن - تىللا بىلەن ئورىغا كۆمۈپ تاشلاپ، ئۈستىگە يەتتە قەۋەتلىك بىر ئىمارەت سېلىپ، ئەتراپىغا ساياھەت باغچىسى ياسىتىپتۇ......

خوجا بەختىنىڭ ئايالى ئاچ - زارلىق ئىچىدە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇ پەرزەنتىنىڭ ئېتىنى بەختىيار قويۇپتۇ. ئايالنىڭ قەل -

بىدە ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى ئوت بولۇپ ياندىكەن. ئايلار، يىللار ئۆتۈپ بالا ھايت ـ ھۇيت دىگىچە يەتتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئانىسى خوجا بەختىنىڭ سودىگەر دوستىنى تېپىپ، يىغلاپ تۇ ـ رۇپ ئۆز ھالىنى ئېيتىپ، بالىسى بەختىيارنى ئوقۇتۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. سودىگەرمۇ "ئولۇكنىڭ روھى، تىرىكنىڭ يۈزى" دەپ بالىنى چەتئەلگە ئېلىپ كېتىپ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئىلمىي ـ ھىك ـ مەتكە كامىل قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئانىسى ئۆز ئوغلى بىلەن كورۇشۇپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، دادىسى خوجا بەختىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ ۋە دادىسى قالدۇرغان كىتاپ بار جايىنى كورسىتىپتۇ.

بەختىيار شوتا قويۇپ ئۆينىڭ تورىسىدىن كىتاپنى ئالاي دەپ قارىسا يوغان بىر ئاق ئىلان توقۇچاق بولۇپ يېتىپتۇ. بەختىيار قاتتىق ئاۋاز بىلەن: "ئەي ئىلان، بېشىڭنى كوتەر، ئوز ئامانىتىمنى قولۇمغا بەر!" دەپ ۋاقىراپتۇ. ئىلان بېشىنى كوتىرىپ چاراسلاپ ئۆينىڭ تورىسىغا يامىشىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ.

بەختىيار دادىسىدىن قالغان كىتاپنى 40 كۈنگىچە بېشىنى كوتەرمەي ئوقۇپتۇ. ئۇ ئەسەردىكى پاجەلىك ۋەقەلەرنى ئوقۇ ـ غاندا ئازاپقا چىداپ تۇرالماي يىغلاپ كېتىپتۇ، دادىسىنىڭ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغان ۋە دۈشمەنلەرنى مەسخىرە قىل ـ غان، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان يەرلىرىنى ئوقۇغاندا خوشاللىقىدىن كۈلۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى بۇ كىتاپتىن پادىشانىڭ قاسساپلىق دوكىنىنى باشقۇرىدىغان خوجايىن بىر چارۋىدارىدىن يۈز دانە چارۋا ئې ـ

www.uyghurkitap.com

لىپ، چارۋا ئىگىسىنى پۇلغا ئاخشاملىقتا كەل دەپ، ئاخشىمى كەلسە ئولتۇرۇپ تاماق تۈۋىگە كومۇۋەتكەن يېرى چىقىپتۇ. بەختىيار دەرھاللا بىر كونا داستىخاننى كۆتىرىپ قاسساپخانىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنى جىلىك گوش ئېلىپ كۆتىرىپ مېڭىپتۇ. قاسساپ:

— پۇلنى تولەپ ماڭ، — دەپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ.

— پۇلنى كېيىن خوجايىنغا بېرىمەن، — دەپتۇ بەختىيار.

قاسساپ يۈگۈرۈپ كىرىپ خوجايىنىغا خەۋەر قىپتۇ. خوجا-يىن غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ:

— پۇل بەرمەي گوش ئالىدىغان قايسى پادىشانىڭ شاھزادىسى ئىدىڭ؟ — دەپ تىللاشقا باشلاپتۇ. بەختىيار تەمكىنلىك بىلەن:

— ھەي، مېنىمۇ 100 قوي ساتقان چارۋىچىغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ تام تۈۋىگە كوممەكچىمۇ؟ ھەددىڭ ئەمەس! — دەپ يېنىپتۇ. خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چوچۇپ كېتىپ:

— بالام، بۇ گەپنى ئاغزىڭدىن چىقارما، قانچىلىك گوش بولسا ئال دەپتۇ-دە، بىر ئادەمگە بىر قويىنىڭ گوشىنى كوتەرگۈزۈپتۇ ۋە كۈندە بىر قويىنىڭ گوشىنى پۇلسىز ئاپىرىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى كىتاپتىن ئالقىش ۋەزىرنىڭ ناۋايخانىسىغا خوجايىنلىق قىلىدىغان خوجايىننىڭ بىر ئاشلىق سودىگىرىدىن 80 تاغار ئۇن ئېلىپ، سودىگەر پۇل سورىغاندا "پۇلۇڭنى كەچ-تە ئال" دىگەنلىگى ۋە شۇ ئاخشىمى ئۇنى ئولتۇرۇپ تونۇرنىڭ تۈۋىگە كومگەن يېرى چىقىپتۇ. بەختىيار دەرھاللا بىر داستىخان ئېلىپ ناۋايخانىغا بېرىپتۇ-دە، ناۋايدىن 30 نان ئېلىپ "پۇلنى كېيىن ئېپكېلىپ بېرىمەن" دەپ كوتىرىپ مېڭىپتۇ. ناۋاي پۇلنى نەق بەر دەپتۇ. بەختىيار ئۇنىڭغا خوجايىنىڭنى چاقىرىپ كەل دەپ بۇيرۇپتۇ. تېخى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ناننى نېسى ئالىمەن

دەپ ئۆزى بىلەن تاكاللاشقان ئادەمنى كۆرمىگەن خوجايىن غەزەپلىنىپ يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە:

— ھوي ھارامزادە قەلەندەر، نېمىگە نان ئالمەن دەپ يوغانلىق قىلىدىغان نېمە ھەددىڭ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— بوشراق ۋاقىرىغىن، ئاشلىق سودىگىرىنىغۇ ئولتۇرۇپ تونۇرنىڭ يېنىغا كومدۇڭ، مېنىمۇ ئولتۇرەي دەمسەن؟ ھەددىڭ ئەمەس، — دەپ يېنىپتۇ بەختىيار.

خوجايىننى قورقۇنچ بېسىپ لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ.

— بالام، بۇ گەپنى باشقا بىرەر كىشىگە دىمەڭ، ئائىلىگىزنىڭ كۈندىلىك يەيدىغان نېنى مۇشۇ ئاشخانىدىن بولسۇن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ خوجايىن. ئۇ يەنە بىر ئادىمىگە 50 نان كوتەرگۈزۈپ ئۆينى كورۇۋېلىپ كۈندە نان ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ پادىشانىڭ قاسساپلىق دوكىنىدىن گوش، ۋەزىرنىڭ ناۋايخانىسىدىن نان كېلىپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا ئۆزلىرىدىنمۇ ئېشىپ خولۇم - خوشنىلىرىغىمۇ بېرىدىغان بوپتۇ.

بەختىيار دائىم دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ ئالقىش ۋەزىردىن ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى ئىزلەيدىكەن. بىر كۈنى قارىسا ئالقىش ۋەزىر يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىدىكى راۋاقتا سايىھەت باغچىسىغا قاراپ كوكۆل ئېچىۋاتقان ئىكەن. بەختىيار ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپتۇ - دە، ئاستا بېرىپ باغنىڭ سۇ كىرىدىغان سوگۈچىدىن باغنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ ۋە باغنىڭ بۇلۇڭىدا باغلاغلىق تۇرغان قوينى يېشىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر راۋاقتا ئولتۇرۇپ ھەممىنى كورۇپتۇ ۋە قېنى ئاقىۋىتىدە نېمە ئىشلارنى قىلاركىن دەپ كۈزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى قوي بىر ئۇ گۈلنى، بىر بۇ گۈلنى چىشلەپ گۈلزارنى چەيلەشكە

باشلاپتۇ. باغۋەن قوينى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، بەختى-يار باغنىڭ بۇلۇڭىدىن چىقىپ:

— ۋاي ئەخمەق، قوينى ئۇرما، ھىلىقى بىكار ئۈچ جانغا زامىن بولىسەن دەپتۇ. باغۋەننىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— قايسى ئۈچ جانكەن، قوي بىر ئەمەسمۇ دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، قوي بىر بولغان بىلەن قورسىقىدا ئىككى قوزىسى بار ئەمەسمۇ دەپتۇ بەختىيار.

— سەن نىمە بىلىسەن؟ — دەپتۇ باغۋەن.

— مەن ئىككى قوزىنىڭ بارلىقىنىمۇ، ئۇلارنىڭ رەڭگى-روينىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ بەختىيار.

ئىككىسى تاكاللىشىپ تۇرغاندا ئۇلارنى كۆرگەن ئالقىش ۋەزىر باغۋەننى چاقىرىپ ۋەقەنى سوراپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر بەختىيارنى راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ قوزىلارنىڭ رەڭگىنى سوراپتۇ.

— قوزىلارنىڭ بىرسى ئەركەك، بىرسى چىشى. ئەركەكنىڭ قورسىقىدا ئالىسى بار، چىشىنىڭ پېشانىسىدا قاشقىسى بار دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بەختىيار.

ئالقىش ۋەزىر بەختىيارغا قوزىلار ئۈنىڭ دېگىنىدەك چىقسا ۋەزىرلىكىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنداق چىقمىسا قوي-نىڭ ئەنتى ئۈچۈن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەختىيار ماقۇل بوپتۇ. باغۋەن قوينى بوغۇزلاپ، قورسىقىنى يېرىپلا ئىككى قوزىنى ئاپتۇ. قوزىلار خۇددى بەختىيار دېگەندەك چىقىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر "بۇ مېنىڭ جېنىمغا بالا بولغىدەك" دەپ قور-قۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ باغۋەنگە بۇ قەلەندەرنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ يۈرىگىنى كاۋاپ قىلىپ ئېپكېلىشنى، ئەگەر ئەمرىنى دەرھال بەجا

كەلتۈرمىسە، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ يەيدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىپتۇ. باغۋەن ماقۇل دەپتۇ-دە، توققۇز قېتىم تازىم قىلىپ چىقىپ بەختىيارنى باغلاپ باغنىڭ بۇلۇڭىغا ئېلىپ بېرىپ پىچاقنى قولىغا ئاپتۇ.

— ئەي ئەخمەق، نېمىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەختىيار.

— ۋەزىرنىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن سېنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئۇنىڭغا كاۋاپ قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ باغۋەن.

— ئەخمەق، سەن ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغىنى 40 يىل بولدى. شۇندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ مۇرا-دىڭغا يەتكىنىڭ يوق. مېنى ئۆلتۈرسەڭ تېخىمۇ مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن، مېنى قويۇپ بەرسەڭ قىرىق كۈندە سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزىنى ساڭا نىكالاپ ئېلىپ بې-رىمەن، — دەپتۇ بەختىيار. باغۋەن:

— بۇ گېپىڭ ناھايىتى ياخشى، لېكىن ئالقىش ۋەزىر يۈرىكىڭنى ئەكەل دىگەن تۇرسا بۇنى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئاسان، — دەپتۇ بەختىيار، شەھەردە بىر تۈل خو-تۇن بار، ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا يالغۇز بىر ساغلىقى بار ئىدى، بۇ ساغلىق بىر كۈنى قوزىلاپ بولۇپ ئۆلۈپ قالدى. بۇ خو-تۇن ھىلىقى قوزىنى ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئىدى. بۈگۈن سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ بازارغا ئېلىپ چىقتى. ھازىر شۇ قوزىنى ئېپكىلىپ ئۆلتۈرسەڭ ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاشلا تەم بېرىدۇ. ئالقىش ۋەزىر بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

باغۋەن خوشال بولۇپ مال بازىرىغا بارسا دىگەندەكلا

بىر خوتۇن بىر پاخلاننى تۇتۇپ تۇرغىدەك. باغۋەن قويىنى سېتىۋاپتۇ-دە، ئۇلتۇرۇپ يۈرىگىنى كاۋاپ قىلىپ ئالقىش ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ئالقىش ۋەزىر تېتىپ باقسا ئادەم يۈرىگىنىڭ تەمى كەپتۇ. ئۇ باغۋەندىن ناھايىتى رازى بوپتۇ.

ئارىدىن 40 كۈن ئۆتۈپتۇ. بۇ يەرنىڭ پادىشاسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ، كۆرگەن چۈشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. پادىشانىڭ ناھايىتى ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولۇپ تۇرالماپتۇ. ئۇنىڭ ئوردىسىدا مەسلىھەتچى، ئاقىل، دانا دەپ ئاتالغان 40 نەپەر ئەرباب بار ئىكەن. پادىشا ئۇلارنى چاقىرىپ چۈشىنى سوراپتۇ. بىراق ئۇلار ھېچنەرسە دېيەلمەپتۇ. ئاخىرى پادىشا غەزەپلىنىپ بۇ 40 نەپەر ئاقىل-مەسلىھەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى ئېقىتىپتۇ. پادىشا يەنە تۇرالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئالقىش ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— سەن مېنىڭ پۇلۇمنى خەجلەپ، دۆلىتىمنى كۆرۈپ ئىززەت ئابرويلۇق بولدۇڭ. بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ بېشىمغا بۇ تەشۋىش چۈشتى. بۇنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇشقا ئاز قالدىم. شۇ تۈپەيلىدىن 40 نەپەر مەسلىھەتچى-دانالارنىمۇ ئۆلتۈردۈم، ئەمدى ساڭا بۇيرۇق قىلىمەن، ئۈچ كۈن ئىچىدە قايسى ئورۇندا بولسۇن، غەزىنىدىكى پۈتۈن مال-دۇنيالىرىم سەرپ بولسىمۇ مەيلى، مېنىڭ چۈشۈمنى تاپقىن، تەبىر بەرگىن، ئۈچ كۈندىن ئاشسا سېنىمۇ 40 نەپەر مەسلىھەتچىلەرگە ئوخشاش بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن بەزگەك ئادەمدەك تىترەشكە باشلاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ گېلىدىن غىزا ئۆتمەپتۇ. ئۇ بۇ چۈشنى تېپىپ تەبىر

بەرگىدەك بىرەر ئادەم ئىزلەپ ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، خەت يېزىپمۇ بېقىپتۇ. لېكىن بۇ توغرىدا بىرەر ئېغىز خۇش خەۋەرمۇ كەلمەپتۇ. ئاخىرى 3 كۈنمۇ توشۇپتۇ. ئالقىش ۋەزىر ھېلىقى قوينىڭ قوسىغىدا ئىككى قوزا بارلىقىنى، ئۇنىڭ رەڭگى-رويىنىمۇ بىلگەن بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ باغۋەننى چاقىرىپ:

— ھەي باغۋەن، ھېلىقى قوينىڭ قوسىقىدىكى قوزىنى بىلگەن بالىنى ئۆلتۈرمىگەن بولساق مېنى پادىشانىڭ غەزىۋىدىن قۇتۇلدۇراتتى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باغۋەن:

— جانابى ۋەزىر، بۇ بالىنى ئۆلتۈرمىگەن، ھازىر ئۇ ھايات، — دەپتۇ.

— ھوي، نىمە دىدىڭ؟ گېپىڭ راستمۇ، — دەپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ ۋەزىر، — مەن ئۇنىڭ يۈرىگىنى يىگەن ئەمەسمۇ؟

— سىزگە شۇ بالىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئادەم ئېيىپ چوڭ بولغان بىر قوزىنىڭ يۈرىگىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگەن ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ باغۋەن.

ئالقىش ۋەزىر ئوردىغا خۇش خەۋەر ئېيتىپ كىرگىدەك بولسا پادىشا تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يەتتە پەتنۇستا ئالتۇن، سول تەرىپىدە قىلىچ تۇتقان يەتتە جاللات تۇرغىدەك. پادىشا ئالقىش ۋەزىرنى كۆرۈپ:

— قېنى، مېنىڭ چۈشۈم نىمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر پادىشانىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— كەچۈرگەيسىز پادىشاھىم، سىزنىڭ چۈشىڭىزنى بىلىدىغان ئادەمنى ھازىر ئېلىپ كېلىمەن، — دەپتۇ. پادىشا:

— ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك توشتى، تېز بول، توغرا جاۋاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرسەڭ مانا بۇ يەتتە پەتنۇس ئالتۇننى مۇكاپات قىلىمەن، ئەگەر ھوددىسىدىن چىقالمايدىكەنسەن، مانا بۇ يەتتە ئەزىمەت سىپاھىلىرىم سېنى يەتتە پارچە قىلىپ تاشلايدۇ، — دەپ تەھدىت ساپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر پادىشانىڭ ئالدىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپتۇ-دە، باغۋەن بىلەن بەختىيارنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋەقەنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ. بەختىيار تەمكىنلىك بىلەن:

— بۇنىڭ ھوددىسىدىن مەن چىقىمەن، لېكىن سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، پىيادە ياكى ئات-ئۇلاق بىلەن بارالمايمەن، — دەپتۇ.

ئالقىش ۋەزىر مەپە، ھارۋا، ئات جابدۇپ ئېپكەپتۇ، بەختىيار ئۇ ئېپكەلگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئاخىر باغۋەن "مەن ھاپاش ئېتىپ ئاپىراي" — دەپتۇ. ئەمما بەختىيار "ياق، ماڭا كىمنىڭ ھاجىتى چۈشكەن بولسا شۇ ھاپاش قىلىپ ئاپارسۇن" — دەپتۇ. ئالقىش ۋەزىر "يۈزۈم كەتسۇن، جېنىم قالسۇن" — دەپ ئۆزى ھاپاش ئېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بەختىيار ھاپاش بولۇپ: "دومبىڭىز بەك سىلىق ئىكەن، سىيرىلىپ كېتىپ تۇرالمىدىم. دومبىڭىزگە ئىگەر توقۇساق"، — دەپتۇ. ئالقىش ۋەزىر ياق دەي دېسە، بۇ بارمىغاندا پادىشا غەزەپلىنىپ ئۆز كاللىسىنىڭ كېسىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ماقۇل دەپتۇ. بەختىيار ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئىگەر توقۇپ، ئاغزىغا يۈگەن سېلىپ، قولىغا ئالقىش ۋەزىرنىڭ ئادەم ئۇرىدىغان قانلىق قامچىسىنى ئېلىپ ئۈستىگە مىنىپتۇ-دە، ئۇنى قامچىلىغان پېتى كوچا ئايلاندۇرۇپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا ھەيران بولۇپ "مەن شۇنچە چوڭ پادىشا تۇرسام، مەندىن قورقماي مېنىڭ

شۇنچىۋالا يۈز-ئابرويلۇق ۋەزىرىمنىڭ ئۆچىسىغا ئىگەر توقۇپ، ئاغزىغا يۈگەن سېلىپ، شۇنچىۋالامۇ رەسۋا قىلامدۇ؟ قېنى مېنىڭ چۈشۈمنى تاپسۇ، تاپمىسىمۇ بەربىر ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ“، — دەپ ئويلاپتۇ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بەختىيارغا قاراپ:

— مەن ئۇخلاۋېتىپ چۈش كوردۇم، بىراق كورگەن چۈشۈمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنى تېپىپ تەبىرىنى دەپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— سىز كورگەن چۈشتە ئالدىڭىزغا قىرىق لىگەن ئاش كەلدى، بىرى كام قىرىق لىگەننىڭ ھەممىسى كۈمۈش لىگەن، بىرسى ئالتۇن لىگەن ئىدى. سىز ئالتۇن لىگەندىكى ئاشنى يەي دەپ قول ئۇزاتتىڭىز، بىر دانە ئىت كېلىپ ئاشنى سىز بىلەن بىللە يېدى. شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ بەختىيار.

پادىشا ئويلىسا كورگەن چۈشى بەئەينى شۇنداق ئىكەن. پادىشا يەنە ئۇنىڭغا چۈشىنىڭ تەبىرىنى دەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

— سىز خوتۇنلىرىڭىزغا ئەمىر قىلىڭ، ھەممىسى ئۆز مەپىلىرى بىلەن جابدۇنۇپ چىقسۇن، — دەپتۇ بەختىيار.

پادىشا بۇيرۇق قىپتۇ. بىر سائەت ئىچىدە قىرىق مەپە ئوردا ئالدىغا جەم بولۇپتۇ. قارىسا بىرى كەم قىرىق مەپە كۈمۈش، بىرى ئالتۇن مەپە ئىكەن. ئالتۇن مەپىدىكى پادىشانىڭ ئامراق خوتۇنى — سۇلتانى روم پادىشانىڭ قىزى ئىكەن. بەختىيار بېرىپ مەپىنىڭ شوتىسىنى كوتىرىپ تاشلاپ، ئوقنىڭ ئىچىدىن تىلسىمات بىلەن بەنت قىلىنغان بىر زەڭگىنى سورەپ چىقىپتۇ-دە، پادىشاغا:

— سىز بىلەن ئاشنى بىللە يېگەن ئىت مۇشۇ، — دەپ كورسىتىپتۇ.

پادىشا شۇ يەردىلا جاللاتلارغا ئەمىر چۈشۈرۈپ خۇتۇنى بىلەن ھىلىقى زەڭگىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ.

— ئەمدى سەن نىمە ئۈچۈن مېنىڭ شۇنچە ئابرويلۇق ۋەزىرىمنى شۇنچە رەسۋا قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا يەنە.

— بۇ سىزگە بەدنىيەتلىك قىلدى، خەلققە ئاسىلىق قىلدى، ماڭا قاتىللىق قىلدى. مۇشۇ سەۋەپلەردىن بۇ ھالغا كەلتۈردۈم، — دەپتۇ بەختىيار. ئۇ يەنە پادىشانى باشلاپ بېرىپ ئالقىش ۋەزىرنىڭ راۋىغى ئاستىنى كولاپ دادىسىنىڭ ئۆلۈگى بىلەن بىر كۈپ ئالتۇن تىللانى كۆرسىتىپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئالقىش ۋەزىرنى ئات ئېتىپ مىنگىنىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ ۋە ئالقىش ۋەزىرنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

بەختىيار ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزى بىلەن سوھبەتلىشىپ، ئۇز ئىختىيارىنى ئاپتۇ-دە، باغۋەن ئىككىسىگە قىرىق بىر كۈن تويى قىلىپ بېرىپ، قىرىق يىلدىن بۇيان مۇرادىغا يەتمىگەن ئاشىقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى بۇندااق ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىلىم-بىلىمدىن كېلىدىغانلىغىنى چۈشىنىپ، مەدەنىيەت، مائارىپنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلىم-بىلىمنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپتۇ ھەمدە بەختىيارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئالقىش ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە ئولتۇرغۇزۇپتۇ

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم قۇربان.

رەتلەپ يازغۇچى: سادىر سايىم.

# ئىلى خەلق توي قوشاقلىرى

## شاياخمەت قۇربان

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىز - يىگىت تويىدا ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش مۇراسىم - ئادەتلىرى بار، بۇ مۇراسىم - ئادەتلەر ئۇزاق يىللار داۋامىدا پەيدىن - پەي شەكىللەنگەن. قىز - يىگىت تويى ئادەتتە 3 كۈن داۋاملىشىدۇ. توي مۇراسىملىرىدا بىر يۈرۈش توي قوشاقلىرى ئېيتىلىدۇ. بۇ قوشاقلار ئارقىلىق قىز - يىگىت تەبرىكلىنىدۇ، قۇدىلار مۇبارەكلىنىدۇ، ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەر تىلىنىدۇ. بۇ قوشاقلار «هاي - هاي ئۆلەن» بىلەن باشلىنىدۇ.

### 1. هاي - هاي ئۆلەن

تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەن ئوغۇل ئۇلتۇرغۇزغان ئۆيدىن يىگىت بېشى باشلىق ئوتتۇز ئوغۇل قىزنىڭ ئۆيىگە توي تارتىپ ماڭغاندا ۋە يىگىتنى نىكاغا ئاپارغاندا، ئاھاڭغا سېلىپ «هاي - هاي ئۆلەن» نى ئېيتىدۇ.

هاي - هاي ئۆلەن هاي ئۆلەن، گۈل قايدا بار يار - يار،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار يار-يار.
ھاي-ھاي ئۆلەن ھاي ئۆلەن، بارمۇ ھايات يار-يار،
قارچۇغىدەك بويۇڭغا بولدۇم سەييات يار-يار.
ھاي-ھاي ئۆلەن ھاي ئۆلەن، مەن نە قىلاي يار-يار،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى، پارە قىلاي يار-يار.
ھاي-ھاي ئۆلەن ھاي ئۆلەن، قار كېلەدۇر يار-يار،
بەرگى خازان تونىنى كىيىپ، يار كېلەدۇر يار-يار.
بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا يار-يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دەردى تولا يار-يار.
سايدا يۈرگەن جەرەننى سەككىز دەڭلا يار-يار،
سەككىز قىزنىڭ بىردىنى سىڭلىم دەڭلا يار-يار.
ئەگىم-ئەگىم يوللاردا ئىز كېلەدۇ يار-يار،
كىمخاپ تونىنى يۈركىنىپ، قىز كېلەدۇ يار-يار.
ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا يار-يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر تويدا تولا يار-يار.
قىزىل-قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار-يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار-يار.
قارا-قارا قاغىلار خاماندادۇر يار-يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارماندادۇر يار-يار.
ئىگىز-ئىگىز تاغلاردىن قوي كېلەدۇر يار-يار،
ئۆلەن ئېيتىپ يىگىتلەر، توي كېلەدۇر يار-يار.

2. چىمن قىچقىردىش قوشىقى

توي كۈنى كەچتە قىز-يىگىتنىڭ ھوجرىسىغا كوچۇرۇلىدۇ. ئاۋال قىزغا بىر قۇر توي كىيىمى كىيگۈزۈلىدۇ، ئاندىن 4 ئاق-

باش ئايال قىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئالدىن تەييارلانغان گىلەم- نىڭ 4 ئۇچىنى تۇتۇپ، قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ. شۇ چاغدا تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتىدۇ. بۇ — چىن قىچقىرىش قوشىقى دېيىلىدۇ.

يىغلىما قىز، يىغلىما تويۇڭ بولدى،
ئالتۇن گۈللۈك كۈشۈگە ئۆيۈڭ بولدى.
يىغلىما قىز، يىغلىما خوش بولۇرسەن،
قارچۇغىدەك يىگىتكە تۇش بولۇرسەن.
يىغلىما قىز، خۇشال بولغىن تويلىشىدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت سىرداشىڭدۇر.
يىغلىما قىز، يىغلىما بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كۈشۈگە تەختىڭ بولۇر.
يىغلىما قىز، ساڭا بۈگۈن بەخت بېقىپتۇ،
كۈشۈگۈڭگە ئالتۇندىن مىقلار قېقىپتۇ.
ئاپتاۋىدا سۇ قۇيسام ئەللىمايدۇ،
قىز ئانىسى ئۈگەيمىكىن يىغلىمايدۇ......

## 3. ئانا قوشىقى

قىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قىيالماي تۇرغان ئانىغا «چىن قىچقىرىش قوشىقى» قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. بۇ قوشاق ئاخىرلىشىشىغىلا ئانا «ئانا قوشىقى» نى ئېيتىپ يىغلاي- دۇ، ئۇ ئوغۇل تەرەپنىڭ قىزغا ياخشى قارىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەگەر قىز ئانىسى ئۆگەي بولسا، بۇ قوشاقنى رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئېيتىپ يىغلايدۇ.

كىچىككىنە قارا كوز، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
تىلى تاتلىق، شېرىن سوز، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
بالام مەندىن ئايرىلدى، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
قاناتلىرىم قايرىلدى، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئۆيدە يالغۇز قالۇرمەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
كەلسە تارتىپ ئالۇرمەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئونبەش ياشقا يەتمىگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئۇرسام ئۆيدىن كەتمىگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئۈچۈپ كەتتى ئۆيۈمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
غايىپ بولدى كوزۇمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
بالام بېرىپ ئۇخلىغاي، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
بالامنى ھەق ساقلىغاي، ۋاي بالام. ۋاي بالام.
شۇڭقارىمنى قاچۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام......

4. چۈنچۈن سالۋات

تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى «ھۇجرا كېپى» بولىدۇ. شۇ كۈنى يىگىت دوستلىرىغا زىياپەت بېرىدۇ. ئۇتتۇز ئوغۇل ھەر-قايسىسى ئۆزىنىڭ تاپقان نەرسىلىرىنى (چىنە، چەينەك، گىلەم، باشقا تۈرلۈك ئۆي جابدۇقلىرىنى) كوتىرىپ كېلىشىپ، قىز-يە-گىتنىڭ يېڭى تۇتقان ھۇجرىسىغا توپلاپ قويۇشىدۇ. شۇ كۈنى

كەچكىچە بەزمە، ئويۇن - تاماشا قىلىشىدۇ.

شۇ كۈنى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ قۇدىلارنى چىللايدۇ. كەچقۇرۇن ئوتتۇز ئوغۇل يىگىتنىڭ ئوتتۇرىغا ئېلىپ يېڭى تۇت - قان ئۆينى مۇبارەكلەپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى بىر يەرگە تىزىپ، يىگىتنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يىگىت بېشى ياكى ئارىدىن سايلاپ قويۇلغان ۋەكىل تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتىدۇ:

چۈنچۈن سالۋات①
بەزمە ھەممەت
ھەر كىشى سوزلەر،
ئىشىكنى كوزلەر.
ئۆگدا يىگىتلەر،
سولدا جۇۋانلار.
ئويناڭلار،
كۈلۈڭلار،
ھەرقانچە ئويۇن بولسا،

شۇنچە بولۇر،
بۇنىڭدىن ئېشىپ بولماس.
بۇنىڭدىن ئېشىپ بولسا،
كۆل تام بولماس.

---

① چۈنچۈن سالۋات — چوك - چوڭ سالۋات ياكى چوچۇرە سالۋات دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. قايسىسى توغرا ئىكەنلىكى تېخى ئىنىقلانمىدى (تەھرىردىن.)

كۆل بىلەن تام بولسا،
تۈۋى بوش بولۇر.
كۆيوغۇل ئوغۇل بولماس،
كۆيوغۇل ئوغۇل بولسا،
كوڭۇل خوش بولۇر.
كېلىن ئاغىچىنىڭ خۇيى بولسا،
قېيىنانىسى ئوچ بولۇر.
ئوغلىڭىز مەھكەم بولسا،
كېلىنىڭىز ئىشچان بولۇر.
ئوغلىڭىز بوشاڭ بولسا،
كېلىنىڭىز بىشەم بولۇر.
ئاڭلاڭلار،
ئىشتىڭلار!
مەن ئوزەم بىر باتۇر ئىدىم،
تاغدا كىيىك ئاتۇر ئىدىم.
مالخىيىمنى قىردا قويۇپ،
قىرىق قىزنى قوغلار ئىدىم.
ياماتۇنىڭ نېرىسىدىن،
جىرغىلاڭنىڭ بېرىسىدىن،
ئۇنىمگەن چىغ تۈۋىدىن،
تورەلمىگەن توشقان چىقتى.
پۇتىمىغان چوماق بىلەن بىرنى قويسام،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە ئادەمگە باستۇردۇم،
يەتتە ئادەمگە سويدۇردۇم.

ئالته پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز،
ھېلىمۇ باردۇر تەڭ يامىسى.
ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار،
قوزۇقتا تۇرىدۇ كاللىسى.
ئاڭلاڭلار،
ئىشتىڭلار!
مېنىڭ باتۇرلۇغۇمنى شۇندىن بىلىڭلار.
يېنى يوق قوڭغۇزنى،
ياغا تارتماي مىنەتتىم.
يېرىم شىڭ كىپەكنى
كىشىگە يولەتمەي ئارتاتتىم.
كەسلەنچۇككە ئوقيا ئاتسام،
چالا تېگىپ قاچتى.
قوڭغۇز مېنىپ قوغلىشىۋېدىم،
بەش داۋان ئاشتى.
داۋان سۈيى ئۇلۇغ كېلىپ،
قاپتالدىن تاشتى
توققۇز تارا يولىدا،
چاشقاننى ھارۋىغا قاتتىم.
ھېرىپ قالغان جوۋانغا،
ئىككى خورجۇننى ئارتتىم.
كوتىرەلمىسە خورجۇننى،
جوۋاننىڭ پۇتىنى تارتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇژمىگە تورخۇ چىقتى،
تېرەككە پاقا.
توكۇر ئېشەككە يېرىم تاقا،
يۈك پايپاقىقا ناھال قاقا،
تارغىل ئىنەككە چولاق بۇقا.
خوتۇنلار ئالتە غېرىش كوينەك كىيىپتۇ
يەتتە غېرىش ياقا.
خوتۇنلار كوينەك كىيسە
بىر - بىرسىگە باقا.
ئاڭلاڭلار،
ئىشتىڭلار!
تەپكەكتە تۇياق بولماس،
ئۇسكەكتە مۈڭگۈز.
تەپكەكتە تۇياق بولسا،
يېنىدىن ئۆتكىلى بولماس.
ئۇسكەكتە مۈڭگۈز بولسا،
بېشىنى تۇتقىلى بولماس.
ياغاچ پىچاق بولماس،
قىڭغىراققا غىلاپ.
قىڭغىراققا غىلاپ بولسا،
يانغا ئاسقىلى بولماس
بولۇۋاتىدۇ شىۋىرغان،
قويۇۋەتتىم ئاتنىڭ بېشىنى
تۇتۇۋالدىم ئىگەر قېشىنى
قىرغاۋۇل جەدىدى،

قۈيرۇغى يەردە ئىدى،
ئاقساقىلكام شەر دىدى.
ئالتە قىزى ئەر دىدى.
ئىگىز دوڭگە قوناق تەرسەم،
مۇندالا بولدى.
يان يەرگە چامغۇر تەرسەم،
يۇڭ تالا بولدى.
بىشەم خوتۇنغا ئەر چىقماپتۇ،
چىپىلغاق ئەرگە خوتۇن،
بۇ نىمە بالا بولدى.
ئەللەر ھەر نىمە دەيدىكەن،
دىيەلمەيدىكەن.
ئوتكەمىدە ئالغانلار،
غەلۋىردە بىرەلمەيدىكەن.
تاپقىنى قوي ئولتۇرەر،
تاپالمىغىنى چۇجە خوراز.
تاپقىنى گۇل كەلتۇرەر،
تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.
... ئاخۇن ئاكامنىڭ ئوغلى
... ئاخۇننىڭ توي مەرىكىسى بوپتۇ دەپ
سۇلتانبەگنىڭ توي مەرىكىسىگە
ئوتتۇز ئوغۇل توققۇز تۈڭ ھارىغى بىلەن
توققۇز قارا باش قويى بىلەن،
توققۇز تاغار قەن - گىزىگى بىلەن
يىتىپ قوپار ئولەن تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەم ئالماي يەتكۈزۈپ كەلدى
كوپچىلىك:
دېمى كەم بولمىسۇن!
بارىكاللا،
بارىكاللا!

## 5. سالام بېرىش

چىللاق كۈنى كەچتە يىگىت، يىگىت قولداشلىرى، يىگىت بېشى بىلەن بىرلىكتە قېيىناتىسىنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ. ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇپ يىگىت بېشى يىگىتكە ۋاكالىتەن سالام بېرىدۇ. قېيىنئاتىسى جاۋاۋەن تەلىم بېرىدۇ. قېيىناتىسىنىڭ بەلگىلەپ بېرىشى بويىچە باشقا قىز تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە شۇ يوسۇندا سالامغا بارىدۇ. شۇ ئۆيلەردىكى ئاساسلىق ئەر تۇغقانمۇ جاۋاۋەن تەلىم بېرىدۇ:

يىگىت بېشى: كۈيوغۇل سالامغا كەلدى خۇدا يولدا.
ئاتىسى: خۇدايىم يار بولسۇن!
يىگىت بېشى: كۈيوغۇل سالامغا كەلدى چاھاريالار ھەققىدە.
ئاتىسى: چاھاريالار يار بولسۇن!
يىگىت بېشى: كۈيوغۇل سالامغا كەلدى ئاتىلىرىمىز ھەققىدە.
ئاتىسى: ئاتىلىرىمىز يار بولسۇن!

يىگىت بېشى: كۆيوغۇل سالامغا كەلدى ئانىلىرىمىز ھەققىدە.

ئاتىسى: ئانىلىرىمىز يار بولسۇن!

يىگىت بېشى: كۆيوغۇل سالام بەردى چوڭ ئاتىسى، چوڭ ئانىسىغا.

ئاتىسى: چوڭ ئاتىسى، چوڭ ئانىسى رازى بولسۇن!

يىگىت بېشى: كۆيوغۇل سالام بەردى ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا.

ئاتىسى: ئاتىسى بىلەن ئانىسى رازى بولسۇن!

يىگىت بېشى: كۆيوغۇل سالام بەردى قېرىنداشلىرىغا.

ئاتىسى: قېرىنداشلىرى خوش بولسۇن!

يىگىت بېشى: كۆيوغۇل سالام قاقىقان قوزۇق، تۆككەن تۆگۈچ ھەممىسىگە.

ئاتىسى: ئوغلىمىز ئوزى ئوبدان بولسا، ئوي ئىچىدىكى ھەممە پۇل - ماللار كۆيوغلىمىزنىڭدۇر.

## 6. تەلىم قوشىغى

يىگىت قولداشلىرى بىلەن سالامغا ماڭغاندا قىزمۇ يەڭگىسى قاتارلىقلار بىلەن قېيىناتا - قېيىنانىسى ۋە ئۇلار كورسىتىپ بەرگەن ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ ئويىگە سالامغا بارىدۇ. قىز يەڭگىسى قاتارلىقلار بىلەن ئويگە كىرىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، چوڭلارغا ئوزىنىڭ كېلىن بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن سالام بېرىدۇ. چوڭلار كېلىنگە تىلەك تىلەپ مۇبارەكلەيدۇ، تەلىم بېرىدۇ ۋە تەلىم قوشىغى ئېيتىدۇ:

ئەتىگەندە تۇرار بولغاي،
كوڭلۈڭنى ئاچار بولغاي.

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوقۇز ئوغۇل بىر قىزلىق،
خۇش چاغ ئانا بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
ئىلقا، كالىلىق بولغاي.
ئۇچى ئۇزار غايى،
تۇۋى يېيىلغاي.
كىشىگە يېپىشقاق بولغاي،
ئاتا - ئانىغا كويۇمچان بولغاي.
ئۇچى ئۇزارغاي.
تۇۋى يېيىلغاي،
خۇدايىم يار - يولەك بولغاي.

# لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى

## مىرسۇلتان

### قىسقىچە ئىزاھات

لوپنۇر خەلقى قوشاققا باي، ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى مەز-
مۇنى جەھەتتىن باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى قوشاقلاردىن كۆپ
پەرقلەنمىسىمۇ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك-
لەرگە ئىگە. ئەسلى لوپنۇر قوشاقلىرى يەتتە بوغۇمدىن ۋە ئون
بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. يەتتە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرى-
نىڭ بىر كۇبلىتى ئالتە مىسرا، ئون بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلى-
رىنىڭ بىر كۇبلىتى تۆت مىسرا بولىدۇ. باشقا ئۇيغۇر رايون-
لىرىدىكىدەك ئون ئۈچ بوغۇملۇق (بىرىنچى مىسراسى سەككىز،
ئىككىنچى مىسراسى بەش بوغۇملۇق) ياكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى
مىسرالىرى قوشۇلۇپ ئون بەش بوغۇمدىن تۈزۈلگەن قوشاق
شەكىللىرى لوپنۇردا كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەھۋال كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ئازدۇر-كۆپتۇر يۈز بەرگەن دېيىلسە، بۇ لوپنۇر
خەلقىنىڭ ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قويۇقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن.

لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇن بىر بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىرىنىڭ بىرىنچى مىسراسى يەتتە بوغۇم بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇندىن باشقا، ئۇلاپ ئېيتىلغان قوشاقلاردا بىرىنچى كۇبلېتنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنىڭ ئىككىنچى كۇبلېتنىڭ باش مىسراسى مەزمۇن جەھەتتىن تەكرارلىنىشىمۇ لوپنۇر قوشاقلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېساپلىنىدۇ.

بۇ بېرىلگەن قوشاقلار ئەسلىدە تىل ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە يىغىلغان بولۇپ، لوپنۇر دىيالېكتىكىسىنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش يولى بىلەن خاتىرىلەنگەن ئىدى. شۇڭا لوپنۇر قوشاقلىرىنى بۇ توپلامغا بېرىشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇل قوللىنىلدى.

(1) ئەدەبىي تىلنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى بويىچە ئۆزگەرتىلگەندە ۋەزىن ۋە قاپىيىلىرىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ كەتمەيدىغان قوشاقلار مەزمۇنىنى ساقلىغان ھالدا ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسىغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلدى.

(2) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزدىن كېيىن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆز كەلسە، ئالدىنقى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ جانلىق تەلەپپۇزدا تاشلىنىش ھادىسى لوپنۇر دىيالېكتىكىدىمۇ بار. لېكىن لوپنۇر خەلقى كوپلىگەن قوشاقلاردا بۇ ھادىسىدىن قوشاقنىڭ بوغۇمىنى ئىخچاملاش ئۇسۇلى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. بىز مۇنداق ئەھۋالدا ھەر ئىككىلا سۆزنى مورفولوگىك پرىنسىپ بويىچە بەردۇق. ئەگەر مۇنداق سۆزلەر كەلگەن مىسرالارنىڭ بوغۇمى يۇقۇرقى ئۇلچەملەردىن ئېشىپ كەتكەن

بولسا، مۇشۇ قائىدە بويىچە ئالدىنقى سوزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى-دىكى سوزۇق تاۋۇش تاشلاپ ئوقۇلسا، بوغۇم ئېشىپ كەتمەيدۇ.

(3) لوپنۇر تىلىغىلا خاس بولغان سوزلەر، گىرامماتىك شەكىللەر، ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كوپ قوللىنىلمايدىغان سوزلەرگە، يەر نامىلىرىغا قىسقىچە ئىزاھات بېرىلدى.

## لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئالتىنچى ئايدا ياز بولۇپ
تۇتقان يارىم ئۇچۇپ كەتتى غاز بولۇپ.
ماڭا ناسان①قىلماڭلار تۇققانلىرىم،
كېتەدىمەن② كارۋانلارغا باش بولۇپ.

* *

ئېقىپ كەلدى باش مەلىنىڭ③ تارىمى،
ئاڭلاپ تۇردۇم كوڭلىگىزنىڭ يېرىمى.
ئوناپ ياتسام④ چۇشۇمگىمۇ كىرمەيسەن،
بىر مەلدە يالغۇز ئوينىڭ غېرىۋى.

ئارغىماغى ئازدىنايدۇ⑤ ئىشىكتە
تورغىيىمنىڭ نەرى كەم دىمەتلىكتە.

① ناسان — نەسىھەت.
② كېتەدىمەن — كېتىمەن (كەلگۈسى زامان پېئلى)
③ باش مەلە تىكەنلىكتە بىر مەلىنىڭ نامى.
④ ئوناپ ياتسام — ئويلاپ ياتسام.
⑤ ئازدىنايدۇ — كىشنەيدۇ.

جىنىم ئايلام، ئاستا ئۇلتۇرۇپ خىيال قىل.
نەزمى سالدىم چىدىماي ئىجىلىمگە①.

* *

ئاق جۇۋاننىڭ نېپى تېگىدۇ ئەلگە
ياغلىقلىرى قۇۋۇەت قىلىدۇ بەلگە.
جان ئاغىنەم، بارساڭلار سالام دەڭلار،
غېرىپلىقتا سۆيگىنىم قىزىلگۇلگە.

باققان مېلىم تاراپ كەتتى مەرىشىپ،
بىر يىل بولدى ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ.
بولسا ئىدى قولۇمدا مېنىڭ پۇلۇم،
ئالار ئىدىم ئاناڭ بىلەن كېڭىشىپ.

* *

باراي دىسەم بارالمىدىم قېشىڭغا،
سىزنى ئوناپ كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
قىزىلگۇلۇم، دەردىڭدە ئولۇپ كەتسەم
يىغلارسەنمۇ يارىم مېنىڭ بېشىمغا.

* *

ئىگىن كەيسەڭ تال بويۇڭغا يارىشىپ
پۇلى بار ئېلىپ كەتتى تالىشىپ.

① ئىجىل — يار.

قىزىلگۈلۈم سەن ئاڭا سەپەر قىلدىڭ،
بىز ئامالسىز يىغلاپ قالدۇق قارىشىپ.

خۇدا نېسىپ قىلمىغان زېھنىلىككە،
مەزىن ياخشى سېنىڭ يارىڭ مەلىكە.
خىيال قىلسام يارىڭ ئۆتلىرى يامان،
ئايرىلساڭمۇ سۈيەپ قوياي بىرى كەل.

* *

خوشامەتنى ئۆچۈردۈك ئاغىز يەلدە.
دەردىڭىزدە كەيگەن ئىگىنىم جەندە.
بىرى كەلگىن ئىچىلىم مۈكدىشايلى،
چىقالمىدىم، دۈشمەنگە بولدۇم بەندە.

* *

كېتەدىمەن ئەسكى تارىم① ياقىلاپ،
يۈرۈيدىمەن مەن دەردىمنى ئاغالاپ②.
خوتۇن ئالماي بوي يۈرۈپ ئولۇپ كەتسەم،
سىزگە ئوخشاش بىر خېنىمنى تامالاپ.

* *

كەتمەن چىپىپ ئاغرىپ مېنىڭ قوللىرىم،
ئوناپ ياتسام يېشىلىدۇ بويلىرىم.

---

① ئەسكى تارىم — تارىم دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى،
② ئاغالاپ — بۇ يەردە پەس قىلىپ، بىسىپ، بەزلەپ مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر بىرىپ جامالىڭنى كۆرەي دىسەم،
قىزىلگۇلۇم يىراق كېلىپ يوللىرىڭ.

*　　*

مۇندىن كېتىپ ياخشى ئادەمنى تاپقايمۇ،
تەركىن ئەيلەپ① مېنى تاشلىۋاتقايمۇ؟
خىيال قىلسام يارنىڭ ئۆتلىرى يامان.
خىزمەت قىلىپ ئىشىگىدە ياتايمۇ؟

*　　*

مەن مۇرۇنلۇق② باشقىغا گەپ قىلمايمەن،
مۇندىن بارسام ئىككى ئايغىچە كەلمەيمەن.
قىزىلگۇلۇم جامالىڭنى كۆرمىسەم
ئۆلۈپ كەتسەم مەن بىيىشكە كىرمەيمەن.

*　　*

نىمە ئۈچۈن ئېچىلمايدۇ چىرايىڭ،
قىزىلگۇلۇم كىمدە ئىكەن خىيالىڭ؟
ئىككى كۆڭلۈك ئالەمدە بىللە يۈرۈپ،
ئايرىلاردا خوش ئەمىسە دىمىدىڭ.

---

① تەركىن ئەيلەپ — تەرك قىلىپ.
② مۇرۇنلۇق — باغلانغان، ۋەدە قىلغان.

ئويناپ بېرىپ چىقتۇۋالدىم تېرەككە،
مۈزنى تېگىپ ياتادىمەن يۆرەككە.
قىزىلگۈلۈم خاتىرىڭنى جەمى قىل،
ئوينىمايمەن يارىم سەندىن بولەككە①.

سالقىن تېگىپ ئۆيۈمنىڭ تۆياغىغا،
شامال كېلىپ سوغ تەگدى قۇلاغىمغا.
ئاكا ماڭا بىر يوغماق توقى② بەرگىن،
قويۇۋەتەي يارىمنىڭ سۇلاغىغا③.

ساتقانغا يېرىم بولۇپ مېنىڭ كوڭلۇم،
يارىشىپتۇ يېڭىدىن تۇتقان ئويۇڭ.
بىزدەكلەرنى نەزىرىڭگە ئىلمىدىڭ،
توپىڭىزگە يار تۇتقاننى ئەمدى كورۇڭ.

توخۇ چىللاپ تاڭ ئىمىشقا ئاتىمىغان،
چۈشكە كېلىپ ئۆركە ئىمە پاتىمىغان.
مۇندىن كېيىن شەيتانغا ئىشەنمەڭلار،
تاشا يۇرتلۇق جانغا ئەسى قاتىمىغان④.

---

① بولەك — سېنىڭدىن باشقىسى بىلەن.

② توقى — ئاخلانغان چېگە.

③ سۇلاق — مال سۇغىرىدىغان جاي.

④ ئەسى قاتىمىغان — ئەستا تىمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتەمسەن مېنىڭ تارتقان دەردىمگە،
مەن پاتىمدىم ئىككى كۆنلۈك ئالەمگە.
ھوشىنەمگە خۇرجۇن ئارتىپ ساپا ئۇتۇپ
دىۋانىدەك كىرىپ كەلدىم مەلەڭگە.

قاراپ ماڭدۇق تاغ سايان①،
پاتقۇزمايدۇ ئاردا دۈشمەن يامان.
ئىككى يانغا قارىسام يولغۇن، قومۇش،
قارا كۆزۈم تەلمۈرىدۇ يار سايان.

كىچىگىمدىن ئىچىم چىققان يارىم سەن،
سەھەردە چىققان ئۈنۈمنى تونارسەن.
باشقا يۇرتقا بىز ئەمدى بارار بولدۇق،
بىز پاتمىغان ئۇز شەھرىڭدە قالۇرسەن.

يۇرۇيدىمەن ئىنچىكەدىكى② دوڭلۈكتە،
نەدە باردۇر كۆڭلۈمدىكى مەلىكە.
مەلىكەنىڭ كۆيۈگى تەنگە چۈشتى،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىكىن ئىشىكتە.

بۇلبۇل بولۇپ سايراپ شاخىڭغا قوناي،
مەنمۇ يېنىپ قەلەمقاش بىلەن ئوينای،

---

① تاغ سايان — تاغ سېرى، تاغ تەرەپكە.

② ئىنچىكە — يەر ئىسمى.

قەلەم قېشىم ئەقلى كىچىك نادانمۇ؟
بىز ئۇيىنايلى ئارىدا ئادەم قويماي.

باي بولمايدۇ رىيازەت چەكمىگۈنچە
ئوي بولمايدۇ ئىمارەت ئەتمىگۈنچە.
ئايرىلماسقا ۋەدە قىلىپ ئۇيىنايلى،
شۇ دۇنيادىن ئۇمرىمىز ئۆتمىگۈنچە.

* *

خۇدا بۇرسا باي بولۇپ مال ساتارمىز،
ئارا تاپساق بىللە ئويدە ياتارمىز.
قىزىلگۈلۈم بېشىمىزغا كۈن چۈشسە،
تىل تۇرغىيىم ئىككىمىز تەڭ تاتارمىز.

* *

مەلىكەمگە ئات مىندۈرۈپ تون كىيدۈرسەم،
خىيالىمدا كۈندە يۈز مىڭ كۈلدۈرسەم،
ئەنتىم بولسا قىيامەتتە ئالۇرمەن،
قىزىلگۈلۈم بولەك كىشى سۆيدۈرسەڭ.

قىزىلگۈلۈم سۆيدۈرمىسەڭ بولەكنى،
ئوتقا سېلىپ كاۋاپ ئەتتىڭ يۈرەكنى.
قەپەز ئېتىپ باقسا ئادەم بولىدۇ.
ئۆزگە ئۆگىتىپ كوندۈرسە كوكىنەكنى.

Altun Oq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈكۈل ئادرېسى

*　　*

هاۋاغا بولۇت ئورلەپ،
يېزلەرگە يامغۇر چېچىپ،
قىزىلگۈلنىڭ سايىسى
يېقىن كەلمەيدۇ قېچىپ.
ئاق توشقاندەك ئوييناپ كەل،
ياخشى سوزۇڭنى ئېيتىپ.
ئالتۇن كەمەرىڭ ئېسىپ،
يار ئېتىڭغا مىنىمىگىن.
دۈشمەنىنىڭ تىلى يامان،
قارا تۇماق كىيمىگىن.
كىم ئۈچۈن تارتقان بۇ دەرت
ئەقلى چىچەن بىلمىدىڭ.

ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش،
كۈن چورۇلسە چورۇلۇپ،
شۇمۇ ئادەم خۇيىمۇ،
ھەر تەرەپكە ئورۇلۇپ.
ئىككى يۈزلۈك بولۇشنى
مەنمۇ سىزدىن ئۈگىنىپ.

ئايرۇپىلان كېلىدۇ،
ئىككى يۈزى قاناتلىق.

مەن يارنى تونۇپ قويدۇم،
ئوتۇپ كېتمشتى ئاتلىق.
كەلمەسكە چارىسى يوق،
يار دىگەن شۇنداق تاتلىق.

ئارقاڭدىن قاراپ تۇرسام
قايرىلمىدىڭ كەينىڭگە،
خىيالىڭ باشقا بولسا،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.
ھېچنەرسە دەركار ئەمەس،
يار ئۇچۇن تارتقان دەرتكە.

* *

بارساڭلار سالام دەڭلار،
مېنى سورىغان يارغا.
ئېتمىنى چىقارماڭلار،
كوڭلۇم تۇغمايدۇ ئاكا،
خالى يەر بىلەن ئوتسۇن،
جېمەسى① بولۇر ماڭا.

* *

بېشىڭغا ئۇنگەن چېچىڭ،
ئىككى دۇلاڭغا پاتماي.

① جېمە — تاپا - تەنە، سوز - چوچەك.

www.uyghurkitap.com

بىرچە يادىڭغا ئونا،
قىزىلگۈلۈم ئۈنۈتماي.
شۈنچە دەردىڭنى تارتتىم،
قولۇڭ ئۈچىنى تۇتماي.

* *

باغدا توخۇنىڭ ئىزى،
تاغدا سايرايدۇ كەكلىك.
چىرايىڭ ئېچىلمايدۇ،
قايسى يارىڭغا گەپلىك؟
چېچەن بولساڭ بىلەرسەن،
كىملەر يۈرۈيدۇ دەرتلىك.

* *

بىر يەردە ئولتۇراي دەپ،
سىنىڭ مەلەڭگە كۆچۈپ.
پۈتۈڭدا تاۋار پايپاق
كىيگىنىڭ مەسە ئۆتۈك.
بىيىشكە كىرەرمەن،
قويسام كوزۈڭنى ئۆپۈپ.

بويۇم بىلەن قويۇلۇپ،
كوزۈمدىن ئاققان يېشىم.

ئوت ـ كۆيۈك يامان ئىكەن،
ئايلىنىپ كەتتى بېشىم.
ئىچىم ئېزىلىپ كەتسە،
ساق تۇردىكەن تېشىم.
بوغزۇمدىن غىزا ئۆتمەي،
بۇ مېنىڭ كورگەن كۈنۈم.
ئارىمىز يېقىن بولسا،
ساڭا ئاڭلانسا ئۈنۈم.
بەرگەن خېتىڭنى ئوقۇپ،
گۈلدەك ئېچىلدى كوڭلۈم.

بۇغداينىڭ ئارىسىغا،
زاغۇن ئېلىشىپ كەتكەن.
مېنىڭ بىلەن سېنىڭدەك
كىم مۇرادىغا يەتكەن.
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى
سىرلاپ يۇغۇرۇپ ئەتكەن.

ئېچىلىمدىن ئايرىلىپ،
سىڭمەيدۇ يىگەن ئاشىم،
ئايرىلماستىن ئۆينايمەن،
ئۆلۈمگە كەتسە باشىم.
ئاي يۈزۈڭگە يارىشىپ،
قارا كوز قەلەم قاشىڭ.

* *

ئىشىگىڭدىن ئۆتەرمەن،
بانە قىلىپ كالىغا.
قۇرۇق دەريا① ياقىلاپ
كېچە ماڭدىم شايارغا.
يۈزى قارا بىۋاپا،
چىقماي قالدىڭ تالاغا.

* *

ئىشىگىڭنىڭ ئالدىدا،
كۈندە قۇرىمايدۇ قار.
ئاھ جېنىم شۇ ئالەمدە،
سەندىن بولەك نىمەم بار.
كوكۈلدەك يۇرەلمەيمىز،
ئەسلى زامان ئالەم تار.

* *

ئىشىگىڭنىڭ ئالدىدا،
بۇلبۇللار سايرىشىدۇ،
مۇبارەك بولسۇن يارىم،

---

① قۇرۇق دەريا — تارىمنىڭ بىر ئېقىنى.

Altun0q

تون كىيسەڭ يارىشىدۇ.
تالاغا چىقىپ ماڭساڭ،
ياش بالىلار قارىشىدۇ.

* *

ئېشىگى ھېرىپ قېلىپ،
يۈكىنى ئارتتىم باقىنىڭ.
يەسەڭ چىشىڭ چۈشىدۇ،
سۇدىگەرنىڭ قېقىنى.
ئەينەككە قاراپ يۇلاي
ساقىلىمنىڭ ئېقىنى.

* *

غازاڭ كېسىپ سەمرىتەي
باققاندىكى قويۇمنى.
ئۆزەم تېپىپ ماڭالماي،
كېچە ماڭغان يولۇمنى.
قانچە گۇنايىم بولسا،
باغلاپ بېرەي قولۇمنى.

* *

گەپ قىلماستىن يۈرگەنگە،
ساراڭمىكىن دېدىڭمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەپىڭنىڭ ئۇچىنى ئېيتتىم
قالغىنىنى بىلدىڭمۇ؟
ئالاقانات بىۋاپا،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟

* *

خەۋىرى كەلگەن بىلەن،
كەلمەيدىكەن ئۆزلىرى.
قاتتىق تاشنى ئېرىتكەن،
شېرىن ناۋات سۆزلىرى.
مېنىڭ ئىچىمنى كۆيدۈرگەن،
مۇزاي كىرپىك كۆزلىرى.

خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ
چىراي - پەيزىم سارغىيىپ.
يەتمەيتۇ مۇرادىغا،
بۇرۇنقى ئۆتكەن شاھ، غېرىپ.
يېشىم يەتمەي قىرىققا،
كەتتى بېشىم ئاقىرىپ.

* *

ئىچىم ئېزىلىپ كەتتى،
قالدى تىرە ئۇستىخان.

ئولگىچە ئۇنۇتمايمەن،
كۇندە قىلدى داستىخان.
ئالتۇن گۈلنى ئۇنسام،
كويۇپ كېتىدۇ بۇ جان.

* *

كالا سويۇپ قىسىنىپ،
تېرىلغۇدا يېيىشكە،
بىزنى يارغا قاتقاندلار،
تىرىك كەتكەي بېيىشكە.
بىر قېتىم سويۇپ قويۇپ،
كۆڭلۈك ئاغرىپ نىمىشكە.

* *

گېچە كۇندۇزلا ماڭدىم،
دۆشۇ تاغنى ئارىلاپ.
ئىككى كۆزۈم تەلمۈردى،
يارىم تەرەپكە قاراپ.
شەيتان دىگەن بىۋاپا،
ئۆتقا سالىدۇ قىيناپ.

كېچە ـ كۇندۇز قىلارمەن،
يارىمنىڭ تىلەگىنى.

ئۈچ كۈن ياقىلاپ مېڭىپ،
ئۆگەننىڭ ئېلەگىنى①
ئېگىز يالاپ كەتكەندۇ،
گۈلۈمنىڭ بىلەگىنى.

* *

كىشى يارى بىۋاپا،
كېتەي كۆڭلۈمنى بولۇپ.
دەردىم ئارا بولمىدى،
سىنىڭ ئىشقىڭدا كۆيۈپ،
ئادەم كەلسە دۇئا دەپ،
ئاغزىغا يۈزنى سۈيۈپ.

* *

كىيگەن ئىگىنىڭ يارىشىپ،
تالدەك ئۆسكەن بويۇڭغا.
كېلەرىڭنى مەن بىلسەم،
چىقىپ تۇرماي يولۇڭغا.
ئۆزى كىچىك بولسىمۇ،
ئالەمنى ئالۇر قولىغا.

---

① ئۆگەننىڭ ئېلىگى — ئۆگەن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى.

* *

كۆزىمىزگە كور قىلىپ،
چايغا چىللاپ يارنى.
غېرىپ بولۇپ ئولتۇرسام،
كىشى سورىماي ھالىمنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
نەمگە ياقاي باغرىمنى.

كۆزۈمدىن ئاققان ياشىم
توشۇپ كەتتى تارىمغا،
مەن يارىمنى تېڭىۋالاي،
كۆيۈپ كەتكەن باغرىمغا.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئاغرىنمايمەن جېنىمغا.

* *

كۆيۈك ئوت يامان ئىكەن،
پاتمايدىكەن تېنىمگە.
ھەممىسى سانچىق بولۇپ
تۇرۇپ قالدى بېلىمگە.
تۈڭلۈگۈڭ ئوچۇق بولسا،
كىرىپ بارسام ئۆيۈڭگە.

AltunOq

*        *

مېھرىۋانىم خوش ئەمدى،
ئۈزىتىپ قويۇپ ياندىڭ.
تولغىنىپ قاراپ تۇرۇپ،
بار تېنىمگە ئوت ياقتىڭ.
قانداق بارىمەن ئەمدى،
ئايرىلىپ يولدا قالدىڭ.

*        *

مېنىمۇ قۇچاقلىدىڭ،
كوينىگىڭنىڭ تېشىدىن،
مەندە كوڭلىڭىز بولسا،
نان ئورۇپ يەي بېشىڭدىن
مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
قويمىسام يار قېشىدىن.

*        *

مېنىڭ چىرايىم سۇنۇق،
مەن سارغىيىپ ساماندەك.
ئويۇڭگە باراي دىسەم،
قېشىڭدا يارىڭ باردەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

كۆلدە چىقتىڭ ياسىنىپ،
قىزىلگۈل تۇلۇن ئايدەك.

* *

مەن قىشىنىڭغا باراي دەپ،
شۇ تار كوچا كەڭ بولماي.
ئاتىسى بىلەن ئويناپلى،
دۈشمەن بىلەن تەڭ بولماي.
يالغۇز ياتقىنى ئويۈگدە،
يېنىڭدا ئادەم قويماي.

* *

مەن مۇندىن يېنىپ كەتسەم،
ھېرىپ قالماس ئۇلاغىم.
يار ئىتىمنى چىقارسا،
ئاڭلار ئىدى قۇلاغىم.
قىلچە گۇنايىم بولسا،
ئىلىكىڭگە ئېلىپ سوراغىن.

* *

سىز يادىمغا كىرگەندە،
ماڭغان يولۇمدىن ئېزىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىچىمدىكى دەردىمنى،
بىرەيمۇ خەتكە يېزىپ.
غېرىپ بىلەن سەنەمدەك،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىپ.

سىزگە ئېيتىم ئىلەنىپ①،
مەن قېنىمغا پاتالماي.
غېرىپ جان ئۆتتۈك يامان،
كېچە ئورنۇمدا ياتالماي.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
خالى تېپىپ ئېيتالماي.

* *

سوغاق سۇنى بادىلاپ،
يوقلاپ باردىم ئۆيۈڭگە.
ھېچ ئىلاجىم بولمىدى،
يار كەلدىمۇ كۆڭلۈڭگە.
ھېچنەرسە دەر كار ئەمەس،
ئىچىمدىكى كۆيۈككە.

* *

تېرىپ قويسا ئۈنەدۇر،
يەنە كېلەر تېرىلغا.

① ئىلەنمەك — ئىلەشمەك، چاپلانماق.

بار تېنىم كويۈپ كەتتى،
ئارقىسىغا قايرىلسا.
بولەك باشتىن ئۆينايمەن،
ئاداشىدىن ئايرىلسا.

* *

ئۇن كېچىنى يورۇتقان،
ئون بەش كۈنلۈك ئاي ئىكەن.
يارىمىنىڭ مىنگەن ئېتى،
كوندۇرمىگەن تاي ئىكەن.
ئادەممىكىن دەپ يۈرسەم،
قۇرۇق سولەت باي ئىكەن.

* *

ئۇلۇق كولنىڭ① ئىچىدە،
قېشىڭنى قارا قىلىپ،
قىلغان ۋەدەڭگە تۇرماي،
كوڭلۈڭنى ئالا قىلىپ.
بىرەر قاتار يوقلىغىن،
ئوتتۇنغا بانە قىلىپ.
شامال كەلسە پۇرايدۇ،

① ئۇلۇق كول — لوپنۇردا بىر يەر ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپىڭىز تۈز ئۈچۈن.
ھەجەپ ئىچىم كۆيىدۇ،
شۇ مەلىدە سىز ئۈچۈن.
ھەسرەت بىلەن تۇتقان يار،
گەپ ئاڭلىما بىز ئۈچۈن.

*　*

ياخشى گەپنىڭ باھاسى،
ھەركىم ئالسا مىڭ تىللا.
ئويىنىغىن گاڭگۇك بىلەن
جان قىينىلار ياڭسۇڭدا①
پۇقرا ئەللەر بىلمەيدۇ،
سۈرتى بار جاڭجۇڭدا.

*　*

يامغۇر يېغىپ قالمىسۇن،
ھاۋا - جاھان بۇزۇلۇپ.
بىر ئېغىز گېپىم بىلەن،
يارىم بىزگە بۇزۇلۇپ.
بىۋاپا چىقىپ قالدىڭ،
مەن يۈرۈيمەن مۇرۇندلۇق.

① ياڭسۇڭ ــــ نامەرت.



AltunOq

يامغۇر يېغىپ قالمىسۇن،
كىيگەن تونىنى ھۆل قىلىپ.
قاراپ كۈلمىسىز يارىم،
مېنىڭ ئىچىمنى خۇن قىلىپ.
ئۆزەڭگە دورا قىلغىن،
مېنى سېتىپ پۇل قىلىپ.

يار ئايرىلىپ قالغانغا،
چام سېلىپ ماڭغۇم كەلمەي.
شەيتان دىگەن بىۋاپا،
ئۆيلىسا چۈشكە كىرمەي.
ئىشىنىپ كېتىپتىمەن،
قويغان قارادا كەلمەي.
يار بىلەن قاتار ماڭسام
كىچىگو چوڭ قارىشىپ.
سېنىڭ بىلەن ئاداش دەپ،
يۈرىشىدۇ ھارىشىپ.
شۇنداق ئالەم ئۆتەرمۇ،
يىراق يەردىن قارىشىپ.

* *

يارنىڭ ئۆلتۈرغان ئۆيى،
قىلۋى يېنى تۈز بولۇپ.
ئۇچراشقان ئادەملەرگە،
ئېچىلىسىز گۈل بولۇپ.
ئوتۇڭىز چۈشۈپ قاپتۇ،
كويۇپ كەتتىم كۆل بولۇپ.

* *

يارغا قاتقان قوشىغىم،
ناۋايىنىڭ بېيىتى.
بەر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ،
تاش كوڭلۇمنى ئېرىتتى.
كوڭلى ئاغرىپ كېتىپتۇ،
بۇ كەمگىچە كېلەتتى.

* *

يىمىشلىك دەرەخلەرنىڭ،
يوپۇرمىغى سېردىلىپ.
نوزۇك جان ئوتۇڭ يامان
كەتتى يۈرەك ئېزدىلىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىزلەپمۇ تاپالمايمەن،
قايان كەتتىڭ ئىچىلىم؟

*　*

يۈرگۈزمەيدۇ تەرگىشىپ.
ئۆز توققانلار خاس بولۇپ①
كوڭلىنى بولۇپ كەتتى،
قېرىنداشلار يان بولۇپ.
غېرىپسىنىپ يۈرۈيمەن،
ئىچىم دەرت بىلەن تولۇپ.

ئەتىگەندىن بېرىسى،
دەردىمنى ئۆزەم بىلەرمەن.
كوزۇمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرسەن.
مەندىن ئۆتكەن كەمچىلىك،
ئۆز ئۆستۆمگە ئالارمەن.

*　*

ئەتىگەن كەلگەن شامال
كۆن پاتقۇچە توختىماي.

① خاس بولۇپ — دۈشمەن بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

جاپا تارتتىڭمۇ يارىم،
بىرچە كېلىپ يوقلىماي.
بىر مەلىنىڭ ئىچىدە
ساڭا كىشى ئوخشىماي.

* *

غېرىپسىنىپ ئولتۇرسام
كىم كېلىدۇ قېشىمغا،
كىمە سېلىپ ئوتۇڭلار،
كوزدىن ئاققان يېشىمغا
شۇنچە دەرت - ئەلەم كەلدى،
كىچىك تۇرۇپ بېشىمغا.

* *

غېرىپ بولغان چېغىمدا،
ھېچكىم كەلمەي قېشىمغا.
يار مېنى تاشلىۋەتسەڭ،
ياخشى بولماس ئېتىڭغا،
چىن گېپىڭنى دىمىگىن،
ئۇرۇق - تۇققان، يېتىڭغا.

* *

غازاڭلار سارغىيىپتۇ،
كۈز بولغانغا ئوخشايدۇ.

كوزۇمدىن ئاققان يېشىم،
ئەمدى قاچان توختايدۇ.
غېرىپلىغىمنى بىلىپ،
كۈندە كېلىپ يوقلايدۇ.
ھەجەپمۇ يارىشىپتۇ،
بويۇڭدىكى پەشمىتىڭ.
غېرىپ كوڭلۇمنى يېشىپ،
بىردەم ئولتۇر گەپلىشىپ،
ئوز تۇققان بولدى دۇشمەن
يۇرگۇزمەيدۇ تەرگىشىپ.

* *

ھەممىدىن ئىگىز ئۇچۇپ،
كوزۇم چۇشتى تېرەككە.
جاندىن ئېزىز چىمەنگۈل،
ئوتۇڭ چۇشتى يۇرەككە.
خاتىرىڭنى جەم قىل،
گەپ قىلمايمەن بولەككە.

* *

ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭدىم،
كونچىدىكى① سامانغا.

① كونچى — لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ ئىسمى.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

گەپ قىلمىساڭ بولمامدۇ،
ماڭا ئوخشاش يامانغا.
دوست ۋە دۈشمەن ئىچىدە،
چىقالمىدىم دالانغا.

* *

هاۋا پاراخوت① ئۇچادۇر،
ئاسماندىكى يەل بىلەن.
ئاغزىدا بىزنى ئالداپ،
يىپىدىكى ئەل بىلەن.
بۇ يۇرتتا تۇرمايدىمەن،
مەن ئايرىلسام سەن بىلەن.

* *

هاۋادىن چۈشۈپ تۇرغان،
قارمىدى يامغۇرمىدى؟
كويگىنىمنى بىلمەيسەن،
يارىم باغرىڭ تاشمىدى؟
بىز تەرەپكە قايرىلماي،
بولەك يارىڭ بارمىدى؟
ھەمرا دىگەن ھەمرايىم،
قايان كەتتىڭ قايرىلىپ.

---

① هاۋا پاراخوت — ئايروپىلان.

بىز تەرەپكە كەلمەيسەن،
بىرەر ۋاقىت يات قىلىپ.
تۆكۈلۈپلا كەتتىڭمۇ①،
سەن باغرىڭنى تاش قىلىپ.

* *

قاچان سايىسى چۈشەر،
يېڭىدىن تىككەن جىرىم.
سۆيسەڭ تىلىمنى ئېرىتەر،
ناۋاتتىن تاتلىق لېۋىڭ.
يېڭى ئۈسمە نازۇك جان،
يالغۇز ئۆزەمنىڭ خىلىم.

* *

قانىتى بار قۇش بولۇپ،
ئۇچۇپ ھاۋاغا چىقسام.
دۈشمەنلىرىڭ بولمىسا،
ئېلىپ ئىچىمگە يۇتسام.
بار تېنىمگە ئوت كەتتى،
قولۇڭ ئۇچىنى تۇتسام.

---

① تۆكۈلمەك — ئاينىش، بۇرۇلۇش، يۈز ئۆرۈش مەنىلىرىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*      *

قانىتى بار قۇش بولۇپ،
ھىندىستاندا قىشلىسام.
مېنىڭ سۇنار چىرايىم،
بىردەم ئۇيىدىن چىقمىسالىڭ.
ئاخىر بولار ئۇۋالىم،
خۇدايىمغا يىغلىسام.

*      *

قەنىنى قوشۇپ يۇغۇرغان،
ناشپىكەرنىڭ تىلىغا.
يارىمنىڭ خەۋىرىنى،
ئېلىپ كەل يالغۇز قاغا.
يار مېنى يامان دىسە،
ئەمدى ئۇينار خىلىغا①.
قارا چاچىنى تالقىتاي②،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
جېنىمنى قېتىپ بېرەي،
كەتمەن تۇتقان قولۇڭغا.

---

① خىلىغا — خىلى بىلەن مەنىسىدە.
② تالقىتماق — چۇۋۇماق.

كېلەرىڭنى مەن بىلسەم،
چىقىپ تۇرماي يولۇڭغا.

* *

قېرىپ قالسام يۈرۈيمەن
تىرەك - ھاسا تايىنىپ.
ئونلۇقتىن① بېلىق تۇتۇپ،
ئاداشىمغا يارىنىپ.
كونچىگە چىقىپ كەتتىم،
نىمە ئىكىن خىيالىم؟

* *

قاش - كوزۇڭنى ئوخشىتاي،
ئېقىپ تۇرغان بۇلاققا.
قىلچە گۇنايىم بولسا،
ئوزەڭ ئالغىن سوراققا.
مەن مۇرۇنلۇق يۈرۈيمەن،
ئوڭ كوزدىكى قاراققا②.

* *

قېشىڭنىڭ قاراسىنى،
نەمگە تېرىپ ئۇندۇرەي.

① ئونلۇق — لوپنۇردا يەر ئىسمى.
② قاراق — قارىچۇق.

بىردەم ئۇلتۇر قېشىمدا،
مەن كوزۇمگە سىڭدۈرەي.
دوستۇمدىن تولا دۈشمەن،
قانداق ئېچىلىپ كۈلەي.

* *

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ئۇزەڭ يىمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
بىر گېپىڭنى دىمەمسەن؟
ئىچىمگە چۈشتى كويۇك،
قىزىلگۈل يار بىلمەمسەن؟
قىلۋىدىن كەلگەن شامال،
تېگىپ تۇردى قۇلاققا.
چىرايىڭ ھەجەپ سۇنۇق،
كىملەر ئالدى سوراققا.
قاش - كوزۇڭنى ئوخشىتاي،
ئېقىپ تۇرغان بۇلاققا.

* *

قىرىق ئادەم بىرىپتۇ،
قارا دوڭگە① زەمبىلگە.
ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىقى ئادرېسى
Altunoq

قىزىلگۈلۈم مەن سىزگە.
شۇنچە دەردىڭنى تارتسام
دال بولمىدىڭ دەردىمگە.

* *

خىزمىتى چىققان بولسا،
كېلەر ئۇندى بىز ياققا.
شەيتان دىگەن بىۋاپا،
ھەجەپمۇ سالدى ئوتقا.
ساياقلىق قىلما يارىم،
چۇشاق سالاي پۇتۇڭغا.

* *

قوشىغىم ئېيتىپ بېرەي،
تېگىنى بىلگىن ئۆزۈڭ.
مېنىڭ ساڭا كويگىنىم،
ھەسەلدىن تاتلىق سۆزۈڭ.
چىرايىڭغا ياراشقان،
قاش كىرپىك قارا كۆزۈڭ.

* *

قولۇڭدىكى بىلەيزۈك،
پاتار بولسا بىلەككە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر سىگىل دەپ ئېسىركەپ①
تۇغۇلۇپسەن بولەكچە.
ئەگەر ئاۋازىڭ چىقسا،
دەز كېتىدۇ يۈرەككە.
قوساق كوپۈگى قىلماي،
ئولتۇرۋاتقىن مېنى،
شۇنچىلارنىڭ ئىچىدە،
خارايلاپ② تۇتتۇم سېنى.

*　*

ئوگەننىڭ ياقىسىدا،
ئۇنۇپتۇ توغراق يانتاق.
ھاشارچىغا يېتەلمەي،
كېچە - كۈندۈز يول ماڭساق.
ياشلارغا تەڭ قىلمىدىڭ،
ساقىلىمغا ئاق چالسا.

ئوتىمدىغان يولۇڭغا،
ئولتۇراي سايە قىلىپ.
مەن بېرىپ يوقلاپ كېلەي،
بىر ئىشنى بانە قىلىپ.

---

① ئېسىركەپ ــ ئەتىۋالاپ.

② خارايلاپ ــ تاللاپ.

بولدى بۇگۈن توققۇز كۈن،
يۈرۈيمەن ناله قىلىپ.

* *

ئۆزەم خەت بىلەر بولسام،
سىزىپ ئالسام كوزۇڭنى.
ئىچەلىم ئايارسەنمۇ،
بىر ئىككى ئېغىز سوزۇڭنى.
سەن ئۆزەڭ كىچىك ئەمەس،
تونۇپ يۈرگىن ئۆزەڭنى.

* *

ئۆزەم يوقلاپ يۈرۈيمەن،
سېغىنغىنىمنى چېنەپ①
قېرىپ قالغان خوتۇندەك،
ماڭغان يولۇمدىن تېنەپ.
يارىم مېنگەن ئېتىڭنى
قىزىڭغا بەرگىن ئېنەپ②
يېرى جاڭگاللىق ئۇچۇن،
كورۇنمەي غاغالتاسى③

① چېنەپ — ئولچەپ.
② ئېنەپ — ئەن سېلىپ، ئاتاپ.
① غاغالتا — دەريانىڭ كېمە توختايدىغان يېرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ شەھەردىن كەپتۇ،
قەنىنى سالغان خالتاسى.
يۇرتىكىلەرگە ئوخشاش،①
كوينىگىنىڭ ياقىسى.
كوينىگىنىڭ ياقىسى،
سىم يىپ بىلەن پەرلىگەن.
تاڭ ئاتقۇچە ئىش قىلىپ،
چارقا سوزۇپ يەملىگەن②
ئۇلۇغ شەردە ئولتۇرۇپ،
كول ئىچىگە كەلمىگەن③
ياغ بىلىقنى يەي دىسە،
كول ئىچىگە كەلمەسمۇ؟
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،
بىز ئىككىمىز ئەمەسمۇ؟
يادىغا ئونار بولسا،
بىرەر قېتىم دىمەسمۇ؟

* *

كورلىغا بارايلى دەپ،

① "شەھەردىكىلەرگە ئوخشاش" دىگەن مەنىدە.
② سىم يىپ — زەر يىپ.
③ "چاق بىلەن يىپ ئىگىرگەن" دىگەن مەنىدە.
④ لوپنۇرلۇقلار ئوزلىرىنىڭ يېزىلىرىنى "كول ئىچى" دىيىشىدۇ. بۇ سەھرا يېرى دىگەن مەنىدە.

سەھەردە ئاتنى توقى.
ئەلدە قولدەك ئىشلىگەن،
قولدا پۇلۇمنىڭ يوقى.
ئىچىلىمەدىن ئايرىلسام،
كوزۇمنى قارغا چوقى.

ئاڭلىمايدۇ سوزۇمنى،
ياخشىلارنىڭ قۇلاغى.
چىدىغىلى بولمايدۇ،
جاجاڭ بەگنىڭ سوراغى.
كوچكەندە يىتىشەلمەي①،
ئاجىز كىلىپ ئۇلاغىم.

ئاجىز كىلىپ ئۇلاغىم
بۇ يوللارنىڭ يىراغى.
نىرى بىقىپ ماڭغىنىڭ،
ھور قىزلارنىڭ سىياغى.
تىلىمنى كۇيە يىسۇن،
مەلىمىزنىڭ چىراغى②.

---

①"يارىم كوچكەندە" دىمەكچى.

② بۇ توت مىسرانىڭ مەنىسى: سىنىڭ نىرى قاراپ مىڭىشلىرىڭ خۇددى ھور قىزلارنىڭ سىياقى، سىنىڭ تەرىپىڭگە جۇرئەت قىلىپ ئىغىز ئاچقىنىم ئۈچۈن تىلىمغا كۇيە چۈشسۇن، سەن مەلىمىزنىڭ چىرىغى، ئاخىرقى ئىككى مىسرادا لىرىك چىكىنىش قىلىنغان.

AltunOq

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

بېقىپ يەي دېسەڭ مال قىل،
يېتىپ يەي دېسەڭ باغ (تىل)

قوغۇن ئوغرىلىغاننىڭ قولىنى كەسمەك،
شاپتۇل ئوغرىلىغاننىڭ كوتىگە تەپمەك.

شاپتۇلدا باغ ئەتمە،
ئۆچكىدە مال (ئەتمە).

خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئەردىنى باقار،
دېخاننىڭ ئوبدىنى ئۆيىنى (باقار).

ئىشقا چىقساڭ كۈنگە باق،
ئۆيگە كىرسەڭ يەرگە (باق).

مېڭىشنى بىلمىگەن ئۆي قىرنى بۇزىدۇ.

ئىش قىلىدىك دېسە چىپىىگى تارتىدۇ،
ئاش يەڭ دېسە چوپىنى تارتىدۇ.

ئىشتىن قاچساڭ قوساقتا تۇتىلىسەن.

مالنى كىپەككە ئال،
مالچىنى ئالتۇنغا (ئال).

چىدىغان بورە گوش يەيدۇ،
چىدىمىغان بورە يۇڭ (يەيدۇ).

ئىتمۇ ئوز يالىقىنى قورۇيدۇ.

ئىش ئىگىسى بىلەن قۇش مىگىسى بىلەن.

بەش قولۇم بەش گۇل.

ئەلگە باققان خار ئەمەس.

هورۇننىڭ ئىمارىتى —
قارا سوگەتنىڭ سايىسى.

يىگىت تۇغۇلۇپ هېيىپناق بولمايدۇ،
تۇرۇپ هېيىپناق بولىدۇ.

توگىنىڭ مەيلى بولسا —
يانتاقتا بوينىنى سوزىدۇ.

ئىككى ئېغىز كاپ-كاپتىن،
بىر ئېغىز چىپ-چاپ ياخشى.

پولو بولمىسا ئوماچ ئىچكەن ياخشى،
بىكار تۇرغاندىن جىگدە شومىگەن (ياخشى).

ئالما چىچەكدە ئات بېشى ئالتۇن
بېرىپ بۇغداي سوغار.

ئۇرۇغىڭنى يىگىچە ئۆيۈڭنى يە.

قوناق شالاڭلىقتىن،
بۇغداي قويۇقلۇقتىن.

قوناقنى دوڭگە تېرى،
بىدىنى ئويغا (تېرى).

يىگىت ھەقلىقىغە يارالغان،
قوي قۇربانلىققا (يارالغان).

ئوقۇغان ئۇزار، ئوقۇمىغان توزار.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.

قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بايلىق - بايلىق ئەمەس، بىرلىك بايلىق.

بۇيرۇغان ئاشتىن بۇرۇلۇپ كەتمە.

ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر،
ئات بېشىغا كۈن چۈشسە ئېغىزدۇرۇق بىلەن سۇ ئىچەر.

قانىنىڭ قەدرىنى سالجا بىلىدۇ
پۇلىنىڭ قەدرىنى بېخىل (بىلىدۇ).

ئورۇق كالىنىڭ تېزىگى يوغان.

توپلىغۇچى: ئەخەت ھاشىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتالوگى

## تۈزگۈچىدىن

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسى، ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ داشۆي، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ بۇ كىتاپلار كاتالوگىنى تۈزدۈم، بۇ كاتالوگقا پەقەت ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىلا تاللاپ ئېلىندى.

سەۋىيەم تۆۋەن، تەجرىبەم ئاز، ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن كاتالوگتا، كەمچىلىك، خاتالىقلاردىن ساقلىنىش تەس بولىدى. مۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش، بېيىتىش خىزمىتىگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن يولداشلارنىڭ تەنقىدىي، ياردەم ۋە تۈزىتىش بېرىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن. تېپىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن كاتالوگ ئۇيغۇرتىلى ئەلپاۋىت تەرتىۋى بويىچە بېرىلدى.

ھاجى نۇراجى



Altun0q

## «ئالپ ئەرتوڭا» داستانى

ئالپ ئەرتوڭا (قەھرىمان ئەرتوڭا) قەدىمقى ۋاماندا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قەھرىمانىنىڭ نامى بولۇپ، پارىسچە ئافراسىياب دىگەن نام بىلەن مەشھۇر. مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەت تۈرك» ناملىق ئەسىرى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە بۇ قەھرىمان شەخس ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئىرانىنىڭ 4 - سۇلالىسى - ساسانىلار (مىلادى 7 — 3 ئەسىرلەر) دەۋرىدە، ئىران بىلەن توران ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان. ئافراسىياب (ئالپ ئەرتوڭا) توران مەملىكىتىنىڭ سەر - دارى سۈپىتى بىلەن ئىران شاھلىرىغا قارشى نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلغان ۋە جەڭدە ھالاك بولغان. شۇ زاماندىكى تۈركى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا بېغىشلانغان قىسسەلەر بىلەن ئۇلۇمگە ئاتالغان مەرسىيەلەر پۈتۈن بىر داستاننى تەشكىل قىلغان. بۇ داستان پارچىلىرى «دىۋان» ئارقىلىق بىز - نىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

بۇ داستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىسى.

## ئالتۇن ياروق

تولۇق ئىسمى: ئالتۇن ئۆڭلۈك ياروق يالتىراقلىق قۇتتا كوتىرىلمىش نوم ئېلىگى ئاتلىغ نوم تىپىك (ئالتۇن نۇر چېچىپ جەممىدىن يۇقۇرى ئورۇندا تۇرىدىغان شاھانە ئەسەر).

بۇ بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە ھېكايىلىرى بايان قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولۇپ 10 - ئەسىردە بەشبالىقلىق (جىمسارلىق) سالى تۇتۇڭ دېگەن كىشى تەرىپىدىن خەنزۇچە-دىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر. بۇ كىتاپ قەدىمقى بولۇپمۇ ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرغا قەدەر بۇ كىتاپنىڭ سانسكرىت (ھىندىچە) تىبەتچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە نۇسخىلىرى تېپىلغان. 1911 — 1909 - يىللىرى روس ئالىمى س. ئې مالوۋ تەرىپىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇچۇەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ۋاڭ فۇگو، (ۋاڭ شىگۇ) يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ نۇسخا 1917 — 1915- يىللىرى رادلوف ۋە مالوف تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. قالغان نۇسخىلىرى بېرلىندا ساقلانماقتا.

## ئاسارە ئىمامىيە (كەلىلە - دەمنە)

ئاپتورى: بىدپايى ھېكىم

ھىندى يازغۇچىسى ۋە پەيلاسوفى بىت پايى بىرەھمەنىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى تەرىپىدىن ھىج-رىيىنىڭ 1131 - يىلى پارسچە نۇسخىسىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھوكۇمدارى مۇھەممەت ئىمامبەك سەۋەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور تەرجىمىنى

«ئاسار ئىمامىيە» دەپ ئاتىغان.

بۇ ئەسەرنى ھىندى پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي دىيىش مۇمكىن. قولىيازما، ئۇيغۇرچە. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## بەرقى تەجەللى ۋە سەبەق موجەللى

ئاپتورى: سەيد ھوسۇيىن خان (تەجەللى)

بۇ ئەسەر مەدھىيە ۋە ئىشقىي - مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى ئەرەبى - فارسى ۋە تۈركى تىلىدىكى شېئىرىي توپلام. ئاپتور مەۋلانە ھوسۇيىنخان قاغىلىق ناھىيىسىدە ياشىغان بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلغان ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەتتە بولغان. ئۇ ئۆزى ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە ھىكىم (تىۋىپ) ئىدى.

شائىرنىڭ بەزى توپلاملىرى قازان مەتبەئەسىدە بېسىلغان. بۇ ئەسىرى ئاپتور ھايات ۋاقتىدا قەشقەردە بېسىلىپ، ئۇ غدا شىنجاڭدىكى يۇقۇرى مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىنىپ ئوقۇلغان.

بۇ كىتاپ ئەرەبى - فارسى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ، 144 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## پارچە شېئىرلار

ئاپتورى: نىيازى

**نىيازى** نامىلىق بىر شائىر (زامانى مەلۇم ئەمەس) ئۆز شېئىرلىرىغا مەشرەپ، ناۋايى قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ بىر قىسىم

سىبىرلەرنى قوشۇپ تۈزگەن توپلام، قولىيازما. ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

پەندنامە

ئاپتورى: ئىسمائىل بېك (بى نىشان)

بۇ ئىپىك تەسەۋۋۇپ داستان بولۇپ، شائىر بىنىشان ھىجرى 1258 - يىلى يازغان. ئەسەر تامامەن پەند - نەسىھەتنى ئاساس قىلغان 11 بابقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى 8 ماۋزۇ بىلەن پەيغەمبەرلەرگە مۇراجەت، ئىككىنچىسى 6 ماۋزۇ بىلەن ئىلىم ۋە ئەمەل، ئۈچىنچىسى 3 ماۋزۇ بىلەن قانائەت، تۆتىنچىسى 4 ماۋزۇ بىلەن نەفس. بەشىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن ئادالەت؛ ئالتىنچىسى 2 ماۋزۇ بىلەن سىكبا (سەۋر)، يەتتىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن شۈكرى - سانا؛ سەككىزىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن قايا، توققۇزىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن دۇئا، ئونىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن ساخا (سېخىلىق)، ئون بىرىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن خاتىمىدىن ئىبارەت. ئەسەر ئارۇزنىڭ تاقىماق (دېكلاماتسىيە) ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. بۇ كىتاپتا جەمى 10 مىڭ 948 مىسرا بېيىت بار، قولىيازما.

ئۇيغۇر تىلىدا، 322 بەت. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

«پەرھات - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»

ئاپتورى: ئۆمەرباقى

ئۆمەر باقى بۇ ئىككى ئىشقىي داستاننى «نەسرى - نەزىم» ئۇسلۇبىدا مىلادى 1792 - يىللىرى يەكەن ھۆكۈمدارى ئىۋەز

بىلەن نامىغا يېزىپ چىققان (ئەسلى خەمسە ناۋايىدىن ئېلىنغان).

بۇ ئەسەردە ئىككى جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئىشقى مۇ - ھەببەت ھىجرانى ۋە شۇ دەۋرنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ئەھۋال - لىرى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرچە، قوليازما. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## تارىخىي رەشىدى

ئاپتورى: مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر

بۇ ئەسەر 1541 — 1551 - يىللىرى يېزىلغان، 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان داستان. بۇ ئەسەر چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدا موڭغۇل، چىغتاي، ئۇيغۇر، قازاق - قىرغىزلار توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللار بار بولۇپ، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا توغلۇق تۆمۈرخاندىن تارتىپ يەركەن خانلىقى ئابدۇرىشىت خان دەۋرىگىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

2 - قىسمى ئاپتورنىڭ ئەسلىمىلىرى بولۇپ، ئاساسەن يەركەن خانلىقى يۇنۇس خاندىن كېيىنكى چوڭ ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى پارسچە يازغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەپسۇسكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسلى نۇسخىسى قولىمىزدا يوق.

Altun0q

www.uyghurkitap.com

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئەسەر ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن دۇنيا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## تارىخىي مۇسىقىيۇن

بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاساسىي بولغان مۇقاملارنىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ كەشپىياتى ھەققىدە بۇنىڭدىن 110 يىل بۇرۇن خوتەنلىك «موجىزى» تەخەللۇسىدىكى ئىسمەتۇللا ئىبنى نېمەتۇللا ئىسىملىك ئەدىپ تەرىپىدىن يېزىلغان قىسقا تارىخىي ئەسەر، ئاپتور بۇ ئەسەرنى بىرمۇنچە تارىخ مەنبەلىرى ئاساسىدا يارىتىلغىنىنى يازىدۇ. خۇسۇسەن ئابدىرىشىتخان زامانىسىدىكى مۇقامشۇناس، مۇزىكانت، شائىرە - ئامانىسا خېنىم ھەققىدە ئاپتور ئوبدان مەلۇمات بېرىدۇ. كىتاپ گەرچە قىسقا بولسىمۇ 12 مۇقامنى، مۇزىكىشۇناسلارنى تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئاپتور ئاخىرىغا ناۋايىنىڭ «كۇللىيات ناۋايى» ناملىق شېئىرىنى قوشۇپ قويغان.

ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 16 بەت. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## تارىخىي ۋەتەن ۋاقىئاتى خوتەن

ئاپتورى: مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى (خوتەنلىك)

بۇ ئەسەردە تۇرك خانلىرىنىڭ ۋە قەدىمقى تۇرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، خوتەننىڭ پەيدا بولۇشى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن-

قى خوتەننىڭ ئەھۋالى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋردىكى ئىجتىمائى تارىخىي ئەھۋاللىرى يېزىلغان كىتاپنىڭ ئاخىرىنى 6 شەھەر خەلقىنىڭ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلىرىنى بايان قىلىش بىلەن تاماملىغان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى شېئىر بىلەن يازغان.

قولىيازما، ئۇيغۇرچە. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## تارىخىي ئەسەر ۋاقىئە كاشغر

ئاپتورى: ئىمىر ھوسۇيىن

شىنجاڭنىڭ قەدىمقى ۋە يېقىنقى تارىخىي ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەر. مەزمۇنى: قەشقەرنىڭ بىنا بولۇشىدىن قىسقىچە سۆزلەپ چىڭ شۇرىن دەۋرىدىكى قەشقەر ئەھۋالى، قەشقەر ھۆكۈمدارى دوتۇڭ - دوتەي ۋە ھاكىملارنىڭ قىلمىشلىرى سۆزلىنىدۇ. يەنە باش قىسمىدا تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئەھۋالى، ئاپپاق خوجا ئەجداتى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىرغىنچىلىقى، ئىپارخان ھەققىدە ھېكايە، ئاقتاغلىق - قاراتاغلىق گۇرۇھىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قوقەنت خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزى، ياقۇپ بەگنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى، قەشقەردە چەتئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بايان قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا سىيىت نوچى ھېكايىسى، ۋەلىخان تۆرىگە قىلىچ سوقۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي

قىسسە، ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىدىكى دوم ـ دوم ـ لەۋەي-لەۋەيىنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار بېرىلگەن. قولىيازما 280 بەت.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## تەزكىرە ئەزىزان

ئاپتورى: مۇھەممەت سادىق قەشقەرى

مىلادى 1771 ـ يىلى تەزكىرە جاھان ياكى «تەزكىرە ئەزىزان» دېگەن ئەسەرنى داستان ئۇسلۇبىدا يازغان. بۇ ئەسەردە شىنجاڭغا چەتتىن كىرگەن خوجىلارنىڭ مەخسۇس تارىخى يېزىلغان.

قولىيازما، ئۇيغۇرچە، 352 بەت. شىنجاڭ مۇزېيى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## دىۋان ئەرشى

بۇ ئەسەر «ئەرشى» تەخەللۇسلۇق بىر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى. ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. يىلى مەلۇم ئەمەس. ئەسەر ئىشقى غەزەللەردىن ئىبارەت.

قولىيازما، ئۇيغۇرچە، 116 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## دۇررىلىنجات (ئىنجاتلىق گوھەرلىرى)

ئاپتورى: ئابدۇررەھىم نىزارى

شائىر بۇ مۇنازىرە تەرزىدىكى داستانىنى 1889 - يىللىرى زوھورىدىن ھاكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يازغان.

ئەسەردە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇنلۇق بولۇشى، ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل ۋە ئاقىل بولۇشى ھەققىدە سوئال - جاۋاپ ۋە نەسىھەت - قەسىيەت بېرىلگەن. سوئال - مۇدىر خۇربىن نامىلىق سەلبىي ئوبرازنىڭ ئاغزىدىن، جاۋاپ - موقبىل روشەنىدىل نامىلىق ئىجابىي ئوبرازنىڭ ئاغزىدىن بېرىلىدۇ. تۈزۈلۈشى نەسرى - نەزىم شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمىي كىتاپ 88 سوئال، 92 جاۋاپ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كىتاپ تولۇق ئەمەس. ئوتتۇرىسىدىن، ئايىغىدىن بىرقانچە ۋارىغى يوق.

ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 152 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## دىۋان ئېمرى

ئاپتورى: شائىر ئېمرى

شائىر ئېمرى (1822 - يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ شېئىرىي ئەسىرى ھىجرىيىنىڭ 1293 - يىلى ئۈچتۇرپان شەھرىدە رەھمان قۇلى ئىسمىلىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما، ئۇيغۇرچە، 372 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## دىۋان زەلىلى (نۇسخا)

ئاپتورى: مۇھەممەت سىدىق زەلىلى

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ بىرسى رەسمىي دىۋانى، يەنە بىرسى قىسقا شېئىرلار توپلىمى بولۇپ هازىر ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ، شائىرنىڭ مىلادى 1727 - يىلدىن مىلادى 1735 - يىلغىچە يازغان تۆت داستانى بىلەن 253 پارچە شېئىرىنىڭ دىۋانى. پوئېمىلىرى (1) قىرىق چىلتەن. (2) تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شېرىپ بوزروكۋار (3) ھەزرىتى ھەتپە مۇھەممەت بوزروكۋار (4) سەپەر-نامە. بۇ ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتە يەركەن خانلىقى ئابدىرشىت خانىنىڭ تارىخى بىلەن يەركەننىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالىنى ۋە شائىرنىڭ ئۆز تەرجىمھالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شېئىرلىرى مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن. غەزەل، روبائىلاردىن ئىبا - رەت. تولىسى مۇھەببەت لىرىكىلىرى. سىياسى، قانۇنغا ئائىت ھېكمەتلەردىمۇ بار. ئاخىرىدا 3 ساقى نامەسى بار.

قولىيازما، ئۇيغۇرچە. 336 بەت. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساق - لانماقتا.

## دىۋان سادايى

ئاپتورى: مىر ھەسەن

مىر ھەسەن ئىسىملىك شائىرنىڭ (سادايىنىڭ) ناۋايى ئۇس-لۇبىدا يازغان لىرىك ئىشقىي غەزەللىرى توپلىمى.

تاشكەنت تاش مەتبەسىدە بېسىلغان، ئوزبېكچە، 96 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

دىۋان نوبىتى (2 نۇسخا)

ئاپتورى: نوبىتى

خوتەنلىك شائىر نوبىتىنىڭ شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، بىرسى رەسمى دىۋانى، يەنە بىرسى پارچە شېئىرلىرىدىن توپلەنگەن توپلىمى، بۇ توپلام شائىرنىڭ 1740 - يىلىدىكى شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن. مەزمۇنى: مۇھەببەت، نەسىھەت، مۇراجەت ۋە دىنىي تەسەۋۋۇپلەردىن ئىبارەت. بۇ توپلامدا 107 مۇسەددەس، 31 روبائى، كىتابىنىڭ ئاخىرىغا شائىر ھوۋەيدانىڭ 69 شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

قولىيازما، ئۇيغۇرچە، 100 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

دىۋانى نوبىتى

مۇشۇ تەخەللۇسلۇق خوتەنلىك شائىرنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى، بۇ توپلام شائىرنىڭ 1740 - يىللىرىدىكى ئەمگىكىدىن جەملەنگەن.

1309 - ھىجرىيىدە خوتەننىڭ بامىيا يېزىسىدا ياشىغان موللا ئەخمەت دېگەن كىشى كوچۈرگەن قولىيازما.

مەزمۇنى: مۇھەببەت لىرىكىلىرى ۋە قىسمەن تەسەۋۋۇپ

ئەدەبىياتىغا دائىر شېئىرلار بار. بۇ توپلامدا 1600 مىسرادىن ئارتۇق شېئىر بار.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گورۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## دىۋان لۇغاتىت تۈرك

ئاپتورى: مەخمۇت قەشقەرى - تولۇق ئىسمى مەخمۇت بىننى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت كاشغەرى. 11 - ئەسىردە ياشىغان، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىردە بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا مەخمۇت 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر "ئوپال" دا تۇغۇلۇپ قاراخانىلارنىڭ مەركىزى بولغان ئاتۇشتىكى "ئازاق"دا ياشىغان. ئۇ زادىلىق پۈتۈن ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى ۋە دەسلەپكى ئىلمىنى قەشقەردە ئالغان: ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن قاراخانىلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ بارساغان شەھىرىدىن ئىدى. مەخمۇت قەشقەرى «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يارىتىشتا ئۆزى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۈركى تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەشتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۆپ جايلىرىنى ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا جايلاشقان ئوغۇز، تۈرك قەبىلىلىرىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئىسمى، ئۇلارنىڭ جايلىشىشى، تارىخىي ئەھ-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ۋالى، قەبىلىلەر تۈزۈلۈشى، ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى، تۈركى تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قايتا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن قاراخانىلار تىلى (ئۇيغۇر تىلى)نى مەركەز قىلىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا-مورفولوگىيە، لېكسىكالىرىنى ئىزاھلاپ چىققان. ئاپتور مىلادى 1079-يىللىرى ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنى تاماملاپ، 1074-يىل خەلىپەلىكتە ئولتۇرغان ئاببىاسلار خاندانلىقىنىڭ باغداتتىكى ھۆكۈمدارى ئۇبۇلقاسىم ئابدۇللاغا تەقدىم قىلغان.

بۇ ئەسەر يېزىلىپ 200 يىلدىن كېيىن 1265-يىللىرى مۇھەممەت بىننى ئابۇبەكرى دىگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. كوچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى ئىستامبول مىللى كۇتۇپخانىدا ساقلانغان. بۇ ئەسەرنى مىلادى 1917 — 1919-يىللىرى تۈركىيىلىك كىلىسىلى رەنجئەت 3 توم قىلىپ نەشر قىلغان. 1-توم 436 بەت، 2-توم 294 بەت، 3-توم 333 بەت. مىلادى 1939-ۋە 1941-يىللىرى تۈركىيىلىك پروفېسسور بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ئىستامبولدا نەشر قىلىندى. 1960-ۋە 1963-يىللىرى ئۆزبېكچە تەرجىمىسى 3 توم بولۇپ تاشكەنتتە نەشر قىلىندى.

## دىۋان زوھۇرى

ئاپتورى: زوھورى

«زوھورى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ شېئىر توپلىمى بولۇپ، كىتاپنىڭ باش-ئايىغىدىن بىرقانچە ۋاراق يوقالغان.

شۇڭا شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى، قەيەرلىكى مەلۇم ئەمەس.
مەزمۇنى: لىرىكىلىق ئىشقىي مۇھەببەتنى ئىپارەت. قول-يازما ئۇيغۇرچە، 70 بەت.

ئەتىبەتۇل-ھەقايىق (مەنىسى ھەقىقەت دەرۋازىسى)

ئاپتورى: ئەخمەد يۈگنەكى، ئەسلى ئىسمى ئەخمەد بىننى مۇھەم-مەت يۈگنەكى)

بۇ 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەد يۈگنەكى تەرىپىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل، خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئۇ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىنىشقا بولىدۇ.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى، دىن، تارىخ قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، قەدىمقى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ئەسەرگە ئىمىر ئەرسلان خوجا تارخاننىڭ يازغان ئىملاۋىسىدە بۇ ئەسەرنىڭ قەشقەر تىلى (خاقانىيە)دە يېزىلغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئۇنىڭ كورسىتىشىچە «ئەتىبە تۇل، ھەقايىق»نىڭ تىلى «دىۋان لۇغەتت تۈرك»نىڭ تىلىغا ئوخشاشلا خاقانىيە تىلى بولغان.

«ئەتىبە تۇل ھەقايىق» نىڭ 3 نۇسخىسى بار. 1-سى

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. بۇ نۇسخا (A نۇسخىسى) مىلادى 1444 - يىلى ۋىنىيول ئابىرنى سۇلتانى بەخت ھوسىيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن.

ھازىر بۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى ئىستامبۇلدىكى «ئايا سوفىيە» ناملىق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

2 - قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقىدا قۇرمۇ- قۇر قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (B نۇسخىسى). بۇ نۇسخا مىلادى 1480 - يىلى ئابدۇراززاق دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆ- چۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىمۇ «ئىستامبۇلدىكى ئاياسوفىيە» ناملىق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

3 - نۇسخىسى: يالغۇزلا ئەرەپ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ (5) نۇسخىسى دېيىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئىستامبۇلدا كۆچۈرۈل- گەن. ۋاقتى، كۆچۈرگۈچى ئېنىق ئەمەس. ھازىر بۇ نۇسخا ئىس- تامبۇلدىكى «توپقاپى ساراي» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىغا ئاساسەن تۈركىيىلىك نەجىپ ئاسىم ئەرەپ ھەرپى بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن سىنكىگراف ئۇسۇلىدا ئەينەن بېسىلغان، بۇ نۇسخا 240 بەتتىن ئارتۇقراق.

بۇ كىتاپ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا.

## ئەرزىيەت

ئاپتورى: موللا توختى

ئاقسۇلۇق دېگان شائىر موللا توختىنىڭ ئاقسۇ چۈن ۋاڭ ۋاقتىدا، ئالۋاڭ - ياساققا قارشى يازغان شېئىرلىرى. بۇ شېئىرلاردا

AltunOq

بىر تەرەپتىن چۈن ۋاقىتتا مەدھىيە ئوقۇپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەتكۈزمەكچى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالۋاڭ-سېلىقلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغان. شائىر ئالۋاڭچى بەگلەرگە ئىنساپ تىلەيدۇ، لېكىن ئۇز ئەرز-هالىنى ۋاقتىدا يەتكۈزگىچە بىرقانچە يىل سەرگەردان بولىدۇ. شېئىرىيىتى ئانچە يۇقىرى سەۋىيىدە بولمىسىمۇ ئەھۋالنى تامامەن شېئىر بىلەن بايان قىلغان.

قولىيازما، ئۇيغۇرچە، 50 بەت. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## نەپھاتىل ئۇنس

ئاپتورى: ئابدۇراخمان هاجى بۇ نەسرى ئەسەردە مەشھۇر
ئەدىب، ئالىم، ئاتاقلىق ئىشانلارنى تونۇشتۇرغان.
1915-يىلى تەشكەنتتە بېسىلغان
تىلى پارسچە.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## ئىشتىياقنامە

ئاپتورى: ئىبنى خۇاجە يادىبىنى مۇھەممەت دەۋلەت

•

شەھيار «غېرىبي»

ئۇيغۇرچە ھىجرىيە 1292-(مىلادى 1875-)يىلى يېزىلغان. قولىيازما، شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## ئەلشىر ناۋايى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولغان ئەلشىر ناۋايى مىلادى 1441 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1501 - يىلى ھىرات شەھرىدە ۋاپات بولغان. مەشھۇر «خەمسە»، «چاھار دى- ۋان» قاتارلىق ئولمەس شېئىر توپلاملىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتى، تىل - تارىخى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى بىلەن بىزگە قەدىرلىك.

ئەلشىر ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. «خازا ئىنئول — مەئانى» (مەنالار غەزىنىسى) ناملىق دى- ۋانى 16 خىل ئۇسلۇپتا يېزىلغان لىرىك شېئىرلاردىن تەركىپ تاپقان. «چاھار دىۋان» 48·803 مىسرالىق 3130 پارچە شېئىرنى ئوز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» — «ھەيدە تول ئەبرار»، «پەرھات شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەئىبى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت 5 داستاننى ئوز ئىچىگە ئالدۇ. شىنجاڭ دۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## ئەرسلاخان تەزكىرىسى

ئاپتورى: ماللا ئەيت

بۇ ئەسەردە: قاراخانىلار ئەۋلادىدىن سىيىت ئەرسلاخاننىڭ تۇغۇلۇپ تاكى ۋاپاتىغىچە بولغان ۋەقەلىكلەرنى مەسنەۋى ئۇس- لۇبىدا داستان قىلىپ يازغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ «ساقىنامە» دىگەن بىر ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادىمىيىسى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

جەھدىل مۇقىل (كەمبەغەلنىڭ تاقىتى)

ئاپتورى: خوتەنلىك قۇدرەتىللابىنى مۇھەممەت ئوشۇر

خوتەندە بولۇپ ئۆتكە ئىسلامچىلار تونىغا ئورۇنىۋالغان توپىلاڭچىلارنىڭ ئىسيانىنى تەسۋىرلىگەن داستان بولۇپ، ھىجرىيە 1354 - يىلى يېزىلغان.
قولیازما، ئۇيغۇرچە.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادىمىيىسى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

چاھار دىۋان (2 نۇسخا)

ئاپتورى: ئەلىشىر ناۋايى
شائىر بۇ ئەسەردىكى شېئىرلىرىنى 7 يېشىدىن ۋاپاتىغىچە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىغا قاراپ 4 دەۋرگە بولۇپ ئەرەپ ئېلىپبەسى تەرتىۋىدە يازىدۇ. 1 - بالىلىق چاغلىرى، 2 - يىگىتلىكنىڭ ئوتتەك كۈنلىرى، 3 - ئومرىنىڭ قىممەتلىك چاغلىرى، 4 - قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاش. سوز سەنئىتىنىڭ ئۇستازى باشقا ئەسەرلىرىدىكىدەك، بۇ ئەسىرىدە چىرايلىق سوزلەرنى تاللاپ ئوز تالانتىنى نامايىش قىلىدۇ. بۇ لىرىك شېئىرلاردا سىياسى ئىجتىمائى ۋەقەلەر، ئەخلاق، ئىلىم - پەن،

مۇھەببەت توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بار. كىتاپنىڭ باش تەرىپىدە ناۋايى ئىبارىلىرىگە تۈزۈلگەن قىسقا لۇغەتمۇ يېزىلغان. كىتاپ 1226 بەتلىك بولۇپ، 28800 مىسرادىن ئارتۇق شېئىر بار.
تىلى چىغتاي شىۋىسىدە، قولىيازما.
«شىنجاڭ كىتاپلار كاتالوگى»دىن.

## چاشتانى ئىلىگ بەگ

بۇ بۇددا رىۋايەتلىرىگە دائىر بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، تەخمىنەن قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇغى دەۋرىدە توخار تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدا چاشتانى ئىلىگ بەگ دىگەن بىر قەھرىمان شەخسى ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ياۋۇز جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، خەلقنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن قۇتقۇزغانلىقى ھىكايە قىلىنىدۇ. بۇ گەرچە بىر ئەپسانە بولسىمۇ بۇنىڭ ئارقىلىق خەلق كۆپچىلىگىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بەدىئى ۋاستىلەر بىلەن ۋە گۈزەل تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى، ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ئىلمىي ماتىرىيال بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى 1913 - يىللىرى گېرمانىيىنىڭ 3 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەتىرىتى تۇرپاندىن تاپقان. ھازىر بۇ نۇسخا بېرلىندا ساقلانماقتا. خەنزۇچە نۇسخىسى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «بۇددا نوملىرى توپلىمى» (26 - توم) غا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## چاھار دەرۋىش

ئەسلى تۈركىستانلىق ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋى (725 — 651 - يىللار) تەرىپىدىن يېزىلغان شەرق خەلقلىرىگە ئورتاق خەلق چۆچەكلىرى. چوڭ تىپتىكى بۇ چۆچەكنى ئاپتور مىڭ بىر كېچە ئۇسلۇبىدا ياراتقان. ياقۇپخوجا پاشاخوجا ئوغلى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھىجرىيە 1324 - يىلى موللا يۈسۈپجاننىڭ كىچۈرمىسى بىلەن تاشكەنتتە بېسىلغان.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## چاكمۇزا يۈسۈپخان

بۇ موللابىلال بىننى موللايۈسۈپ (1899 .. 1824 -) نىڭ 1881 - 1882 - يىللىرى يازغان داستانى، داستاندا قوقەندىن كەلگەن دىنى ۋە خوجا تونىغا ئورۇنىۋالغان بىر مەككار ئالدامچىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارچىلاشتەك سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ئۆتكۈر ھەجۋى تىل بىلەن پاش قىلىنىدۇ ۋە خەلقنى ئىناق - ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدۇ. ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇ داستان خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

## خەمسە ناۋائىي (2 پارچە)

بۇ ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «ھاتەم تاي»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھات شېرىن»، «بەھرام - دىلئارام» ۋە «ئىسكەندەر» ناملىق



Altun0q

داستانلىرىدىن ئىبارەت مەشھۇر ئەسىرى. 1901 - يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## خاراباتى

شۇ ناملىق شائىرنىڭ نەسىھەتنامە مەزمۇنىدىكى مەسنەۋى دىۋانى. ئەسەردە ئىجتىمائى ئەھۋال، نەسىھەت مۇناجەت تەرىقى - سىدە بايان قىلىنغان. ئاپتورنىڭ تەرجىمە ھالىغا ئائىت ياكى ئىسمى ھەققىدە كىتاپتا مەلۇمات يوق. ئەمما كىتاپنىڭ ئاخىرقى بېتىدە مۇللا خوجەش ناملىق بىر كىشى تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 1248 - يىلى يېزىپ تاماملانغانلىغى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ بۇ مۇئەللىپمۇ ياكى كاتىپمۇ ئېنىق ئەمەس.

كىتاپ 392 بەت.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## خاتىرە غەرىبى

شاھيادلىق خوجاميار ئىبنى مۇھەممەت (غەرىبى) ئاتلىق بىر كىشىنىڭ تەرتىپسىز تىممىسىز يازغان شېرى ۋە نەسرى خا - تىرىسى بولۇپ ھىجرىيە 1292 - يىلى يېزىلغان.

قولىيازما ئۇيغۇر تىلىدا

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەيرەتۇلئەبرار

ئاپتورى — ناۋايى. بۇ شېئرىي ئەسەردە ناۋايى ئۆز زامانىسىدىكى پادىشا سۇلتان، كەسپداش ئەدىپ، ئالىملار شەنىگە مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تەنقىدى كۆزقاراشلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. ناۋايىنىڭ بۇ ئەسىرى يەركەنت ئوردا كۆكبېشىلىق شائىر موللا ئىسھاق تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. جەمى 330 بەت بولۇپ، 2132 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## ھۆۋەيدا

ئاپتورى: 18 - ئەسىردە ياشىغان خوجام نەزەر

مەزمۇنى: تەرىقەتچىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ شېئرى توپلام ئېلىپبە تەرتىۋىدە يېزىلغان. توپلامنىڭ ئاخىرىدا شۇ زامانىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ ۋاپاتى، تارىخى ئەبجەت ھىساۋى بىلەن يېزىپ قويۇلغان.

230 بەتتىن ئارتۇق.

تاشكەنتتە بېسىلغان.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## ئوغۇزنامە (ئوغۇزخان ھەققىدە قىسسە)

ئوغۇزنامە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمان تۇغرىسىدىكى ئېپىك داستان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت

خەزىنىسىدىكى گوھەرلەرنىڭ بىرى.

بۇ داستان ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ 13 - ئەسىردە تۇنجى قېتىم قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۇرپاندا يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇ نۇسخا ھازىر پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

1606 - يىلى ئەبۇلغازى ئۆزىنىڭ «شەجەرئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئوغۇزنامىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلغان. نې-مىس ئالىمى دىتىس 1815 - يىلى تۇنجى قېتىم بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغانىدىن كې-يىن ھەرقايسى ئەللەردە بىرقانچە تىللاردىكى تەرجىمىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئوغۇزنامە — قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى. بۇ داستان ناھايىتى قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، قەبىلىلەر ئەھۋالى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى، تىل ئۆرپ - ئادەتلىرىنى مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرى-دۇ. ئۇ قەدىمقى ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى.

سىيە روھوخلىسىن

ئاپىتورى: شەمشىدىن ئىلى ئابدۇللا يىگسارى

ھىجرىيە 1280 - يىلى (مىلادى 1863 - يىلى) يېزىلغان تارىخىي داستان.

ئاپپاق خوجا ئەۋلادىنىڭ 6 شەھەردىكى ھەركىتى، ئاپ-پاقنىڭ موڭغۇللار بىلەن بىرلىشىپ، يەركەن خانلىقىنى ئاغدۇ-رۇپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىشى خوجىلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولىيازما، ئۇيغۇرچە.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## سادىر پالۋان

(1796 — 1871)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق قوشاقچىسى ۋە ناخشىچىسى سادىر پالۋان (سادىر خوش ئەخمەت) غولجا ناھىيىسى مولla توختى يېزىسىدا كەمبەغەل دېخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1864 - يىلدىكى ئىلى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىشتىراكچىسى ۋە قوزغىلاڭنىڭ ئەڭ قەيسەر باتۇر جەڭچىسى.

ئۇنىڭ دېخانلارنىڭ دات - پەريادلىرىنى ۋە ھوكۈمران سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان 100 نەچچە، كۈپلېت شىخى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

### شاھنامە

ئاپتورى: ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى، بۇ كىتاپ ھىجرىيە

1121 - يىلى ئەدىپ - پازىل موللا خاموش ئاخۇن يەر - كەنىنىڭ بارىسچىدىن تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بولۇپ «شاھنامە» نىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن ئىبارەت.

ئاپتورنىڭ يېزىشىچە باش تەرىپى مىلادى 1678 - يىلى خوجا جاھان خوجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئاخۇن موللا شاھ

ھىجران» ناملىق ئالىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن، لېكىن ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى خوجىلارنىڭ ئىسيانىدا كۆيۈپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ تىلى تولىمۇ پاساھەتلىك، باش - ئايىغىدىن 3 ۋاراق يوق. خېتى پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە ئوچۇق يېزىلغان. ئۇيغۇرچە 428 بەت كېلىدۇ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان.

## رابىئە سەئىدى

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم نىزارى

قەشقەرلىق رابىئە (قىز) سەئىدى (يىگىت) لارنىڭ ئىشقى پاجەسىنى تەسۋىرلەيدىغان تىراگېدىيىلىك داستان.

قوليازما، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن يىل ناملىرى يوق.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلاقتا.

## زۇپەرنامە شاھ باھادىرخان

ئاپتورى: يەكەن شائىرى موللا ئابدۇغاپپار، مىلادى 1853 - يىلى يازغان.

مەزمۇنى: تۇرپان ۋاڭ ئەۋلادىدىن يەكەنگە ھۆكۈمدار بولغان شاھ باھادىرخاننىڭ نەسەبى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا

Altunoq

قارشى 1848 - 1847 - يىللىرى ئاتۇش خەلقىنىڭ قوزغىلىڭ
ۋە قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتىكى باھادىرخان ھەرىكىتى بايان
قىلىنىدۇ. ئەسەر «ئارۇز» ۋەزنىدە يېزىلغان. كىرىش سۆزىدىن
تاشقىرى 4 مەقسەت، بىر مۇقەددىمە، 15 داستان، بىر خاتى-
مىسى بار. شائىرنىڭ ئۇسلۇبىدا ئالاھىدە مۇستەقىللىق بار، تىلى
چىرايلىق، ئوبرازلىق.

ئەسەر تولۇق، 2376 مىسرا بېيىت بار.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## زوپەرنامە

ئاپتورى: ئۇچتۇرپانلىق موللا شاكىر

ئىرىك — ئېپىك پوئېما ئاپتور بۇ ئەسەرنى 61 يېشىدا
يەنى ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى يېزىپ تاماملىغان.

مەزمۇنى: 1863 - يىللىرى كۇچاردا بولۇپ ئۆتكەن
چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىبدات زۇلمىغا قارشى دېھقانلار قوز-
غىلىڭى ۋە بۇ قوزغىلاڭنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىغا قانات يايغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق. قوليازما، ئۇيغۇرچە، 230 بەت. 3820
مىسرا بېيىت بار.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## زۇبدەتۇل مەسائىل (2 نۇسخا)



www.uyghurkitap.com

ئاپتورى: مۇھەممەت سادىق كاشغەرى

ئاپتور بۇ ئەسەرنى ھىجرىيىنىڭ 1260 - يىلى يېزىپ چىقىپ قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمانبېككە تەقدىم قىلغان.
شەرىئەت قائىدىلىرىنى، خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىر-قانچە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ھىكايە قىلىدۇ.
قولىيازما، ئۇيغۇرچە.
شىنجاڭ موزېيىدا ساقلانماقتا.

## زوپەرنامە

ئاپتور نامەلۇم

تارىخىي داستان. 19 - ئەسىردە شىنجاڭدا چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى دېخانلار قوزغىلىڭى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ گۇماشتىسى ياقۇپبەگ (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يېزىلغان مەسنەۋى داستان.
بۇ داستان 9 باپقا بۆلۈنگەن. 1 - 2 - بابى چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قوزغىلاڭ ئەرپىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، 3 - بابى كۇچار قوزغىلىڭى، 4 - بابى يەركەنت قوزغىلىڭى، 5 - بابى قوزغىلاڭنىڭ كېڭىيىشى، 6 - بابى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، 7 - 8 - بابلىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ خوتەن، كۇچارنى ئىشغال قىلىشى، 9 - بابى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى - ئەتكەنلىرى قاتارلىقلار كىتاپتا 2460 بەتتىن ئارتۇق بېيىت بار، ئاپتور بۇ ھادىسىلەرنى ئاددى

تىل بىلەن ناھايىتى چىرايلىق تەسۋىرلەيدۇ. شېئىرنىڭ سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## فارابى

ئۇلۇغ تۈرك (ئۇيغۇر) پەيلاسوپى ئۇزلۇك تارخان مۇھەممەت ئوغلى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت فارابى قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان فاراب شەھىرىدە 870 - يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپكى بىلىمنى فاراپ شەھىرىدە ئالغان. كېيىن بالاساغۇن قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. ئۇ بۇ جايلاردا بىلىم تولۇقلىغاندىن كېيىن ئىسلام ئەللىرىگە ساياھەت قىلىپ باغدات، ئىران، مىسىر، سۇرىيىلەردە بولغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەجادىي پائالىيىتىنى شۇ جايلاردا ئۆتكۈزگەن. بۇ جايلاردا ئۇ ئەرەپچىنى پىششىق ئۆگەنگەن. پەلسەپە، تارىخ، ئاسترونومىيە قانۇن تىبابەت مۇزىكا ئىلىملىرىدە بولۇپمۇ ئىسلام پەلسەپىسىدە تۇنجى قۇرغۇچى ھەم ئىككىنچى ئۇستاز نامى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولغان.

فارابىنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەپچە - پارسچە يېزىلغان. ئۇ پەلسەپە جەھەتتە «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (بىلىملەر بايانى) ناملىق داڭلىق ئەسەرنى يازغان. ئەدەبىياتتا، «كلام فى الشعر ۋالقۇرانى (شېئىر قاپىيىلەر ھەققىدە، ھەرپلەر ۋە تەلەپپۇز توغرىسىدا)» دىگەن ئەسەرى، مۇزىكىدا «كىتاپ ئەل - موسقى ئەلكەبىر» دىگەن ئەسىرى، تىبابەتتە «مەدىنە تولغازىلە» ناملىق ئەسەرلىرى مەشھۇر. فارابىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسىرى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلغان.

فارابى ملادى 950 - يىلى 80 ياشتا دەمەشىق شەھ-
رىدە ۋاپات بولغان.

فارابىنىڭ تۈركىيىدە 20 نەچچە خىل ئەسىرى ساق-
لانغان، بىزدە بولسا بىر نەچچىسىلا ساقلانغان.

## قىسسەئى رەبغوزى (قىسسەسۇل ئەنبىيا)

ئاپتورى: ناسىرىددىن بورھانىددىن ئوغلى رەبغوزى

رەبغوزى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 - ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا ياشىغان. ئۇ «قىسسەسۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەر ھەق-
قىدە قىسسە») دېگەن مەشھۇر تارىخىي ئەدەبىي ئەسەرنى
يازغان.

بۇ ئەسەر 72 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ
ئەسەرنىڭ خاتىمىسى، باپلارنىڭ خۇلاسىلىرى ۋە مەدھىيىلەر
نەزىم بىلەن يېزىلغاندىن تاشقىرى ئاساسىي قىسمى نەسرى
ئۇسلۇپتا يېزىلغان. ئەسەردە «يۈسۈپ - زىلەيخا» قىسمى ئاساسىي
ئورۇن تۇتقان بۇ ئەسەردە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ساداقەت،
سەمىمىيەت، ياخشىلىق ۋە شائىرنىڭ گۈزەللىككە بولغان قاراش-
لىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## قىسسە ئىبراھىم ئەدھەم

ھىجرىيىنىڭ 3 - ئەسىرىدە ياشىغان بەلخ لىق دەرۋىش-
لەردىن ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ قىسسىگە ئاساسەن توقۇلغان

ئىشقىي داستان.
تىلى ئۇيغۇرچە، 1335 - ھىجرىيىدە تاشكەنتتە بىسىلغان.
ئاپتورى نامەلۇم.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقـ-
لانماقتا.

## يۇسۇپ خاس ھاجىپ

### ۋە «قۇتادغۇبىلىگ»

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىمى ۋە داڭلىق شائىرى. «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى ھىجرىيە 462 - يىلى (مىلادى 70 - 1069 - يىللىرى) يېزىلغان. بۇ داستاننى قاراخانىلار خانى قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سولەيمەن ئەرسلانغا تەقدىم قىلغان.

«قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ھازىرغىچە بولغان 3 نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. بۇ نۇسخىلار كىتاپنىڭ يېزىلغان دەۋرىدىن خېلىلا كېيىن كۆچۈرۈلگەن. ئەپسۇسكى، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قولىمىزغا كەلمىدى. ھازىرچە ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان ۋېنا، مىسىر، پەرغانە نۇسخىلىرى بار. بۇ نۇسخىلار ھازىرغىچە ۋېنادا "ساراي كۇتۇپـ-خانىسى» دا ساقلانماقتا.

ۋېنا نۇسخىسى 72 باپ جەمى 5971 بېيىت 1194 مىسرادىن ئىبارەت.

2 - مىسىر نۇسخىسى. بۇ قاھىرەدىكى كۇتۇپخانىدا ساقـ-

لانغان نۇسخىسى بولۇپ 75 باپ 5800 بېيت 11600 مىسرا. بۇ نۇسخا قاھىرىدە، ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغان نۇسخا كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى 14 - 13 - ئەسىرلەردە بولۇشى كېرەك دەپ تەخمىن قىلىنماقتا.

3 - پەرغانە نۇسخىسى. بۇ پەرغانىدىكى كۇتۇپخانىدا ساقلانغان نۇسخىسى بولۇپ بۇ نۇسخىسى 72 باپ 6095 بېيت، 12190 مىسرادىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ باي، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ئاساسەن، دۆلەتنى باشقۇرۇش يوللىرىنى ۋە شائىرنىڭ پەلسەپە ھەم ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسۇلدا، يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاستىسى، كۆركەم ئەدەبىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. ئەسەردە تاللاپ ئېلىنغان ئوبرازلار پادىشا كۈن تۇغدى، ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى، ۋەزىر ئايتولدى، بەخت - سائادەت (قۇت) سىمۋولى ۋەزىر ئوغلى ئۆگدۈلمىش - ئەقىل - ئىدراكقا، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى ئۆزغۇرمىش بولسا — قانائەتكە سىمۋول قىلىنىدۇ. بۇنى بايان قىلىشتا تۆت شەخسنى ئوتتۇرىسىدىكى سىرھبەت - مۇنازىرىلەرنى سوئال - جاۋاپ بىلەن قانات يايدۇرىدۇ. مۇشۇ خىل سوھبەت - مۇنازىرە ئارقىلىق ئاپتور ئۆزىنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئەقلاق مەسىلىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى جەمىيەتنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ھەر بىر تەبىقىلەرنىڭ بىر بىرسى بىلەن مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمىيەتتىكى تۇتقان ئورنى، رولى تېغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئوردا خادىملىرى، جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ بۇرچى ئۈستىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا ئەينى دەۋرىدىكى

قارا خانىلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ئىلغار ئىدىيىلەرنى جەملىگەن. مانا بۇلار ئەسەرنىڭ قىممەتلىك تەرىپىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ 3 خىل نۇسخىسى (فىرجى قىلىنغان نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## كۇللىيات فۇزۇلى

ھىجرىيە 980 - يىلىدا تۇغۇلۇپ كېيىن باغداتتا ياشىغان. كىلاسسىك شائىر (مۇھەممەت فۇزۇلى) فۇزۇلى پارس ۋە تۈركى تىللاردا ھەر خىل تېمىلاردا يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن يېقىن شەرقتە 2 - ناۋايى دەپ نام چىقارغان.

فۇزۇلىنىڭ بۇ تاللانما ئەسىرى ئىچىدە «لەيلى مەجنۇن» داستانىنى تەسۋىرلەيدىغان پارچىمۇ بار. بۇ كىتاپ 1883 - يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان.

تىلى ئۇيغۇرچە.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## كىتابى غېرىب

ئاپتورى: تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ (غېرىبىي)

قەشقەرلىق شائىر تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ (غېرىبىي) قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدارى زوھۇرىددىن ھاكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ كىتاپنى يېزىپ چىققان.

مەزمۇنى: شۇ دەۋردىكى 32 خىل كەسپنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلىرىنى ئۆتكۈر تىل بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئەسەر 36 ماۋزۇ، 58 سوئال ـ جاۋاپتىن تۈزۈلگەن.

قوليازما، تىلى ئۇيغۇرچە. 2150 مىسرا بېيىت بار.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

يۇسۇپ ئەخمەت (5 نۇسخا)

ئېتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان خەلق داستانى بۇ داستان ئاكا ـ ئۇكا يۇسۇپ ئەخمەتلەرنىڭ تىراگىدىيىلىك قىسمىتى بىرلۇپ مۇھەممەت ئىمىن ناملىق كىشى تەرەپتىن كۆچۈرۈلگەن.

تىلى ئۇيغۇرچە، ئاپتورى، يىللىرى مەلۇم ئەمەس.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

يۇسۇپ ـ زىلەيخا

ئاپتورى: موللا يۇنۇس يەركەندى

ئاپتور بۇ ئېپىك داستاننى مەۋلانا ئابدۇرەخمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان شۇ ناملىق داستانىغا تەقلىت قىلىپ 1222 ـ ھىجرىيىدە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. لېكىن ئەسەر جامىنىڭ كىتاۋىدىن تىل، مۇستەقىل سىيۇژىت ۋە بەدىئى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. داستان 72 ماۋزۇدىن

ئىبارەت. ئۇنىڭ كىرىش قىسمى كىتاپنىڭ يېزىلىشى سەۋەبى، مۇھەببەت، ئىلىم، تىل ھەققىدە يېزىلغان، قالغان باپلاردا يۈسۈپ-زۇلەيخانىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان.

قولىيازما، ئۇيغۇر تىلىدا. 394 بەت بولۇپ 9048 مىسرا بېيىت بار.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## تارىخىي شەجەرەئى تۈرك

(تۈرك قەبىلىلىرى تارىخى)

ئاپتورى: خىۋەخانى ئوبۇلغازى باھادىرخان

ھىجرىيە 1014-ۋە 1074-يىللىرى يېزىلغان.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى: تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان بولۇپ بۇ ئەسەردە، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى — قارلۇق، ئۇيغۇر، قىرغىز، ئويراق، نايمان خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسىملىرى، جايلاشقان ئورنى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشلىرى، تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرى، ئوغۇزخان ھەققىدە قىسسە، ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، قەدىمقى ماكانى، توققۇز ئۇيغۇر ئون ئۇيغۇرنىڭ بىرلىشىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش دەۋرى، ئاخىرقى باپلاردا چىڭگىزخانىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئىستىلا دەۋرى، چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈستىدە كەڭ بايان بېرىلگەن.

ئاپتور خانلىق دەۋرنى يېزىپ تاماملىغان، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت باھادىرخان ئەسەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىنى بايان قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ نېمىسچە، فرانسۇزچە تەرجىمىلىرى 1726 - يىل ئېلان قىلىنغان.

بۇ نۇسخا قازاندا بېسىلغان 22 بەت.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## تارىخىي ئەمىنە

ئاپتورى. موسا سايرامى ئەيسا خوجا ئوغلى. يېزىلغان ۋاقتى

ھىجرىيە 1321 - يىلى.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى: 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن (6 شەھەر ئەھۋالى) ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە نوھ پەيغەمبەر ۋاقتىدىن بېرىقى تۈرك قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۈرك خانلىرى، چىڭگىزخان دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ۋەقەلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ. 2 - باپتىن 6 - باپقىچە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ دىخانلار قوزغىلىڭى، قوقەنت خوجىلىرىنىڭ دىخانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشى، ئەنگلىيە ۋە چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۆزمىتىسى ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى، ئۇنىڭ ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتى، ئۇنىڭ چىڭ قوشۇنلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن يىمىرىلىش ئەھۋالى، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

AltunOq

ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوبدان يورۇتۇپ بەرگەن. ئاخىـ
رىدا 6 شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، ئومۇمى ئورپـ
ئادەت ئېتنوگرافىيىگە دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن، بۇ ئەسەردە شېـ
رىيەت بىلەن ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلغان جايلارمۇ بار. بۇ
ئەسەر ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئەسلى قولىيازمىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى 230 بەت.
شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىـ
قات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## غەزەليات

ئاپتورى: موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ. مىلادى 1851 -
يىلى يېزىلغان.

غەزەليات 2000 مىسرادىن ئارتۇق غەزەللەرنى ئۆز ئىـ
چىگە ئالغان دىۋان بولۇپ ئاپتور بۇ شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىگە
نىسبەتەن ئىلغار ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەر-
كىنلىك، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلىپ مەنچىڭ
دەۋرىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلۇمى ئۈستىدىن شىكايەت
قىلىدۇ. خەلقنى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

## غازات دەرمۈلكى چىن

(جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشى)

ئاپتورى موللا بىلال بىننى يۇسۇپ (نازىمى) 1889-
1824) غولجا شەھەردە مۇزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

موللا بىلال بىنى يۇسۇپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى. ئاپتور مىلادىنىڭ 1875 - يىلى «غازات دەر مۇلكى چىن» ناملىق داستانىنى يازغان. داستاندا: 1864 - يىللىرى ئىلىدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كوتىرىلگەن دىخانلار قوزغىلىڭىنى يازغان. بۇ ئەسەردە ئىلى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلىدىكى ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشى. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاخىردا چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ 1871 - يىلى ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋىلىشى، ئۇنىڭ ئىلى رايونىدا يۇرگۈزگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. بۇ ئەسەرگە نۇرغۇنلىغان خەلق قوشاقلىرىنى كىرگۈزگەن. بۇ ئەسەر قازاندا بېسىلغان.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادىمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## غېرىپ - سەنەم

خەلق داستانى 1343 - ھىجرىيە يىلى خوتەنلىك مۇھەممەت يۇسۇپ تەرىپىدىن كوچۇرۇلگەن قولیازما 100 بەت كېلىدۇ. شىنجاڭ پەنلەر ئاكادىمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا.

## گۇلزار بىنىش

ئەدىپ ناقىس (قەشقەر يېڭىسارلىق ساۋداخۇن خاتىپ 1887 - يىلى (ھىجرىيە 1907 - يىلى) باھاردا ئىمران يازغۇچىسى سەيىخ غىنايىتۇللا (ۋاپاتى 1677 - يىلى)نىڭ «باھار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رانىش» ناملىق زور رومانى پارىس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا شېئىر بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى «گۇلزار بى-نىش» دەپ ئاتىغان.

ئەسەر تولۇق ئەمەس، تەرجىمە رومانىنىڭ 4 - ھېكايىسىگە كېلىپ توختاپ قالغان. ئەسەر 244 ۋاراق شائىرنىڭ كۆپىيە-سى بويىچە ساقلانغان. ئاخىرىدا پارچە شېئىرلىرىمۇ بار.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## لۇتفى

لۇتفى 15 - ئەسىردە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ ھاياتىنى ھېرات شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ زامان-داشلىرىدىن بولغان سەككاكى قاتارلىقلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەرلەرنى يازغان ۋە شۆھرەت قازانغان، لۇتفىنىڭ پارس تى-لىدا يازغان بىرقانچە ئەسەرلىرى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۇ تىلىدا يېزىلغان مۇكەممەل بىر دىۋانى بار بولۇپ ئۇنىڭ بىرقانچە قولىيازما نۇسخىلىرى — ھا-زىر تاشكەنت، لېنىنگراد، بىرىتانىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. بۇ دىۋانى — 280 غەزەل، ئىككى قەسىدە 18 قىتئە ۋە بىر-قانچە تۇيۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لۇتفى بۇ ئەسىرىدە رېئال ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، ئادالەت، سائادەت، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان.

لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1465 - يىلى ۋاپات بولغان.

ئاپتورى: مىرزا مەھمۇت جاراس

ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى يوق.

مەزمۇنى: ① كورخان - كوشلۇق توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن②. چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىشغال قىلغان يەرلىرى، ئۇلارنىڭ دەۋرى③ چىغتاي ئەۋلادىدىن بولغان 15 ئەۋلاتقا يېقىن خانلارنىڭ قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان خانلىق سەلتەنەتلىرى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجاللار بايان قىلىنغان. ئەڭ ئاساسلىغى، تۇغلۇق تومۇر ئەۋلادى، سەئىدخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئابدىرشىت خان ھەققىدە كەڭ مەلۇمات بەرگەن. ئابدىرشىت خان ئۈستىدە بىرقانچە كۈپلېت شېئىر بار. ئابدىرشىت خان دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق مۇزىكىسى 12 مۇقامنىڭ ئامانىسا خېنىم تەرەپتىن رەتلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن. تۇغلۇق تومۇر ئەۋلادىدىن بولغان 15 كە يېقىن خانلىقلارنىڭ ئەھۋالى ۋە كېيىنكى ھوكۈمدارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان.

ئەسلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى

شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## مەھزونىلۋاھىزىن

ئاپتورى: نورۇزاخۇن كاتىپ

بۇ قەشقەرلىق نورۇزاخۇن كاتىپ (زىيائى) نىڭ تەسەۋۋۇپ داستانى بولۇپ ئەينى زاماندىكى قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىدىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھىجرىيە 1259 - يىلى يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزمۇنى: ھەر خىل سىياسى، ئىلمى، دىنى تەنبىھ، تە-
سەۋۋۇپلا ئارقىلىق ھاكىملارنى ئادالەتكە چاقىرىدۇ. ئەسەر 6
ماۋزۇ 7 ماقالا 5 تەنبىھ، ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

قولىيازما، 200 بەت. 480 مىسرا بېيىت بار.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكامە

ئاپتورى: مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ئوغلى خىرقىتى

قەشقەر ۋىلايەت"تازغۇن" يېزىسىدىن (ۋاپاتى 1724 - يى-
لى) شائىر بۇ لىرىكىلىق پوئېمىسىنى 1670 - يىلى ئاپپاق خوجى-
نىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ يۈرگىنىدە يازغان. كىتاب چوڭقۇر
لىرىكا، رومانتىك خىيال ئارقىلىق ئاپپاق خوجا دەۋرىنىڭ (ئۇ-
نىڭ ۋاپاتى 1693 - يىلى) سىياسى، ئىجتىمائى ئەھۋالىنى سابا،
بۇلبۇل، قىزىلگۈلنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ. كىرىش
سۆزدىن تاشقىرى 47 بابتىن تۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئۈچى ئەسەر-
نىڭ باشلىنىشى بىلەن خاتىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىگىر-
مىسى پەيغەمبەرلەرگە مۇراجەت 24 ى سابا، بۇلبۇل قىزىلگۈل
توغرىسىدا 3216 مىسرا بېيىتتىن تەشكىل تاپقان.

ئۇيغۇرچە 198 بەت كېلىدۇ.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.


AltunOq

## مەشھۇرنۇاھا قايىق

ئاپتورى: مەۋلانا لۇتفى: (ۋاپاتى 1465 - يىلى)

بۇ ئەسەرنى بەركەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەت ھۆسەيىنبەگ ئوغلى تاجى مۇھەممەتبەگ 1812 - يىللىرى شېئىرىي نۇسخىسىنى نەسرى يول بىلەن شەرھىيلىگەن ۋە بۇ ئەسەرگە «دەخولۇلجان ئەبۇا - بۇلبۇل» دەپ نام قويغان.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى: ھەقىقەتنى تەرىپلەش ئاساسىدا بولۇپ ھەقىقەت توغرىسىدا يازغان بىرقانچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئەسلى قولىيازما 514 بەت.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## مەرسىيە غېرىب

ئاپتورى غېرىب، خوتەن شائىرلىرىدىن غېرىب تەخەللۇسلۇق بىر كىشىنىڭ شېئىرىي ئەسىرى، شېئىرىي سەنئەت يېقىدىن خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا خوتەن خانلىرىدىن بىرىنىڭ ئولۇمىگە ئاتاپ مەرسىيە يازغانلىقى ئۈچۈن بۇ دىۋانچىغا باشقا بىر كىشى تەرەپتىن «مەرسىيە غېرىب» نامىنى يېزىپ قويغانلىقى ئېيتىلغان.

ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. كىتابنىڭ باش- ئايىغى بولمىغانلىقتىن شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى، ياشىغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس.

شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساق-
لانماقتا.

مۇھەببەت داستانلىرى

ئاپتورى: ئابدۇرەھىم نىزارى

شائىر بۇ ئەسەرنى 1834-1838-يىللىرى تۇرپان ۋاڭى
ئەفرىدوننىڭ تەكلىۋى بىلەن قەشقەردىن تۇرپانغا كېلىپ يېزىپ
چىققان. بۇنىڭغا ئەينى زاماندىكى قەشقەر ۋالىسى زوھۇددىن
ھېكىم تەشەببۇسكارلىق قىلغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بەكمۇ كەڭ
«رابىيە-سەئىددىن»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «چاھار دەرۋىش»، «ئەسھا
بۇلكەھىپ»، «لەيلى-مەجنۇن»، «مەھزۇن-گۇلنىسا»، «پەرھات-
شېرىن» قاتارلىق 7 داستاندىن ئىبارەت. بۇنىڭ ھەممىسى ئارۇز
ۋەزنىنىڭ «پەئۇلۇن، پەئۇلۇن، پەئۇل» شەكلىدە يېزىلغان. شەك-
لى يېقىندىن «خەمسە ناۋايى»غا ئوخشايدۇ.
ئەسەردە 24000 مىسرا بېيىت بار. قولىيازما. تىلى
ئۇيغۇرچە 387 بەت كېلىدۇ.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

مەھبۇبولقۇلۇپ

ئاپتورى: ئەلىشىر ناۋايى، نەسرى-نەزىم ئارىلاش ئۇسلۇپتا
يېزىلغان. 41 باپقا ئايرىلغان. ئۇز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائى ئەھ-

ۋالى، ھەر خىل كەسپلەرنىڭ ئەھۋاللىرى، شۇ ۋاقىتتىكى پادى-
شالارنىڭ خۇي-پەيلى تەسۋىرلەنگەن. كىتاپنىڭ بېشىدا ئاپتور
تەرجىمىھالىغا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن. بۇ كىتاپ شائىر
توختى مۇللا يولداش ئوغلى تەرىپىدىن 1210-ھىجرىيىدە كۆ-
چۈرۈلگەن قوليازما بولۇپ 60 بەت كېلىدۇ.
شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساق-
لانماقتا.

## نوزۇگۇم

ئاپتورى: موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ

ئاپتور مىلادى 1882-يىلى «نوزۇگۇم» قىسسىسىنى
يازغان. 18-ئەسىردە جۇڭغار خانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى ھەر-
كەتلەر تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى قاپلىغان ئىدى، دەل
مۇشۇ چاغلاردا زۇلۇمغا قارشى باش ئەگمەس كۆرەشچان روھقا
ئىگە، ئەركىنلىك يولىدا ئېگىلمەس-پۈكۈلمەس كۆرەش قىلى-
غان، ئۇيغۇر قىزى نوزۇگۇم زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا
قاتنىشقانلىقى ئۈچۈن ئولجىغا سۈرگۈن قىلىنغان.
ئاپتور نوزۇگۇمدەك دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ داڭلىق ۋە-
كىلىنى بەدىئى ئوبراز قىلىپ نوزۇگۇم قىسسىسىنى يازغان.
نوزۇگۇم قىسسىسى تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى
ئىچىدە خەلق داستانلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە.

## ناۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا

ئاپتورى: ئۆمەر ھۈسەيىن سابىرى

ئاپتور 1840-يىلى قەشقەر ھۆكۈمدارى زوھۇرىددىن ھاكىمنىڭ تەكلىۋى بىلەن ناۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەرى»سى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئەسەردە ناۋايىنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ كىتابتا «خەمسە ناۋايى» شەيخ سەئىدى ھاپىز شىرازى «خەمسە نىزامى» ئوخشاش مەشھۇر كىتاب ۋە ئاتاقلىق شائىرلاردىن مىسرالار كەلتۈرۈلگەن. شۇنداقلا ناۋايىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسەرلىرى بار. ھەممىنى جەملەپ تولۇق بىر كىتاب قىلىپ 1856-يىلى كۆچۈرۈپ چىققان. باش-ئايىغى يوق بىر-تۈپ 70 ۋاراق.

شىنجاڭ دۆزپىيىدا ساقلانماقتا.

## نورۇزنامە

ئاپتورى: شاتۇرشابىننى ئاخۇن

ئاپتور 1354-ھىجرىيىدە دىخانلار يىلى ھىساۋىدا نورۇز (يېڭى يىل)غا بېغىشلاپ، دىخانچىلىقنى، دىخانلارنى ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك نىچىر ئىللەتلەرنى مەككار كاسىپلارنىڭ تۈرلۈك ئەھۋاللىرىنى مەسخىرە قىلغان، ئۇلار ئۈستىدىن كۈلۈپ يازغان شېئىرلىرىنى توپلام قىلغان. ئۇيغۇرلارلا بۇرۇن بۇ نورۇز بايرىمىنى (دىخانلار

يىلىنى) ھەر تۈرلۈك داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشنى رەسىم قائىدە قىلىۋالغان. شائىر ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز-لىرىنىڭ پەسھە سوزلىرى بىلەن يېڭى يىلغا بېغىشلاپ شېئىرلار تۈزگەن. بەزمە، مەشرەپ، ھەر خىل ئويۇنلار ئۆتكۈزۈشلەردە بېكىلا نەسىيە ئوقۇشاتتى......

بۇ كىتاپ ئەسلى قولىيازما، ئۇيغۇر تىلىدا

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىنبەگ

ئاپتورى: موللا سىددىق يەركەندى

ئەدىپ ۋە ئالىم موللا سىددىق يەركەندى (ھىجرىيە 1228-يىلى) «خەمسە ناۋايى»نى شېئىر داستاندىن پىروزا شەكلىگە كەل-تۈرۈپ تۈزۈپ چىققان. بۇنىڭغا يەركەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىنبەگ تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۆز ئەسى-رىگە «نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىنبەگ» دەپ نام بەر-گەن. ئەسەر تولۇق «خەمسە ناۋايى»نىڭ «سەئبەئى سەييار» داس-تاندىن باشقا «بەھرام»، «پەرھات-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنىمۇ كىرگۈزگەن. «سەئبەئى سەي-يارە»نىڭ ئورنىغا ناۋايىنىڭ «مۇنتىقۇتتەير (قۇشلار سوھبىتى)» ناملىق پوئېمىسى ھېكايە قىلىنغان. بۇ نۇسخا مىلادى 1852-يىلى يەركەن شەھرىدە كوچۈرۈلگەن.

تىلى ئۇيغۇرچە 862 بەت.

شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانغان.

AltunOq

# كىچىك لۇغەت

تەرھى — پىلان، لايىھە

سەۋرى ئازاد — كېلىشكەن (سۇمباتلىق)

شەجەر — دەرەخ

ھەجەر — تاش

دىلپەرىز — چىرايلىق

تەھىيەت — سالام

پىشە — ھۈنەر

ئىكتىساپ — ئۆگەنمەك (كەسپ)

مىزنى مەفھۇم ئۇلچەم قائىدىلىرى

دىلبەند — ئىزىز

رەخت — مال - مۈلك (دۇنيا)

پۇر — ئوغۇل

ھەسىر — بورا

سەردىرە — تەخت

تەھنىيەت — مۇبارەك

دەستىگىر — ياردەمچى

مەرد — ئەر

ئەنجۇم — يۇلتۇز

ئىھسان — تاماق

مەھەييار — ئورۇنلاش، بېجىرىش

ئىجلاس — قائىدە، رەسمىيەت

ئوقبا — ئاخىرەت

كوشاد — ھۈنەر

راھى — يولى

گۇلگۈن — قىزىل مەي

سەرگىران — مەس

رەزم — جەڭ

ناس — خالايىق

تەھەييۇر — ھەيران

راھ — شاراپ

تەۋسەن — تۇلپار

گەنجۇر — غەزىنىچى

ئەنۋەر — نۇر

تەئەممۇل — چوڭقۇر

رەفتى — يوقىتىش

راھ — يول

شامى تىرىگلىك — ھاياتىمنىڭ ئاخىرى

خەيلى — ئەسكەر

ھىجاب — پەردە

نەررە — ئەركەك (شىر)

بىشە — جاڭگال

زەيلى — ئۆڭكۈر

بىشە — توقايزار

چەشمە — بۇلاق

سىنەسى — كوكسى

بادە — شاراپ

بەزىل — سوۋغات

مەراھىل — مەنزىل

سەركەشان — ئىگىز

كەھكەشان — سامان يولى

نىدا — خىتاپ

فەزا — مەيدان

بەھرى — دېڭىز

كوھ — تاغ

ئەركان — ئەرباپ

ئەئيان — مەنسەپدار

ھامۇن — تۈزلەڭ

زىبا — ھۆزۈر

نىياز — ئۆمىد

ماھى تابان — تولۇن ئاي

جەبىھەسى — پېشانىسى

دۇرەخشان — قۇياش

ئائىنە — ئەينەك

شىكەستە — ۋەيران قىلىش

لوتۇ — مەرھەممەت - ساخاۋەت

خۇرشىد — قۇياش

تەھەممۇل — سەۋىر

تەخەييۇل — ئويلاش

خۇمۇل — غايىپ

ئەشكىبار — ياش ئاققۇزۇپ

تەسكىن تايىب — خاتىرجەم بولۇپ

ماھۋەش — ئاي يۈزلۈك

ئەفسۇر - مۇردا

ئەرغۇۋان — قىزىل

دەغدەغە — ساقىيىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەۋەھھۇن — قورقۇش
جۇۋان — ياش يىگىت
بىمارلىق — ئاغرىپ قېلىش
سىھەت — شىپا
سەترە — بەت
خۇلد — جەننەت
ئەختەر — يۇلتۇز
سامى — ئاڭلىغۇچىلار
مەشرىق — شەرق
مەغرىق — غەرپ
گەردۇن — دۇنيا، ئاسمان
ئاساسى — تۈۋرۈك
فۇزۇن — كوپ، كاتتا
ماجازەن — بالا
زىبا — نۇر
دايە — ئىنىگئانا
ئەنھار — ئۆستەڭ
رەفىق — يېلداش
سەركار — ئىش بېشى
تەبەر — جوتۇ
سابا — شامال
جازا — مۇكاپات
قىللاجى — سىرتماق
ئەھسەن — چاۋاك
ئەندۇھ — قايغۇ - ئەلەم

فورقەت — جۇدا
ئەبھار — دەريا
راھزەت — قاراقچى
ھوشمەند — ھۇشيار
يالبال — قانات
جىرم — (خاتا) گۇنا
سىپاھ — ھەربى
مۇئەتتەر — كوڭۇل ئېچىش
مۇھەندىس — ئىنژېنېر

پىشەر — ھۈنەرۋەن
مىئمار — بىناكار
مەرغۇپ — ياخشى
خىرەد — ئەقىل
فەسانە — ھېكايە
سەنگە تاراش — تاشچى
نىگار — سىزىش (رەسىم)
سەيقەل — زىننەت
ھەۋزى پەرىد — كول
ئەينۇل ھايات — ھايات بۇلىغى
نەھرۇننجات — نىجاتلىق دەرياسى
جاۋىدانى ھايات — ئەبەدى ھايات
بادپايى — چاپقۇر ئېتى
سەركەشلىك — كەپسىزلىك
بەرق باددەك — چاقماقتەك

رەئد — گۈلدۈرماما
كار — ئىش
ئەشك — ياش (كۆز يېشى)
لال — ھەيران
سەمەند — ئات
قۇللە — چوققا
تازىيا — قامچا
ئەفسەر — تاج

ئاب — سۇ
ناۋدان — نو
رىزۋان — جەننەت
مۇغەننى — سازەندە
ئەپسۇر — گەۋدە
رەسۇل — ئەلچى
خىرەرمەندە — ئىش بىلمەيدىغان
ھۆۋەيدا — ھادىسە
راماد — كۆيۈغۇل
ھەنگامە — ئەگمە (پارالك)
مىزاجى — مىجەزى
ئاسار — تەلۋە (ئاساۋ)، شاش ئات
ئەغيار — يات
مەلۇل — خاپا
قەريە — يېزا

نۆكى — شېكەر
زەن — ئايال
رەقس پەرۋاز — ئۇسسۇلچىلار
فەن — ھۈنەر
شەمسار — شەرمەندە
خاك — تۇپراق
كاھ — سامان
كوھكەن — تاغ كېسەر
فەزايىل — قابىلىيەت ـ پەزىلەت
بەلىيات — ئاپەت، بالا ـ قازا
مۇشتەرى — چولپان
دۇرجى — ساندۇق
خرەد — زېھنى
مەنازىل — ئۆتەك (قونالغۇ)
زال — مومای
ۋەسۋاس — ئازماق، ئېزىش

تۈزگۈچى: زوردۇن سابىر

www.uyghurkitap.com

## نەشرىياتتىن

نەشرىياتىمىز 1980-يىل 6-ئايدىن باشلاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەجمۇئەسى — «بۇلاق» نى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى. «بۇلاق» هازىرچە ئۈچ ئايدا بىر قېتىم چىقىدۇ.

«بۇلاق»نى نەشر قىلىشتىكى مەقسەت — پارتىيىنىڭ مىللى ئەدەبىي مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە مول قەدىمقى ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش هەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان هەر خىل ژانىر شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر مەسىلەن، داستانلار، خاتىرىلەر، تەرجىمىهال، خەلق داستانلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، رىۋايەتلەر، ماقالا-تەمسىللەر، هەزىل-چاخچاقلار ۋە تارىخىي قىممىتى بولغان خەلق قوشاقلىرى. كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدە-

AltunOq

بىياتىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى، ئىلمىي مۇلاھىزىلەر ۋە شۇ خىلدىكى ماقالىلار.

تەلەپ: ئەسەر ئەۋەتكەندە ئەسلىگە سادىق بولۇش، بىر-قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسى بولۇشقا دىققەت قىلىش، ئېنىق، پاكىز كۆچۈرۈلگەن بولۇش كېرەك. يېڭى تېپىلغان ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى كۆرسىتىلىشى لازىم.

«بۇلاق»تا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرگە بەلگىلىمە بويىچە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ، ئەسلى ئارگىنال قايتۇرۇلمايدۇ.

ئادرېس: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «بۇلاق» تەھرىر گۇرۇپپىسىغا دېيىلسە بولىدۇ.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

www.uyghurkitap.com

"源　　泉"（1）
（维吾尔古典文学丛刊）
（维吾尔文）
新疆人民出版社编辑出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 $11\frac{1}{2}$ 印张
1980年8月第1版　1981年1月第1次印刷
印数：1—20,000
统一书号：M10098·376　定价：0.66元